ISSN 1002-9044

# تارىم

7

1995

ISSN 1002-9044

07>

9 771002 904009



تۇرمۇش قاينىمىدا



تۇرپاندىكى قىممەتلىك
ئۇچرىشىش



راۋاب قوشقى قىلدى
مەھلىيا

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

45 - يىل نەشرى

7

1995


باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلىرى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


مۇھەممەت روزى ........ ئىلىم كۆكىدە چاقنىغان يۇلتۇز (ئەدەبىي ئاخبارات) ... 4
مۇختار ئابدۇراخمان
نۇر مەھەممەت زامان ...... دولان ئوغلانى (ئەدەبىي ئاخبارات) .............. 13
مۇھەممەت لېتىپ .......... سادا (پوۋېست) ............................ 37
ئەنۋەر مەھەممەت ........ ھېكايىلار ............................ 64
ئوسمان قاۋۇل............ كۆيۈۋاتقان قۇياش (نەسىر) .................... 83
نۇرىيە ئابدۇكېرىم............ غەلىتە بوۋاقلار (ھېكايە) ...................... 91


## شېئىرلار


مۇھەممەتجان سادىق ...... ئانا ۋە ئوغۇل (باللادا) ...................... 25
تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن ........ باتۇرلارغا بۆشۈك بۇ ماكان ...................... 73
ئابدۇللا سۇلايمان ........ خاتىرەمدىن خاتىملەر ...................... 77
غەنى رەشىدى ............ سەھرا، كېچە، چاقنىغان يۇلتۇز................... 79
مەسئۇت مەرۇپ ........... ھايات تەمەچلىرى ...................... 80
ئابدۇلھېكىم مەخسۇم ........ ئىككى شېئىر ...................... 81
مامۇت زايىت ............ تەگرىتاغدا بالقىدى قۇياش .................... 94
نىياز ئىمىن قۇربانى ........ شېئىرلار.................................. 98
ھاشىمجان قادىر ........... ئۇ تەقۇاس پاك دىلغا، بىر سۈزۈك ئاسمان............ 99
ئۆمەرجان مۇھەممەدى ...... باھارمۇ سەنسىز ماڭا زىمىستانكەن .............. 100
ھەسەنجان بوساق ........ گەر نېسىپ بولغاندا قايتا بىر سۆيۈش.............. 101
ئوبۇل ئىمىن ............. شائىر ................................ 102


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


جاببار ئەمەت ........... ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى................................ 103
ئىمىنجان ئەخمىدى ........ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋەكىللىرى توغرىسىدا 121
ئەخمەتجان قۇربان ........ پروزىچىلىقىمىزدا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ........................ 125

## ئەسەر ۋە مۇنازىرە


ئابابەكرى توختى ............ ئەخلاق مونوپولىيىسى ۋە سەرسان مۇھەببەت ...... 129
ئابلىكىم ئابلىمىت ............ ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ «ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار» دېگەن پوۋېستى ھەققىدە ........................ 133


## ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋەكىللىرى


ئاروپ قاسىمى ........................ 138
ھەمرا بارات ........................ 140


## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز


شائىر تەلئەت ناسىرى ........................ 142
ياش يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەت ........................ 143


## مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن


سېھىرلىك گىلەم پەرۋاز قىلماقتا ........................ 145
ھېمىڭۋاينىڭ مەشھۇر ئەسىرى بىر بېلىقچىنىڭ ياردىمىدە تاماملانغان........................ 149
ئات ئوغرىسىدىن مەشھۇر يازغۇچىلىققىچە ........................ 150
«پاۋىل»نىڭ ۋەسىيىتى ........................ 152


## كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن


توختاشگۇل ئۆمەر............ «مېھرىبان» ئايال (ھېكايە)........................ 153
ئايىمنىسا مەتسالى............ ھايات مەنتىقىسى (نەسىر) ........................ 154
ھېكىماخۇن مەمەت، سالامەت توختى، دىلشات مۇھەممەتنىياز، خەلچىگۈل ئەھەد، مەتىمىن ئابلىز، ھېيت رەھىم، ئايگۈل تۇرسۇن، سابىرجان سىيىت، ئۆمەرجان ئاۋۇپ، مەخمۇت سەلەي، نۇرمۇھەممەت ياسىن ............ (شېئىرلار)........................ 155


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


قىسقا ئۇچۇرلار........................ 160


* * *


رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ
مەسئۇل كوررېكتور: قېيۇم تۇرسۇن



# ئالىم كۆكسىدە چاقنىغان يۇلتۇز

مۇھەممەت روزى
مۇختار ئابدۇراخمان


(ئەدەبىي ئاخبارات)

پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلالىغان كىشىلەرنى تارىخ ئۇلۇغ كىشىلەر دەپ ھېسابلايدۇ.

ماركس

## مۇقەددىمە

بۇ دۇنيا زىددىيەت دۇنياسى. ئاشۇ زىددىيەتلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئالدىغا سان-ساناقسىز سوئاللارنى تاشلايدۇ، بۇ سوئاللار ئىنسانىيەتنىڭ پىكىر قۇرۇلمىسىنى يېڭىلاپ ئۇنىڭ دۇنيانى تونۇشى ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشى ئۈچۈن ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. دۇنياغا نېمە ئۈچۈن تۆرەلدىم؟ نېمىلەرنى قىلىشىم كېرەك؟ بۇ دۇنيا مەندىن نېمىنى كۈتىدۇ؟ مانا بۇ سوئالنى ئۆزىگە قويالىغان كىشى ئۆزىنىڭ ئىجادىي پىكرى بىلەن ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى ھەقىقىي بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ئادەم بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان ئىكەن، ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قاينىمىدا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇشى كېرەك. بولمىسا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ نېمە پايدىسى؟ سەن پەقەت ياشاش ئۈچۈنلا ياشىماسلىقىڭ، بەلكى يېڭى بىر ھاياتنى يارىتىشىڭ زۆرۈر. شۇندىلا كىشىلەر سېنى تونۇيدۇ، سېنى ئېتىراپ قىلىدۇ، سەن ياراتقان بۇ ھايات سېنىڭ ھالال قان-تەرىڭدىن مەيدانغا كېلىدۇ، بۇ قان - تەر ئۆگىنىش، ئىزلىنىش، ئىجادىيەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.




مەزكۇر ئەدەبىي ئاخباراتتا بىز يۇقىرىقى نۇقتىلارغا ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق جاۋاب بېرىپ كەلگەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان ياش ئالىم - دۇنيا پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى

كۆتۈپخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ھامۇدىن قادىرنى تونۇشتۇرماقچىمىز.

## بالىلىقتىكى نامسىز سىمفونىيە

بالىلىقىم كەلسەڭچۇ يېنىپ،

دىدارىڭغا ئالىمچۇ قېنىپ...

ھامۇدىن قادىر 1959-يىلى 11-ئاينىڭ 23-كۈنى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ دادامتۇ يېزىسى نوغايتۇ كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئوقۇش يېشىغا توشقىچە ئەينى ۋاقىتتىكى غۇلجىدىكى داڭلىق دىنىي زاتلارنىڭ بىرى بولغان ئابدۇلكەرىم قارىيھاجىمدىن دىنىي تەلىم ئالدى. ھامۇدىننىڭ زېرەك، ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئابدۇلكەرىم قارىيھاجىم ئۇنىڭغا كۆپ تەرەپلىمىلىك تەلىم بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق گۈدەك ھامۇدىننىڭ تەپەككۇر دۇنياسىنى ئاچتى. ھامۇدىن ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن پەننىي مەكتەپكە كىردى. ئۇ كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە يارامىلىق بىر ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا مەكتەپتە دەرسلەرنى پىششىق ئۆگىنەتتى، چۈشەنمىگەن مەسىلىلەرنى ئوقۇتقۇچىلاردىن ئېرىنمەي سورايتتى، بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇلار بىلەن تالىشىپ بەس-مۇنازىرە قىلاتتى. ئۇنىڭ زېرەكلىكىدىن سۆيۈنگەن ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنى قىزغىن قوللاپ، رىغبەتلەندۈرەتتى. شۇچاغدا ئۇلارنىڭ ئائىلە شارائىتى بىرقەدەر ناچار بولغاچقا ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن باشلاپلا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆزىنى قامداشقا توغرا كەلدى. ئۇ مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن ئىشلەمچىلەر ئارىسىغا قېتىلىپ ئاز-تولا كىرىم قىلىپ كۈندىلىك لازىمەتلىكلەرنى ئالاتتى، ئاتا-ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا قارىشاتتى.

جىسمانىي ئەمگەك ۋە قاتمۇقات قىيىنچىلىقلار ئەمدىلا ياشلىق بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان ھامۇدىننى قاتتىق تاۋلىدى، ئۇ روھلۇق، ساغلام، جاسارەتلىك بالا بولۇپ ئۆستى، ئۇ كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئىدى. ئوقۇغان كىتابلاردىكى باش قەھرىمانىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرلىرى ئۇنى ئويغا چۆمدۈرەتتى. ئۇ «پولات قانداق تاۋلاندى»، «ئانا»، «كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى» قاتارلىق رومانلارنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى باتۇرلۇق، ئۈمىدۋارلىق روھىنى ئۆزىگە قىبلىنامە قىلدى. چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ مۇرەككەپ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن ئەتراپلىق تونۇشۇپ، ئۆز شارائىتى بىلەن ئۇلارنىڭ شارائىتىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق رېئاللىق ئۈستىدىن ھامان غالىب كېلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزدى. بۇ چاغدا ئۇ ئەمەلىي فىزىكىلىق، خىمىيىلىك تەجرىبىلەرنى ئېلىپ بېرىپ دەسلەپكى قەدەمدە ھېس قىلغان كۆز قاراشلىرىنى ئىسپاتلاشقا باشلىغانىدى.

1972-يىلى 9-ئايدا ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرمەكچى بولىدۇ. (ئەمەلىيەتتە ئۇ ئالىلقاچان تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنى ئۆزلۈكىدىن

ئۆگىنىپ تاماملاپ بولغانىدى.) لېكىن ئۆز يېزىسىدا ئوتتۇرا مەكتەپ بولمىغاچقا 25 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جېلىلىيۈزى ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىرىپ ئىلغار ئوقۇتۇش شارائىتى ۋە تەجرىبە- ئۇسكۈنىلىرىدىن پايدىلانماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پىيادە يول مېڭىپ مەكتەپكە بېرىپ ئۆز ئارزۇسىنى رەھبەرلىككە ئېيتىدۇ. مەكتەپ رەھبەرلىرى ئۇنىڭغا تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىنىڭ تولۇق ئەمەسلىكىنى، يېڭى سىنىپ ئاچقان تەقدىردىمۇ ئوقۇغۇچى كەملىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز يېزىسىغا بېرىپ ساۋاقداشلىرىدىن 25 نى تەشكىللەپ بۇ مەكتەپكە كېلىدۇ ۋە ئىمتىھان بېرىش ئارقىلىق سىنىپ ئاتلىتىپ 8-سىنىپقا قوبۇل قىلىنىدۇ. باشقىلار بولسا 6-سىنىپقا قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇيدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى، ئىجادچانلىقى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭغا ھەر تەرەپلىمە ياردەم بېرىدۇ، ئۇنىڭ بەزى تەجرىبىلەرنى ئىشلىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. بەزى تەجرىبىلەردە كۆپ قېتىم مەغلۇب بولغان بولسىمۇ، يەنىلا بوشاشماي ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئىسپاتلاپ چىقىدۇ. بىر قىسىم قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇققاندا چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن ئابدۇقادىر مۇئەللىم، زاكىر مۇئەللىم قاتارلىقلاردىن تەلىم ئېلىپ، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتى قىزغىنلىققا، ئىجادچانلىققا تولغان ھايات بولۇپ، غايە چېچەكلىرىنىڭ بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس بولىدۇ.

## ئىزلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش؛

ئىزلىنىش - رەڭ، جۇلا بېرەر ھاياتقا،
ئىزلىنىش يەتكۈزەر سېنى زاباتقا. .

ھامۇدىن كۆزى قىيمىغان ھالدا ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن خوشلاشتى، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئۇنىڭ ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈشىگە توغرا كەلدى.

ئۇ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ غالىبىيەت يېزىسى ئىتتىپاق كەنتىگە تەقسىم قىلىنىپ يېزا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدىمۇ ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى بوشاشتۇرۇپ قويمىدى، خەنزۇلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا بېرىپ ئىشلەپ، خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. يېزا ھاياتى ئۇنى راۋۇرۇس چېنىقتۇردى. ئۇ يېزىدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىم بولۇپ ئۇلارنىڭ بۇ ساھەدە تەرەققىي قىلىشىغا، مول ھوسۇل ئېلىشىغا نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن كۆپ كۈچ چىقاردى. ئۇ كۈندۈزنى خىزمەت ئالدىراشچىلىقى بىلەن ئۆتكۈزسە كېچىلىرى يەنە جىنچىراغنى ياندۇرۇپ كىتاب ئوقۇش، خاتىرە يېزىش، ئەمەلىي تەجرىبە، تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. كېيىن دادامتۇ يېزىسىغا خىزمىتىنى يۆتكەپ

كاسسىرلىق، بوغالتىرلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. 1978-يىلى يېزا رەھبەرلىرى ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى نەزەرگە ئېلىپ، دادامتۇئۇتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى قىلىپ تەيىنلىدى. 1979-يىلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ يۇقىرى نەتىجە بىلەن شىنجاڭ داشۆنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. بوشاشماس ئىرادە ئۇنىڭ ئىستىقبال يولىغا نۇرلۇق چىراغلارنى ياقتى، ئالىي مەكتەپتىن ئىبارەت بۇ كەڭ بىلىم يۇرتى ئۇنىڭغا ئىللىق قوينىنى ئاچتى.

## ئۇنىۋېرسىتېت ھاياتى

ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆتكەن شۇ كۈنلەر،
چاچقان ئىدى يوللىرىمغا زەر. . .

ئادەم ئۈچۈن ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇش ۋە تۇرمۇش كۆچۈرۈشتەك ئەھمىيەتلىك، گۈزەل پەيتلەر بولمىسا كېرەك. ئالىي مەكتەپ قوينى ئادەمگە ھەم پەننىي بىلىم ھەم مول، چوڭقۇر تۇرمۇش بىلىمى ئۆگىتىدۇ.

ئۇ ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ تىرىشىپ ئۆگەنمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ خەنزۇچە ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتتى، مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي جاپالىق ئۆگىنىش ئارقىلىق بىر يىلدىن كېيىن خەنزۇچە ماتېرىياللارنى كۆرۈپ پايدىلىنالىغۇدەك سەۋىيىگە يەتتى. شۇ چاغلارنى ئەسلەپ ئۇ: «شۇ ۋاقىتتىكى خەنزۇچىنى ياخشى ئۆگىنىشىم بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشۈمنىڭ ئاچقۇچى بولدى» دەيدۇ. ئۇ مەۋسۇملۇك ۋە يىللىق ئىمتىھانلاردا پەۋقۇلئاددە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇ دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ سىنىپ ۋە كۇتۇپخانىلاردا باش چۆكۈرۈپ ئۆگىنەتتى. ئۆگەنگەنسېرى باشتا قىستىلىپ ماڭغان تار يول بارغانسېرى كېڭىيىپ، چۈشىنىكسىز مەسىلىلەرمۇ بارا-بارا ئايدىڭلاشتى. ئۇ ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا بىر قەدەر مۇستەقىل تەتقىقاتقا كىرىشەلىگەن ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدى. ئۇ نەچچە خىل ئۆسۈملۈك بار جايلارغا بېرىپ، ھەر بىر جايدىن 15 خىل ئۆسۈملۈكنى تاللاپ، ئىككى كۈندە بىر قېتىم كۆزىتىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، خاتىرە يازدى. ئۈچ يىل ماتېرىيال توپلاش، تەكشۈرۈش، كۆزىتىش ۋە خاتىرە يېزىش ئارقىلىق «ئۈرۈمچى فېنولوگىيىسى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزلىنىش» ناملىق ئىلمىي ماقالىنى يېزىپ چىقتى. ئالىي مەكتەپنىڭ 2- يىللىقىغا قەدەم قويغاندىن تارتىپلا ئۇ سىنىپ ھەيئىتى، فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىدى ھەم ئۇدا «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. خەنزۇ تىلىنى ياخشى

ئۆگەنگەندىن سىرت ئەرەب، ئىنگلىز، رۇس تىللىرىنىمۇ تىرىشىپ ئۆگەندى، دەرستىن سىرت ئىنگلىزچە، رۇسچە كەچ كۇرسلاردا ئوقۇپ، 1980-يىلدىن 1984-يىلغىچە ئىنگلىز تىلى، رۇس تىلى بويىچە ئايرىم-ئايرىم ئوقۇش پۈتتۈرۈش لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى.

## مۇۋەپپەقىيەتلىك قەدەم

بولسىلا مۇستەھكەم ئىرادە پەقەت،
يۈز ئاچار ئالدىڭدا مۇۋەپپەقىيەت...

1984-يىلى ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىغا تەقسىم قىلىندى، خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن ئوقۇتۇشقا بىرلەشتۈرۈپ تەتقىقات ئىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. دەسلەپكى قەدەمدە «يەر بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش» ناملىق كىتابنى تۈزۈپ چىقتى. «مۇھىتشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابنى تەرجىمە قىلدى.

ئەگرى-توقاي ھايات مۇساپىلىرىدە پەقەت پولاتتەك مۇستەھكەم ئىرادە، ئۇرغۇپ تۇرغان جاسارەت، ھاياتقا نىسبەتەن يالقۇنلۇق مۇھەببىتى بار كىشىلەرلا ئۆز غايىسى يولىدا ئېغىشماستىن كۈرەش قىلالايدۇ. ئۇلار ئۆگەنگەنسېرى ئۆگەنگۈسى كېلىدۇ، ياشىغانسېرى ياشىغۇسى كېلىدۇ. مېنىڭچە بەختكە ئىنتىلمەيدىغان ئىنسان بولمىسا كېرەك، لېكىن ھەممىلا ئادەم بەختنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يولىنى بىلىۋەرمەيدۇ، ھەقىقىي بەخت پەقەت ئىرادىلىكلەرگىلا، ئىجتىھاتلىقلارغىلا شۇنداقلا مىنۇت-سېكۇنت ھەتتا دەقىقىلەرنىمۇ ئىنسانىيەت بەختى ئۈچۈن ئاتىغانلارغىلا خاستۇر.

1988-يىلى 9-ئايدا ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش ۋە كەشپىيات يارىتىش مەقسىتىدە خىزمىتىنى مەكتەپ كۇتۇپخانىسىغا يۆتكىدى. بۇنىڭ بىلەن ماتېرىيال شارائىتى ياخشى ھەل قىلىندى، ئۇ خىزمەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى يۇقىرى، تېخنىكىلىق تەلىپى مۇرەككەپ بولغان ئەمگەكلەرنى باشچۆكۈرۈپ ئىشلىدى. «يېڭى تىپتىكى دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە لۇغەت»نى تۈزۈشكە كىرىشتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۈچ يىل مېھنەت قىلىپ يېزىپ چىققان «ئۈرۈمچى فىنولوگىيىسى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزلىنىش» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ، پەسىللەرنى فىنولوگىيە ئايرىمىسى بويىچە ئايرىپ چىقىشنىڭ ئاساسىي يارىتىلدى. «كۇتۇپخانىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزلىنىش»، «كۇتۇپخانا باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى توغرىسىدا دوكلات» قاتارلىق ماقالىلىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ كەسپداشلار ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلدى.

1990-يىلى ئۇ شىنجاڭ سىفەن داشۆسى كۇتۇپخانا رەھبەرلىكى تەرىپىدىن خۇادۇڭ سىفەن داشۆسىنىڭ كۇتۇپخانىچىلىق ۋە ئاخباراتچىلىق فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى.

بۇ جەرياندا ئۇ كۇتۇپخانىچىلىق (كىتاب ئاخباراتچىلىقى كەسپى) نى پىششىق ئىگىلەپ، ئاخبارات ئىلمىي جەھەتتىكى بىلىمىنى تولۇقلىدى. كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى، مۇندەرىجىشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان، پەن-تېخنىكا ماتېرىياللىرىنى ئاختۇرۇش قاتارلىق ساھەلەر بويىچە ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، ئەمەلىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان «لۇغەت تۈزۈش ئۇسۇلىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش تەتقىقاتى»، «ئاپتوماتلاشقان ئىشخانا بويۇملىرىنى لايىھىلەش» قاتارلىق تېمىلاردا مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ پەۋقۇلئاددە نەتىجىگە ئېرىشتى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى پەن-تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يۇكسەك باھاسىغا ئېرىشىپ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭق چىقاردى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە قاتارلىق ئەللەردىكى كەسىپداش ئالىملار ئۇنىڭغا يۇقىرىقى تېمىلار ئۈستىدە لېكسىيە سۆزلەپ بېرىش ھەققىدە تەكلىپنامىلەر ئەۋەتتى.

خۇادۇڭ سىفەن داشۆدىكى يېرىم يىل ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز شۇنداقلا ئەڭ يېڭى نەتىجىلەرنى ياراتقان مول ھوسۇللۇق چاغلىرى بولۇپ قالدى.

## ئالىملىق ئوغلى ئىلىم مۇنبىرىدە

تۆكۈلگەچ توختىماي پېشانەڭ تەرى،
تەخت بولدى سەن ئۈچۈن ئىلىم مۇنبىرى.

پايانسىز چۆل-جەزىرىلەرنى بېسىپ، ھەيۋەتلىك تاغلاردىن ئېشىپ، تالاي بوران-چاپقۇنلاردا قالغان كارۋان كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتكەندە يولبويى تارتقان جاپا-مۇشەققەتلەرنى ئۇنتۇپ شادلىق قۇچىقىدا ئەللەيلىنىدۇ، ئۇنىڭ مۇشەققەتكە تولغان كەچۈرمىشلىرى كۆڭۈللۈك ئەسلىمىگە ئايلىنىدۇ.

1991-يىلى خۇادۇڭ سىفەن داشۆسىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تېمىلىرى ئۈستىدە داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كىشىنى ئاڭ قالدۇرغۇدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا «كۆپ فۇنكسىيىلىك ئۇيغۇرچە-ئىنگلىزچە لۇغەت»، «ئۇيغۇرچە-ئەرەبچە سۆزلىشىش قوللانمىسى»، «ئەرەبچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە پەن-تېخنىكا لۇغىتى»، «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە مۇھىتشۇناسلىق لۇغىتى»، «خەنزۇچە-ئىنگلىزچە پەن-تېخنىكا لۇغىتى» قاتارلىق ھەجىمى چوڭ، مەزمۇنى مول، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغان لۇغەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ جەرياندا ئۇ تالاي كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدى، تالاي قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ زەربە يېدى. بىراق ئۇ ھەممىگە بەرداشلىق بېرىپ، قىيىنچىلىق ئىچىدىن يول تېپىپ ئىلگىرىلىدى، ئۇ تۈزۈپ چىققان مەملىكەت خاراكتېرلىك تېخنىكىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان «يېڭى تىپتىكى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە دائىم ئىشلىتىلىدىغان لۇغەت» كە جەمئىي 11 مىڭ 613 سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر بىر سۆزلۈكنىڭ قىسقىچە يېشىمى ۋە مىسال جۈملىسى

بېرىلگەندىن سىرت، ھەر بىر سۆزگە ئاھاڭداش، مەنىداش، شۇنداقلا يېقىن مەنىلىك، بىراق مەنىلىك بولغان سۆزلەر كۆرسىتىلگەن، توغرا يېزىلىشتە تولۇق خەت تېپىش ئۇنۇمى يۇقىرى، [illegible]لىق ئىزلىنىش يۇقىرىقىدەك مول مېۋىلەرنى بەردى. ئۇ شىنجاڭ سىفەن داشۆسى تەرىپىدىن «ئىلغار پەن تەتقىقات خادىمى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپ ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلاندى.

1994-يىلى 5-ئايدا كاندىدات تەتقىقاتچى ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 1994-يىلى 10-ئايدا چەت ئەل تىلى بويىچە تەتقىقاتچىلىق ۋەزىپىسىگە تەكلىپ قىلىندى، بۇ يىل يەنە تەتقىقاتچى ئۇنۋانىغا مۇيەسسەر بولدى.

1994-يىلى 8-ئايدا ئۇنىڭ «مەملىكەت خاراكتېرلىك لۇغەتلەرنى تۈزۈشتە ئىشلىتىلىدىغان ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ يۇمشاق دېتالى» ناملىق تېخنىكىسى شىنجاڭ خەلقئارالىق كۆرگەزمە مەركىزىدە «ئالتۇن لوڭقا» مۇكاپاتىغا، 9-ئايدا «ھەرىكەتچان لۇغەت تۈزگۈچ» ناملىق تېخنىكىسى خۇبېيدا ئېچىلغان «مەملىكەتلىك ھازىرقى زامان يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسى»دە دۆلەتلىك ئالتۇن مۇكاپاتقا، 1994-يىلى 8-ئايدا «مەملىكەت خاراكتېرلىك لۇغەتلەرنى تۈزۈشتە ئىشلىتىلىدىغان ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ قاتتىق دېتالى» ناملىق تېخنىكىسى يەنە «مەملىكەتلىك كەشپىيات ۋە پاتېنت يېڭى تېخنىكىلىرى يەرمەنكىسى»دە ئالتۇن ماركا مۇكاپاتىغا، «ھەممىگە قادىر ماتېرىيال رەتلىگۈچ» ناملىق تېخنىكىسى 1994-يىللىق «جۇڭگو پاتېنت يېڭى تېخنىكىلىرى، يېڭى مەھسۇلاتلىرى» يەرمەنكىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى «ھەممىگە قادىر ماتېرىيال رەتلىگۈچ»، «ھەرىكەتچان لۇغەت تۈزگۈچ»، «مەملىكەت خاراكتېرلىك لۇغەتلەرنى تۈزۈشتە ئىشلىتىلىدىغان ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ يۇمشاق دېتالى» قاتارلىق تېخنىكىلىرى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىپ ئۇنى يۈكسەك شان-شەرەپكە ئېرىشتۈردى.

ياش ئالىم ھامۇدىن قادىر ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن تۇنجى بولۇپ ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل كەشپىياتتا ئۈچ خىل پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ئالىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېقىندا ئۇ مۇستەقىل رىياسەتچىلىك قىلىپ تاماملىغان ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ھاۋالە قىلغان ئىككى تۈرلۈك مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى بولغان «ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ يۇمشاق ۋە قاتتىق دېتالى» مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس ۋە باھالاش ئورۇنلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى. «لۇغەت تۈزگۈچنى تەتقىق قىلىپ ياساش» ناملىق نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى 1994-يىلى 11-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا كومىتېتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى.

1994-يىلى 9-ئايدا «ھەرىكەتچان لۇغەت تۈزگۈچ» ناملىق پاتېنتلىق تېخنىكىسى «جۇڭگو پاتېنتلىق تېخنىكىلار تاللانمىلىرى»غا كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ نامى ۋە تېخنىكىلىرى «1994-يىللىق مەملىكەت دەرىجىلىك پەن-تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ تۆھپىكارلار مۇندەرىجىسى»نىڭ 3-سانلىق مۇندەرىجىسىگە كىرگۈزۈلدى. 1994-يىلى 6-ئايدا

باش شۇجى جىياڭ زېمىن زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن، مەملىكەت بويىچە پەقەت 25 ئاكادېمىك ئالىمنىڭ ئىسمى ۋە نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلغان «ھازىرقى زامان جۇڭگو ئالىملىرى ۋە كەشپىياتچىلىرى قامۇسى» غا ۋە «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى لۇغىتى» گە ئۇنىڭ نامى ۋە كەشپىياتلىرى كىرگۈزۈلۈپ زور داغدۇغا قوزغىدى. بۇ كىتابلار ياپون، ئىنگلىز، نېمىس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، چەت ئەللەردە تارقىلىپ ئۇنىڭ شۆھرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، مەملىكەت ئىچىدىكى 20 نەچچە پەن تەتقىقات ئورنى ۋە كەسپىي شىركەتلەردىن، شۇنداقلا ئاۋېن، گېرمانىيە، ئامېرىكا قاتارلىق رايون-دۆلەتلەردىن ئالاقىلەر كېلىپ ئالىم بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنى ياكى پاتېنت ھوقۇقىنى سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئالىم ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئۆز تېخنىكىلىرىنى مىللىتىمىزنىڭ پەن تەتقىقات ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئىشلىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى! ئالىمنىڭ مول نەتىجىلىرى كەڭ تۈردە تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كەشپىياتچىلار جەمئىيىتى ئۇنى ئەزالىققا قوبۇل قىلدى. ئارقىدىنلا دۇنيا پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى ئۇنى ئەزالىققا قوبۇل قىلدى. ياش ئالىم ھامۇدىن قادىر ئۆز نۆۋىتىدە بۇ جەمئىيەتكە ئەزا بولۇپ كىرگەن بىردىنبىر ئۇيغۇر ئالىمى بولۇپ قالدى.

باش شۇجى جىياڭ زېمىن تالانتلىق ياش ئۇيغۇر ئالىمنىڭ پەن تەتقىقات ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن بۇ ئۇلۇغ نەتىجىلىرىگە يۈكسەك باھا بېرىپ مۇنداق بېغىشلىما يېزىپ بەردى:

يولداش ھامۇدىن ئەپەندىگە:

يولداش ھامۇدىن قادىر، سىزنىڭ پەن تەتقىقاتىدىكى بۈيۈك نەتىجىلىرىڭىزنى مۇئەييەنلەشتۈردۇق. سىزنىڭ ئىسمىڭىز ۋە ئاساسلىق كەشپىياتلىرىڭىز ھازىرقى زامان كەشپىياتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى قامۇسىغا كىرگۈزۈلدى، شۇ سەۋەبتىن سىزگە مەزكۇر گۇۋاھنامە بېرىلدى.

**جىياڭ زېمىن**
**1994-يىل سېنتەبىر**

ۋاقىت ئۇنتۇلدۇرار بۇندىن ھەممىنى،
زەررىچە خورىتالماس ئەجىر-تۆھپىنى.

ھامۇدىن قادىر يۇقىرىقى نەتىجىلىرى ئالدىدا قىلچە مەغرۇرلىنىپ قالمىدى، بەلكى ئۆزلۈكسىز تۈردە ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭى تېخنىكىلارنى يارىتىش ئۈچۈن تىنىمسىز ئىزلىنىپ يەنىمۇ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قان-تەر ئاققۇزدى. ئۇ دۇنيا تېخنىلوگىيە ساھەسىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتىنى نامايان قىلدى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭمۇ ئۇچۇر دەۋرىدە رىقابەت ئىگىسىنىڭ، تەرەققىيات ئىگىسىنىڭ كۈچىيىپ، دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

## خاتىمە ئورنىدا

زىيارىتىمىز ئاخىرلاشتى. ئالىم ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بولغاندا ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل مەمنۇنلۇق، يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينەك تاقىۋالغان كۆزلىرىدىن ئۈمىد نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى.

— مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا ئىلىم-پەننىڭ بوز يېرى ناھايىتى كەڭ. ئاشۇ بوز يەرنى ئېچىش ئۇچۇن بىلىمنى يەنىمۇ مەھكەم باغلىشىم، خەلقىم ئۇچۇن تېخىمۇ كۆپ مەنىۋى بايلىقلارنى تەقدىم قىلىشىم كېرەك، — دېدى ئۇ بىزنى ئۇزىتىۋېتىپ.

ئۇقۇشىمىزچە، ئۇنىڭ كۈنلىرى بەكمۇ ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتىدىكەن. سەككىز سائەتلىك خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، باش چۆكۈرۈپ ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىكەن. ھەر بىر مىنۇت-سېكۇنت ئۇنىڭ ئۇچۇن ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىككەن.

يېقىندىن بېرى ئۇ «ھەرقايسى ساھەلەردە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا ئادەم» ناملىق تېخنىكىسى ئۈستىدە ئىشلەۋېتىپتۇ، بۇ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، ئىش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىكەن. ئۇ ھازىر «شىنجاڭ لۇغەتچىلىك نەشرىيات شىركىتى»نى نەزەرىيە جەھەتتىن پىلانلاپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. يەنە ئۆزىنىڭ پاتېنتلىق تېخنىكىلىرىدىن پايدىلىنىپ «ئاپتوماتلاشقان ئىشخانا بۇيۇملىرىنى ياساش زاۋۇتى»نى قۇرۇشقا تەرەددۇتلىنىۋېتىپتۇ. بۇ نەشرىيات ۋە زاۋۇت ئىشقا چۈشسە شىنجاڭنىڭ نەشرىيات ئىشلىرىدىكى لۇغەتچىلىكتىن ئىبارەت بوش ساھەنى تولدۇرۇپ، مىللىتىمىزنىڭ پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرگە يېتىشىۋېلىش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىشكە ياردەم بېرىدۇ.

بىز ياش ئالىم ھامۇدىن قادىرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقات ئىشلىرىغا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم



نۇرمەھەممەت زامان

# دولان ئوغلانى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

جاھاندا ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ ئاتى ئۆچمەيدۇ،
يامانلىق قىلغان ئادەمنى قايان باردىڭ دېمەس ھېچكىم.
— «دولان مۇقامى» مۇقەددىمىسىدىن

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئىچىدىكى نۇرغۇن قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولغان دولانلىقلار (قەدىمكى قەبىلىلەر ئىچىدە دولان غىت دەپ ئاتىلاتتى) ئۇزۇن تارىخىدا تۈرلۈك-تۈمەن تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پاجىئەلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. ھەر خىل يېغىلىقلار، توپىلاڭلار، ماجىرالاردىن كېيىن ئۇلار بۆلۈنۈپ چىقىپ، چەت، يىراق جايلاردىكى تەبىئىي ئورمانلىقلارغا ماكانلىشىپ بىر قەۋم بولۇپ، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەر ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. كىشىلەر ئۇلارنى «ياغاچ ئۆيلۈك دولان»، «بوز قويلۇق دولان»، «يەتتە ئۆيلۈك دولان»، «دولانلىقلار» دەپ ئاتاپ كېلىشتى.
تەبىئەت ئاتا قىلغان تۇرمۇش مۇھىتى، يەر شارائىتى قاتارلىق ياشاش ئىمكانىيەتلىرى تۈپەيلىدىن بىر مىللەتنىڭ ئىچىدىمۇ ئۆرپ-ئادەت، ئەخلاقىي پەزىلەت ۋە باشقا جەھەتلەردە نۇرغۇن ئۆزگىچىلىكلىرى بولىدۇ. بۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەر شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ يارىلىشى، شەكىللىنىشى، راۋاجلىنىشى ۋە دۇنياغا نامايان بولۇشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. دولانلىقلارنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېسىل خىسلەتلىرىدىن بىرى ـ جۈرئەتلىك، جاسارەتلىك بولۇش، ھەر ئىشتا ئۇنۇم ھاسىل قىلىپ ئېلىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت.
قەدىمكى دولانلىقلارنىڭ ماكانى بولغان مارالبېشى ناھىيىسىدىن 90 كىلومېتىر غەربكە جايلاشقان سېرىقبۇيا بازىرىغا نېرىسى غۇلجا، بېرىسى قوشنا تۇەن ـ مەيدانلاردىن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم كېلىپ، سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بازارنىڭ شاڭخەي، گۇاڭجۇ

قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە تۇرۇشلۇق خادىملىرى بۇ يەرگە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى يېڭى مەھسۇلات، يېڭى ئۇچۇرلارنى ۋاقتى-ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. بۇ بازاردىكى قايناق مەنزىرە سىزنى ئىختىيارسىز جەلپ قىلىدۇ. بىر تۈركۈم دولان ئەزىمەتلىرى بۇ قايىنامغا سەكرەپ چۈشۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، غەيرەت-شىجائىتى ۋە ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. ئۇلار ئىچىدىن ئۆز يۇرتىغا ئۈلگە بولۇپ، ئالدىن بېيىپ، يول ئېچىپ ماڭغان سودىگەرلەر، مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچىلار، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار مەيدانغا كەلدى. مارالبېشى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، مائارىپنى قوللاشتا ئۈلگە بولۇپ كەلگەن مۇنەۋۋەر كارخانىچى مەخەت ئېلى ھاجى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى.

## دەسلەپكى قەدەم

1967-يىلى يازلىق تەتىل كۈنلىرى ئىدى. چوڭ شەھەرلەردە قوزغالغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ شىددەتلىك بوران-چاپقۇنلىرى تىمتاس تۇرغان خىلۋەت يېزىلارنىمۇ ئۇشتۇمتۇت قويۇن چىققاندەك ساراسىمىغا سېلىۋەتتى. سېرىقبۇيىدىمۇ غۇلغۇلا، تالاش-تارتىش، بەس-مۇنازىرە باشلىنىپ كەتتى. بۇ ھەرىكەت بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، جىمى ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىغا تاقىلىپ، دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئەزەلدىن ناھىيىنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى نۇقتىسى بولۇپ كەلگەن سېرىقبۇيا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئەمدىلىكتە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىشنىڭمۇ مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. كۈرەش ئەۋجىگە چىقماقتا، چوڭ-چوڭ سىياسىي مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قارىشى، پىكرىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار بۆلۈنمەكتە، پارچىلانماقتا، جەڭگىۋار ئەترەتلەرگە ئۇيۇشماقتا ئىدى. بۇ جىددىي پەيتتە ھەر كىم ئۆزى خالىغان ۋە ئۆزى تاللىغان يولغا ماڭماقتا ئىدى.

مەخەت ئېلى شۇ چاغدا ئەمدىلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئىدى. مىڭلىغان دېھقان ئائىلىلىرىگە ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ تۇرمۇشنىڭ ئېغىر بېسىمىغا دۇچ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئائىلىسىنى بۇ ئېغىر قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئىنى-سىڭىللىرىنى ئوقۇتۇپ ئىستىقبالغا ئىگە قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرۈش ئىكەنلىكىنى قاتتىق ئازابلىق تەسىرات ئىلكىدە چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇشنى توختىتىپ، ئىشلەپ پۇل تېپىش يولىنى تاللىدى. شۇ نىيەت بىلەن ئۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرىنى ياساش-رېمونت قىلىش كارخانىسىغا كىرىپ شاگىرت ئىشچى بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن 1970-يىلغىچە ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان دۇكان ئىچىدە كەچكىچە ئۆرە تۇرۇپ كۆرۈك باستى، بازغان سوقتى. كېيىنچە دۇكاندىن يۆتكىلىپ چىقىپ قول تراكتورى، چوڭ تىپتىكى تراكتورلارنى ھەيدەشنى ئۆگەندى ۋە دەسلەپتە يېزىلىق تراكتور پونكىتىنىڭ تراكتورىنى، كېيىنرەك ماشىنا سايمانلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ يۈك ماشىنىسىنى ھەيدىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شوپۇرلۇق ھاياتى

باشلىنىپ كەتتى. مەخمەت ئېلىنىڭ باشلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان نەۋقىران چاغلىرى ناھىيىلەر، يىراق يېزا-بازارلار، مەيدانلار ئارىسىدا، سۇ ئامبار قۇرۇلۇشلىرىدا كېچە-كۈندۈز تىنىم تاپماي قاتناش بىلەن ئۆتتى. بەزىدە ماي ياتقۇزۇلغان تۈپتۈز يوللاردا يۈرسە، بەزىدە گوت-چوغ بولۇپ يېنىپ تۇرغان قەدىمكى بارچۇقتىكى شەھىرى بەر-بەر، شەھىرى خەر-خەر خارابىلىرىنى كېسىپ ئۆتتى. ئون قىش، ئون ياز گەنە شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئىشلىگەنىنىڭ يۈزى يورۇق، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش شەرەپ، ئاممىنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىش ھۆرمەت-ئىناۋەت. تاپشۇرۇلغان ھەر قانداق ۋەزىپىنى تولۇق ۋە بىخەتەر ئادا قىلىش بىلەن ھەممىنىڭ كۆزىگە چېلىقىۋاتقان بۇ كەمتەر، گوشۇق - تۆشۈك گېپى يوق، ئاددىي-ساددا دولانلىقتا رەھبەرلىكنىڭ ئىشەنچىسى ئاشتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ھەر قانداق مۈشكۈل ۋەزىپىلەرنى يۈكلەۋەردى. ئۇ 1980-يىلىدىن كېيىن يېزىلىق دوختۇرخانىدا ئىشلەش جەريانىدىمۇ خەلق ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلىپ، ھەممىنى رازى قىلدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش - سېرىقبۇيا يېزىسىنىڭ قاتناشقا بولغان ئېھتىياجىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى. مەخمەت ئېلى بۇ رېئاللىقنى كۆرۈپ ئويلاندى، باش قاتۇردى، ئائىلىسى بىلەن مەسلىھەتلەشتى، ئاخىرى بىر قارارغا كېلىپ، ئارزۇسىنى تەشكىلگە ئېيتتى. 1985-يىلى ئۆزى ھەيدەۋاتقان «ئازاد» ماركىلىق يۈك ماشىنىسىنى سېرىقبۇيا بازارلىق دوختۇرخانا بىلەن توختاملىشىپ كۆتۈرە ئالدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن 11 مىڭ يۈەنگە كونىراق بىر مىنىبۇس سېتىۋالدى. 1986-يىلى «شەرق شامىلى» ماركىلىق ئاپتوبۇستىن ئىككىنى سېتىۋالدى. ئەمدىلىكتە ئۈچ ماشىنا ئۇنىڭ شەخسىي مۈلكىگە ئايلاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەخمەت ئېلى ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلغان دائىرىدە يۈك ۋە كىرا توشۇش تىجارىتىنى باشلىدى. ئۇ 1981-يىلىدىن 1990-يىلىغىچە ناھىيىنىڭ سېرىقبۇيا يېزىسىدىكى قاتناش باشقۇرۇش بېكىتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى بولدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ قاتناش ئىشلىرى ۋە قائىدىلىرى بىلەن تونۇشلۇقى تېخىمۇ كېڭەيدى. باشقۇرۇش جەھەتتىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدى. 1993-يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك قاتناش ئىدارىسى ۋە مارالبېشى ناھىيىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقى بىلەن دولان دىيارىدا تۇنجى قېتىم خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى «مەخمەت ئېلى ترانسپورت شىركىتى» دۇنياغا كەلدى. شىركەت يېنىدا 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بىر ماشىنا زاپچاسلىرى بىلەن تەمىنلەش دۇكىنىمۇ ئېچىلدى. يېزا تارىخىدىكى بۇ مۆجىزە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىدا تىرىشىۋاتقان دولانلىقلارغا غايەت زور ئىلھام ۋە تۈرتكە بولدى. ترانسپورت شىركىتى قۇرۇلۇشى بىلەن سېرىقبۇيا-يوپۇرغا - قەشقەر قاتناش لىنىيىسى ئېچىلدى. بۇرۇن بۇ يولدا بىۋاستە قاتناش بولمىغاچقا، قاتناش قولايسىز ئىدى. ئەمدىلىكتە بۇ مەسىلە ھەل بولۇپ، ئەتراپتىكى يېزا-كەنتلەر، تۈز-مەيدانلاردىكى ئامما ئۈچۈن ئاسانلىق يارىتىپ بېرىلدى.

ئىش ھامان ئوڭۇشلۇق، يول راۋان بولۇۋەرمەيدۇ. شۇ خۇشاللىق كۈنلەردە مەخمەت ئېلىنىڭ ئائىلىسىدە ئارقا-ئارقىدىن كېلىشمەسلىكلەر يۈز بەردى. ئۇنىڭ قەدىردان يەڭگىسى بىلەن ئاتا ئورنىدىكى ئاكىسى ئارقا-ئارقىدىن قازا تاپتى. شەپقەتسىز رېئاللىق بىردەمنىڭ

ئىچىدىلا سەككىز نارەسىدەنى يېتىم قىلىپ قويدى. ئەمدى بۇلارغا كىم ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ؟ بۇ يېتىم بالىلارنىڭ كەلگۈسىدىكى تەقدىرى نېمە بولۇپ كېتەر؟ مانا بۇلار شۇ ئەتراپتىكى ئۆز جېنىنى ئاران قامداپ كېتىۋاتقان دېھقانلارنىڭ ئەندىشىسى، يۇرتنىڭ غېمى ئىدى.

شۇ كۈنلەردە ئىجتىمائىي كەيپىيات ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتتى. كىشىلەردە ئۆزئارا كۆيۈنۈش، غەمخورلۇق، ئىنسانپەرۋەرلىك قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشى ئاجىزلاپ كەتتى. ئەكسىچە، نەپسانىيەتچىلىك، شەپقەتسىزلىك، ياۋۇزلۇق، ساختىپەزلىك، پارىخورلۇق، خۇشامەتچىلىك، ھەشەمەتچىلىك ئەدەپ كەتتى. مۇقەددەس ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشى ۋە قىممەت قارىشى ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. دەۋرگە ماس كېلىدىغان يېڭىچە ئەخلاق قارىشى ۋە قىممەت قارىشى تېخى شەكىللىنىپ بولالمىدى. جەمئىيەت مانا مۇشۇنداق ۋاكۇئۇم بوشلۇق ئىچىدە تۇرغاندا سان-ساناقسىز ئۆسمۈرلەر ئۆز ئوربىتىسىدىن ئايرىلىپ كەتتى. ئۇلار ئانىسىدىن ئايرىلغان بوتىلاقتەك بوزلىماقتا، ئىلىقىدىن ئايرىلغان تايدەك زارلىماقتا، ئازاب-كۈلپەت ئىچىدە ئىڭرىماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوغرى، قاراقچى، بەزىلىرى زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى بولۇپ نابۇت بولماقتا ئىدى. ھەتتا چوڭ شەھەرلەردىكى ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدا ئىشلەۋاتقان رەھبىرىي كادىرلار، نى-نى زىيالىيلارمۇ بۇ يولدىن ئۆز پەرزەنتلىرىنى توسۇپ قالالمىدى، توسۇشقا چامىسى يەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك پەرزەنتلەر پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرگە دۇچ كەلدى.

مەخەت ئېلى نارەسىدىلەر دۇچ كېلىۋاتقان قارا تەقدىرگە تەن بېرىپ، سۈكۈت قىلىپ تۇرمىدى، بالىلارغا ئۆز ئاتىسىدەك غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى ئاشۇ پاجىئەلىك تەقدىر، رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ مۇدھىش قوينىدىن قۇتقۇزۇپ، يۇرتنى خاتىرجەم قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىن تارالغان مېھىر-شەپقەت يالقۇنى سەبىيلەر قەلبىنى ئىللىتتى. كۈنسايىن كېڭىيىپ كېتىۋاتقان ئىگىلىك باشقۇرۇش يولىنىڭ ھەر خىل سىرلىرى، تاسادىپىيلىقلىرى ۋە يېڭىلىقلىرىنى چۈشىنىپ، ئىگىلىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەيۋاتقان بۇ جىددىي پەيتتە ئەمدى ئىككى ئائىلىنىڭ يۈكى بىراقلا مەخەت ئېلىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بالىلىرىنى بېقىپ، تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ھېسابلاپ، ئۇلارنى ئۆز باغرىغا ئالدى. چوڭلىرىنى ئۆيلۈك ئوچاقلىق قىلدى، بەزىلىرىگە ماشىنا رېمونتچىلىقنى ۋە ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگەتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ شىركەتنىڭ 1- ئەۋلاد شوپۇرلىرى مانا مۇشۇ يېتىم بالىلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىقتى. مەخەت ئېلىنىڭ ياخشى پەزىلىتى يۇرتنى تەسىرلەندۈردى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە بالا-چاقىلىرى كۆپ بىر تۇل ئايال ھال ئېيتىپ كىردى ۋە مۇۋاپىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈندى. مەخەت ئېلى ئۇنى ئۆز شىركىتىنىڭ ئاپتوبۇسىدا بېلەت سېتىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئايلىقىغا 400 يۈەن مائاش بېرىشنى بېكىتتى. بۇ ئايال خىزمەتنى بەجانىدىل ئىشلىدى. ئاپتوبۇسلارنى دائىم يۇيۇپ، پاكىز تۇتتى.

يولۇچىلارغا ئىللىق، سىلىق مۇئامىلە قىلىپ، شىركەتنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈشتە بىر ئۈلۈش ھەسسە قوشتى. ھازىر بۇ ترانسپورت شىركىتىدە سەككىز ئاپتوبۇس، تۆت ئاپتوموبىل، تۆت مىنىبۇس ۋە تۇرمۇش ماشىنىسى بولۇپ 16 ماشىنا بار. ئۇنىڭدىن باشقا سىرتتا خىزمەت بېجىرگەندە ئىشلىتىدىغان «سانتانا» ماركىلىق پىكاپتىن بىرى بار. شىركەتتە شوپۇر، تېخنىك، ئىشچى-خىزمەتچى بولۇپ 35 كىشى ئىشلەيدۇ. بۇلارنىڭ ئالدى 1000 يۈەن، كەينى 200 يۈەندىن مائاش ئالىدۇ. مەخەت ئېلى شىركەتنىڭ ماشىنىلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، مايغا ھاجىتى چۈشكەن بىرتىنىڭ ماشىنىلىرىغىمۇ ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىككى مو يەرگە ماي ئىسكىلاتى سالدۇرۇۋاتىدۇ. بۇ شىركەتنىڭ ئاپتوبۇسلىرى سېرىقبۇيا بازىرىدىن ئۈرۈمچىگە يولۇچى بېسىپ يولغا چىقىدىغان كۈنلەر پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ زىندىيەت ئالىمىدە خەۋپ-خەتەر، ھادىسىلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك يۈز بېرىپ، ئىنسانلارغا تەھدىت سېلىپ تۇرىدۇ. مەخەت ئېلى ھەر خىل توسالغۇلار ئىچىدىن ئوڭۇشلۇق يول تېپىپ، خۇددى تىك چوققىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان قىران بۈركۈتتەك كۆككە پەرۋاز قىلماقتا.

## قۇتلۇق سەپەر

1993-يىلى، ماي، كاراچى ئايرودرومى. ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن يولۇچىلار ئارقا-ئارقىدىن ئايروپىلانغا چىقماقتا. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بېشىغا چىمەن دوپپا كىيگەن، قامەتلىك، چەبدەس، قويۇق قاشلىرىنىڭ تېگىدە يوغان قوي كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان 40 ياشلاردىكى بىر كىشى ياشانغان بىر ئايالنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ، ئايروپىلان شوتىسىدىن يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتاتتى. مانا بۇ كىشى دولانلىق مەخەت ئېلى، يېنىدىكى بولسا ئۇنىڭ مېھرىبان ئانىسى ئىدى. ئۇلار ھەج-تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. مەخەت ئېلى سەپەر ئۈستىدە نۇرغۇن سەپەرداشلار بىلەن تونۇشتى، پاراڭلاشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بايلار، خوجايىنلار، مۆتىۋەرلەر، كارخانىچىلار ۋە ئاددىي پۇقرالار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا مەخەت ئېلىگە سەممىي، قىزغىن مۇئامىلە قىلىشتى. ئۇنتۇلغۇسىز ياخشى تەسىرات قالدۇرۇشتى. بولۇپمۇ ئوچۇق چىراي، خۇش مۇئامىلە، پەرىشتىدەك پاكىز ۋە مەدەنىيەتلىك پەيزۇللا ھاجىم مەخەت ئېلىدا ئالاھىدە تەسىر قالدۇردى. پەيزۇللا ھاجىممۇ ئەسلى دولانلىق بولۇپ، 1945-يىلى ئەرەب دۇنياسىغا كېلىپ، مەككىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن. ئۇ مەخەت ئېلى قاتارلىق يۇرتداشلىرىنى تولىمۇ قىزغىن كۈتۈۋالدى. ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، كۆپ غەمخورلۇق قىلدى. شۇ كۈنلەردە مەككىگە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەج-تاۋاپ قىلىشقا كەلگەن مۇسۇلمانلار كۆپ بولغاچقا، ياتاق، تاماق، قاتناش جىددىي ئىدى. پەيزۇللا ھاجىم يۇرتداشلىرىغا تاكى ھەج پائالىيەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتقىچە خەيرىخاھلىق قىلىپ، ئۇلارنى ياخشى ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەق ئېلىشنى رەت قىلدى. مەخەت ئېلى پەيزۇللا

ھاجىنىڭ ۋۇجۇدىدىن دولانلىقلارنىڭ كەڭ قورساق، مەردانە، مېھماندوست، بارنى باشقىلار بىلەن تەڭ كۆرىدىغان ئېسىل خىسلىتىنى كۆردى. مەخەت ئېلىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بۇ روھنى ئۆزىدە تولۇق ئىپادىلەپ، بىر مۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىلغان. ئۇنىڭ يۇرتىدا ھەر يىلى دېھقانلارغا سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى ياساش ۋەزىپىسى چۈشىدۇ، سۇ ئامبار بىلەن يېزىنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، كىشىلەر قاتناشتىن بەك قىينىلاتتى. سوغۇچاق سۇ ئامبىرىغا بىر ماشىنا ئادەمنى كىرا قىلسا 1000 يۈەن كىرىم بولاتتى. لېكىن مەخەت ئېلى ماشىنا - تراكتورلىرى بىلەن بۇ ھاشاچىلارنى تالاي قېتىم ھەقسىز توشۇدى. تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالغانلار ھال ئېيتىپ كىرسە ياردەم قىلدى. ئوقەت قىلماقچى بولغانلار مەبلەغ، قەرز سورىسىمۇ ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ، ئۇلارنىڭمۇ بېيىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى، يۆلىدى. ئالاغىر يېزىسىدىكى مازارغا بارىدىغان يولنىڭ كۆۋرۈكى كونىراپ بۇزۇلۇپ كەتكەچكە، ئۆلۈم - يېتىم بولغاندا ئالاغىر ۋە سېرىقبۇيىدىن تاۋۇت كۆتۈرۈپ كەلگەن جامائەت بۇ يەردىن ئۆتۈشتە تولىمۇ قىينىلاتتى. بولۇپمۇ يامغۇر -يېشىن، جۇدۇن-چاپقۇنلۇق كۈنلەردە تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ، پاتقاق كېچىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. 1988-يىلى مەخەت ئېلى ئۆز ماشىنىلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئاچالدىن تاش، قۇم ئەكەلدۈردى ۋە 5300 يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 10 توننا يۈك كۆتۈرىدىغان ئون مېتىر كەڭلىكتە بېتون كۆۋرۈك ياسىتىپ، 100 مېتىر يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى يېزا ئاھالىسىنى قىيناپ كەلگەن چوڭ مەسىلە ھەل بولدى. 1991-يىلى بازارلىق ھۆكۈمەت تىزىملاپ چىققان 180 نامرات ئائىلىنىڭ قىشتىن چىقىۋېلىشى ئۈچۈن كۆمۈر ئېلىشقا 30 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. بۇ قېتىمقى ھەج سەپىرى مەخەت ئېلى ھاجىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. ئۇ چەت ئەلنى ۋە چەت ئەللىكلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك چوڭراق ئىشلارنى قىلالمىغانلىقىنى، شۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى ۋە كۆپلىگەن ياخشى نىيەت، شېرىن ئارزۇلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۆز يۇرتىغا ساق-سالامەت قايتىپ كەلدى.

## شاپائەت

سېرىقبۇيا بازار باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇيدىغان باللار يىلسېرى كۆپىيىپ، سىنىپلار يېتىشمەي قالدى. سىنىپ يېتىشمىگەنلىكتىن ئوقۇش يېشىدىكى بىر مۇنچە باللار ئوقۇشسىز قالدى. بۇ جىددىي ئەھۋال مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ تازا بېشىنى قاتۇردى. ئۇلار 1994-يىلىنىڭ بېشىدا مۇشۇ ھەقتە يىغىن ئاچتى. يىغىندا ھەر خىل پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چۈشتى. مەسىلىنىڭ تۈگۈنى يەنىلا ئوقۇتۇش ئورنى - سىنىپ يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقى ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ مەكتەپ ئەتراپىدا كېڭەيتكۈدەك يەر يوق، يەر بولغان تەقدىردىمۇ مەكتەپ مالىيەسىدە ھازىر بىر مەكتەپ ئەمەس، بىر سىنىپ سالغۇدەكمۇ پۇل يوق. دەرۋەقە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، بازار ئىگىلىكىنىڭ جانلىنىشى بىلەن ئىقتىساد ئاساسى ئورنىغا چىقىپ، مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ كۆزى پۇلغا تىكىلدى. پۇلنىڭ رولى، قەدىر-قىممىتى مىسلىسىز دەرىجىدە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. پۇل ھازىرقى

دەۋردە ھەممىگە قادىر ھەل قىلغۇچ ئامىل، ھەممە قۇلۇپقا چۈشىدىغان ئاچقۇچقا ئايلىنىپ قالدى. ھەشەمەتلىك مەيخانا، كافىيخانا، مېھمانخانا، تانسىخانا، كېچىلىك ئىشرەتخانىلارنى سېلىشقا مىليونلاپ پۇل خەجلىنىۋاتقانلىقى، ئەۋلادلارنىڭ ساۋاتسىز، مەرىپەت گۈلزارى باغۋەنلىرىنىڭ ناچار مۇھىت، قىيىن تۇرمۇش شارائىتى ئىچىدە قېلىۋاتقانلىقى پاكىت بولۇپ قالدى. بەزى پۇل مەستانىلىرى پۇل مۇھىم، ئەمما پۇلنىڭمۇ قۇدرىتى چەكلىك، نىسپىي بولىدىغانلىقى، پۇلغا تاۋار سېتىۋالغىلى بولغان بىلەن ۋىجدان، ئەقىل-ئىدراك، مېھىر-شەپقەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنى سېتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشمىدى. بۇ ئەھۋال پاك ۋىجدانلىق، ئۇلۇغۋار غايىلىك كىشىلەرنى چۆچۈتتى، چوڭقۇر ئويغا سالدى. ئەنە شۇلارنىڭ بىرى دولانلىق مەخەت ئېلى ھاجى. ئۇ بازارلىق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، دائىملىق ئادىتى بويىچە ئالدى بىلەن ھاجىم ئانىسىغا مەسلىھەت سالدى:

— ئانا، ئادەم دۇنياغا يالىڭاچ كېلىپ، يالىڭاچ كېتىدۇ. تاپقان مال-دۇنيانى ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. مېنىڭچە، پۇل تاپقان ئىكەنمىز، ئۇنى ئۇز جايىدا ئىشلەتكىنىمىز ياخشى. مەن كەنتىمىزگە بىر مەكتەپ سېلىپ بېرەيمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن، سىزنىڭچە قانداق؟

— بالام، دۇنيادا بىر ياخشىلىق ۋە بىر يامانلىق ئۇنتۇلمايدۇ، — دېدى ئانىسى ھاياجانلىنىپ، — ئەجەب بەلەن گەپ قىلدىڭ، ساڭا دۇئا قىلاي، ئاۋامغا ياخشى ئىش قىلىپ بەر، نارەسىدىلەرگە شاپائەت ياغدۇر، ساۋاب بولىدۇ.

مەخەت ئېلى ھاجى شۇ كۈنىلا بازارلىق پارتكوم ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ بازار تەۋەسىگە بىر مەكتەپ سېلىپ، مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتتى:

— مەن كۆپرەك ئوقۇيالماپتىكەنمەن، ئەۋلادلىرىمىز ئوقۇسۇن، ئۇلار كەلگۈسىدە مەخەت ئېلى دادىسى سېلىپ بەرگەن مەكتەپتە ئوقۇپ زامانغا لايىق ئادەم بولسۇن، دەيمەن.

بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى قوللاپ، بازارنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىدىن 12 مو يەر ئاجرىتىپ بەردى. مەخەت ئېلى ھاجى دەرھال ئىشقا كىرىشتى. 1994-يىل 4-ئاينىڭ 15-كۈنى ياپيېشىل چۆپلەر يەلپۈنۈپ تۇرغان مۇنبەت ئېتىزدا يېڭى مەكتەپ قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇل سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، لىنتا كېسىلدى.

يېڭى چىققان ئاينى ھەممە ئادەم كۆرىدۇ. مەخەت ئېلى ھاجىنىڭ مەكتەپ سېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ھەممە يەرگە تارقالدى. بىر ئادەم ياخشى ئىش قىلسىمۇ، يامان ئىش قىلسىمۇ سۆز-چۆچەكتىن خالىي بولغىلى بولمايدىغان ھازىرقى مۇرەككەپ جەمئىيەتتە بۇ ئىشقا بەزىلەر خۇرسەن بولۇشتى، بەزىلەر «ئېسىت، مەخەت ئېلى ھاجى شۇ پۇلنى باشلىقلارغا بەرگەن بولسا، تىجارىتى تېخىمۇ روناق تاپاتتى»، «مەكتەپ دېگەننى ھۆكۈمەت سالىدىغان نېمە، ئۇنىڭ ئورنىغا مەسچىت سالسائچۇ»، «مۇنچىۋالا پۇلنى بانكىغا ئامانەت قويغان بولساڭ، ئۆسۈمىنى ئۆزۈڭ يېسەڭمۇ، قويغان پۇلۇڭ ئەۋلادلىرىڭغا قالار ئىدى» دېيىشتى. ھەقىقەتەن مەخەت ئېلى ئاشۇ پۇلنى بەزى باشلىقلارنىڭ كارنىيىغا ئۇرغان بولسا، بەزى يەپ تويمايدىغان يوغان قورساق ساقچىلارنىڭ يانچۇقىغا سالغان بولسا، ئۇنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ يۈرۈشۈپ كەتكەن، يوپۇرغىغا قاراپ كېتىۋاتقان كىرا ئاپتوبۇسى بىلەتچىسىنىڭ قولىدىكى نەق پۇلنى لۈكچەكلەر بۇلاپ كېتەلمىگەن؛ كېيىن ئويغىنىپ قاتناشقا باشلىغان كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئاپتوبۇسلار بۇ شىركەتنىڭ كىرا ئاپتوبۇسلىرىنى ئۆزلىرى ئاچقان يولدىن يولسىزلىق بىلەن قىستاپ چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇنمىغان؛ ساقچىلار شوپۇرلىرىنى بوزەك

قىلىپ بىھۇدە تۆلەم تۆلەتمىگەن؛ ئۈرۈمچىگە كىرا ئاپتوبۇسى سېلىشقا رۇخسەت ئېلىش ئۈچۈن مۇنچە كۆپ ھەرەج تارتمىغان بولاتتى. لېكىن مەخەت ئېلى ھاجى ئۇنداق قىلمىدى، يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن قايتماس، مەخەت ئېلى ھاجى ئىش باشلىغان كۈندىن تارتىپ قۇرۇلۇش سۈرئىتى ۋە سۈپىتىگە كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن ئۆزى ئىش ئۈستىدە تۇردى. كېرەكلىك ماتېرىياللار نەدە بولسا، شۇ يەردىن ئالدۇردى. بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى كۈچلۈك قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، كەنت، مەھەللىلەردىكى داڭلىق تامچى، ياغاچچى، تېخنىك، نەققاشلارنى تەكلىپ قىلىپ ھەمكارلاشتۇردى. بازارلىق پارتكوم سېكرېتارى سەمەت ئىسمائىلنىڭ ئىش ئورنىغا دائىم كېلىپ ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇشى ئۇنى چوڭقۇر تەسىرلەندۇردى. ياز ئايلىرىدا تەكلىماكاننىڭ قاتتىق ئىسسىقى ئوت-يالقۇن چاچىدۇ. ئىسسىق - سوغۇققا چېنىققان بۇ دولان پەرزەنتى ئۆي بىلەن ئىش ئورنى ئارىلىقىدا بەزىدە پىيادە، بەزىدە ۋېلسىپىتلىق قاتناپ، ئۈستىبېشى چاڭ-توزاندا بۇلغىناتتى، چىلىق-چىلىق تەرگە چۈمۈلەتتى. بەزى ماتېرىياللار ئۈزۈكسۈز قىلىپ جىددىي لازىم بولغاندا، ئۇ تەننەرخى ئەرزان جايلاردىن ئېلىپ كەلگۈچە ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ دەپ، يېقىن ئەتراپتىكى بازاردىن قانچە قىممەت بولسىمۇ تېپىلسىلا ئېلىپ، قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتىگە كېپىللىك قىلدى. شۇنداق جىددىي تۇتۇش قىلىپ، قۇرۇلۇش پۈتۈشكە ئاز قالغاندا خىراجەت ئېشىپ كەتكىلى تۇردى. ئاشقاندا ئانداق- مۇنداقمۇ ئەمەس، تۈمەن يۈەنلەپ ئاشقىلى تۇردى. بۇ ئەھۋال ئەتراپتىكى مۇشۇ قۇرۇلۇشقا نەزەر تاشلاپ تۇرغان، كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلار ئارىسىدا خىلمۇ خىل ئىنكاسلارنى پەيدا قىلدى. مەخەت ئېلى ھاجى بىلەن بۇرۇن بىر مەزگىل قويۇق ئارىلاشقان ئۈلپەتلەر بۇ ئىشقا تېخىمۇ بەكرەك دىققەت قىلىشاتتى. مەخەت ئېلى ھەج-تاۋاب قىلىش سەپىرىگە ئاتلىنىش ئالدىدا ھاراق-تاماكىنى تاشلاپ، بۇ ئىشلاردىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ ماڭغان ۋە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ بۇنداق سورۇنلارغا قاتناشمىغان ئىدى. ھېلىقى ئاغىنىلىرى بولسا ھامان ئۇنى «شول ھاراق، شول جوزا»غا باشلاپ كېلىپ «خانلەيلۇن»نى بىللە توۋلاش كويىدا ئىدى. بۇ قەدىناسلار بۈگۈن مەكتەپ قۇرۇلۇشى چىقىمىنىڭ ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ «مەخەتجان دەسلەپتە پۇنى يامان يوغان ئېتىۋەتتى، ئەمدى قانداق قىلاركىن» دېيىشىپ تاماشا كۆرۈشكە ئالدىرىدى.

## كۈچلۈك قوللىغۇچى

هازىر نۇرغۇنلىغان كىشىلەر سىياسەتكە، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ باي بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار باي بولغاندا ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى، مەھەللىسىگە بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى دەپ چۈشىنىدۇ. مەخەت ئېلى ھاجىنىڭ بىر نەۋرە تاغىسى ئەبەيدۇللا داموللا ھاجى ئۆزىنىڭ شەيئىلەرگە ۋە ھەر خىل مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە بولغان توغرا تونۇشى، ئىلمىي پوزىتسىيىسى، ھېكمەتكە تولغان جەلپكار سۆزلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر كىشى، ئۇ تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى سېرىقبۇيىدىن خېلى بۇرۇنلا چىقىپ كەتكەن. جاھان كېزىپ يۈرۈپ ئاخىرى پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن يېزا خاندۇ كەنتىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرى ئەنە شۇ جايدا ئېتىز ئىشى بىلەن ئۆتكەن. كېيىنچە ئۇ باغۋەنچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. هازىر ئۇن مو يەردە ئۈزۈملۈك بېغى بار، يىلىغا 38 مىڭ

يۈەن ساپ كىرىم قىلىدۇ.

ئەبەيدۇللا داموللا ھاجى 80-يىللاردىلا ئۆز يېنىدىن 1000 يۈەن پۇل چىقىرىپ، خاندۇ كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئون يۈرۈش پارتا-ئورۇندۇق ياساتىپ بەرگەن، بىر تراكتور كۆمۈر ئەكەلدۈرۈپ بەرگەن ئىدى. 1990-يىلى ئۇ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بىلەن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، نامراتلىق سەۋەبىدىن داۋاملىق ئوقۇيالماي ئۆيلىرىگە قايتىپ كەتكەن ياشلار ئۈچۈن ئۈچ يىللىق خەنزۇچە ۋە ئەرەب تىلى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. لاياقەتلىك بولغانلارغا ئوتتۇرا تېخنىكوم گۇۋاھنامىسى بېرىلدى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى باشلانغۇچ مەكتەپ، يېزا - كەنتلەرگە ئىشقا ئورۇنلاشتى، بەزىلىرى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئوقۇشقا كىردى.

بۇ يىل ئەتىياز ئەبەيدۇللا داموللا ھاجى تۇغقان يوقلىغاچ، يۇرتداشلىرىنى كەلگۈسىدە پىچان ئۈزۈمىگە ئېغىز تەگكۈزۈش ئۈچۈن بىر باغ بىنا قىلىش مەقسىتىدە سېرىقبۇيىغا كەلگەنىدى. بۇ ياخشى نىيەت بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇ 100 مو يەرنى 20 يىللىق توختام بىلەن سېتىۋالدى. بىر چەتتە تاشلىنىپ ياتقان بۇ ئويمان - دۆڭ يەرنى ئەمگەك كۈچى ياللاپ تىندۇرۇپ، تۈزلەپ، تاختىلاپ، كۆچەت تىككۈدەك ھالەتكە كەلتۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن، مەخەت ئېلى ھاجىنىڭ ئىشنى قوللاپ، ئۆز يېنىدىن 37 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ، مەخەت ئېلى ھاجى سېلىۋاتقان مەكتەپكە 160 يۈرۈش پارتا-ئورۇندۇق ياساتىپ بېرىشنى ئۈستىگە ئالدى. ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئۇنى قىزغىن قوللاپ، سېتىۋېلىنغان ياغاچلارنى تاللاش، ماشىنىغا بېسىش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى.

مەخەت ئېلى ھاجىنىڭ 161 مىڭ 90 يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ مىللىي ئۇسلۇبى گەۋدىلەندۈرۈلگەن 512 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى يېڭى مەكتەپ سېرىقبۇيا بازىرىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈردى. بۇ مەكتەپنىڭ ھەر بىرىدە 50 تىن ئوقۇغۇچى ئوقۇيالايدىغان يورۇق ۋە ئازادە سەككىز سىنىپ، بىر ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى، ئىككى مۇدىرىيەت ئىشخانىسى بار. ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىگە باسما قۇدۇق، ئالدىغا تۆمۈر رېشاتكىلىق دەرۋازا ئورنىتىلغان. باللارنىڭ چېنىقىشى ئۈچۈن ياسالغان تەنتەربىيە مەيدانىمۇ ھەر خىل مەشغۇلات تۈرلىرىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ ئەپچىل لايىھەلەنگەن. مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا ھەر خىل كۆچەتلەر قويۇلغان. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئارقىسىدىكى سەككىز مو يەرگە مېۋىلىك كۆچەت قويۇلغان بولۇپ، مەكتەپ يېشىللىق ئىچىگە پۈركۈنۈپ تۇرىدۇ.

## ئالقىش ۋە ئۈمىد

1994-يىل 8-ئاينىڭ 25-كۈنى. ئاسمان يېڭىلا سۈرتۈلگەن دېرىزە ئەينىكىدەك سۈزۈك

ئىدى. بۈگۈن سەھەردىلا يېڭى مەكتەپتە چېلىنغان ناغرا ـ سۇنايىنىڭ ياڭراق ئاۋازى جىمى ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. كىشىلەر توپ-توپ بولۇشۇپ ئىختىيارسىز بۇ تەرەپكە قاراپ ئاقتى. بۇ ئىمتاس، خىلۋەت ماكان تەنتەنە، ھايات شاۋقۇنلىرى بىلەن جانلىنىپ كەتتى. مەكتەپ، سىنىپ، ئىشخانىلار مەكتەپنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتنىشىش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن مېھمانلار، تاماشىبىنلار بىلەن تولدى. يىغىن سەھنىسىگە پلاكات، لوزۇنكىلار، رەڭگارەڭ بايراقلار ئېسىلغان. سەھنە ئالدىدىكى ئۈستەللەر تەبرىكنامە، لەۋھەلەر بىلەن تولغان. ھەممە كىشىنىڭ چىرايىدا شاد-خۇراملىق، ئىپتىخارلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئۆسمۈر- باللار ھەممىدىن بەكرەك خۇشال ئىدى. ئۇلار مەكتەپ ھويلىسىدا قىن-قىنىغا پاتماي سەكرىشەتتى، يۈگۈرۈشەتتى، تۇۋلىشاتتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى، مارالبېشى ناھىيىسى ۋە قوشنا يېزا-بازارلاردىن بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن ۋەكىللەر ئوقۇتۇش بىناسى ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سەھنىدىن ئورۇن ئېلىشتى.

يىغىن رىياسەتچىسى، مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى پەرھات سېيىت يېڭى مەكتەپ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنىڭ باشلانغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى. گۈلدۈراس ئالقىش، داقا-دۇمباق سادالىرى ئىچىدە قويۇپ بېرىلگەن رەڭدار شار ۋە كەپتەرلەر ئاسمانغا پەرۋاز قىلدى. ئاندىن سېكرېتار سەمەت ئىسمائىل بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن بۇ يېڭى سېلىنغان مەكتەپكە «مەخەت ئېلى ھاجى باشلانغۇچ مەكتىپى» دەپ نام بېرىلگەنلىكى ھەمدە مەخەت ئېلى ھاجىنىڭ بۇ مەكتەپكە پەخرىي مۇدىر بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. سېكرېتارنىڭ سۆزىگە ئۇلىنىپلا ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە يېزىقتا مەكتەپ نامى ئويۇلغان ئابىدىنىڭ يوپۇقى ئېچىلدى. قىزغىن ئالقىش ۋە مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە پىئونېرلار مەخەت ئېلى ھاجى بىلەن ئەبەيدۇللا داموللا ھاجىغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ گالستۇك تاقىدى. مۇراسىمغا كەلگەن ۋەكىللەر ۋە رەھبەرلەر بۇ ھاجىملار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، مۇبارەك بولسۇن، دولانلىقتا خاس ئىش قىلىپسىلەر، ئاپىرىن ئەزىمەتلەر، دەپ تەبرىكلەشتى. ئۇلارغا تون كىيگۈزدى، پوتا باغلىندى. يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارغا بىر تەرىپىگە ئۆزىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، يەنە بىر تەرىپىگە تام سائىتى ئورنىتىلغان، ئوتتۇرىسىغا «ئەۋلادلار ئۈچۈن بىلىم بېغى بىنا قىلغان مەخەت ئېلى ھاجىمغا تەقدىم» دېگەن خەت يېزىلغان رامكا تەقدىم قىلدى. مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇراسىمغا ئاتاپ تەييارلىغان سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى. ئورۇندالغان نومۇرلار ئىچىدىكى:

«ھەشقاللا، كۆپ ھەشقاللا،
مەخەت ھاجىمغا ھەشقاللا.

مەرىپەتنىڭ تەشناسى

مەخەت ھاجىمغا ھەشقاللا.

ھەشقاللا، كۆپ ھەشقاللا،

مەخەت ھاجىمغا ھەشقاللا.

بىزگە مەكتەپ سېلىپ بەرگەن

مەخەت ھاجىمغا ھەشقاللا.

ھەشقاللا، كۆپ ھەشقاللا،

مەخەت ھاجىمغا ھەشقاللا.

ئەۋلادلارنىڭ غەمخورى،

مەخەت ھاجىمغا ھەشقاللا».

دېگەن ناخشا ھەممىنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى.

باھار يامغۇرىدەك يېغىۋاتقان تەبرىكنامە، مەدھىيىلەردىن قاتتىق خىجىللىق ھېس قىلىپ، سەھنىدە قىزىرىپ ئولتۇرغان مەخەت ئېلى ھاجىم سۆزگە تەكلىپ قىلىندى. ئەزەلدىن مۇنداق زور شان-شۆھرەت، ئابروي-ئىناۋەتكە ئېرىشىپ باقمىغان، مۇنداق تەنتەنىلىك سورۇنلاردا سۆزلەپ باقمىغان بۇ تارتىنچاق دولان پەرزەنتى دەسلەپتە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تەمتىرىدى، ھودۇقتى. ئۇ گېپىنى يەنىلا مەكتەپنىڭ قىشلىق تەييارلىقى، يەنى مەش، كۆمۈر، ئوتۇننى ھازىرلاپ بېرىدىغانلىقىدىن باشلىدى. ئۇ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن «غۇنچە مۇكاپاتى» نى يولغا قويىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا يىغىن ئەھلى يەنە بىر قېتىم گۈلدۈراس ئالقىش ياغدۇراتتى.

سېرىقبۇيا بازىرىدىكى مەركىزىي ئوتتۇرا مەكتەپ مەخەت ئېلى ھاجىمنىڭ ئانا مەكتىپى ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا بۇ مەكتەپ ناھىيە بويىچە گۈللەنگەن ئىلغار مەكتەپ ئىدى. شۇڭلاشقا ناھىيىنىڭ كۆپلىگەن مائارىپ يىغىنلىرى بۇ مەكتەپتە ئېچىلاتتى. مەكتەپنىڭ نەچچە ئون مو يەردە باغ ۋە كۆكتاتلىقى، چارۋىسى، بىنام يەرلىرى بار ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى خىل، ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى، باشقۇرۇلۇشى رەتلىك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتۈش نىسبىتىمۇ يۇقىرى ئىدى. ۋىلايەت ۋە ھەرقايسى ناھىيىلەردە ئىشلەۋاتقان مائارىپ، ئىشلىق كادىرلارنىڭ تولىسى مانا مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلار ئىدى. لېكىن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بۇ مەكتەپ بىگۇناھ زىيالىيلارنى جازالايدىغان تۈرمىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، ئەلەم كۈرەشلىرىنىڭ تەسىرىدە قاتتىق بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىدى. ئەمدىلىكتە مائارىپتىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن خەتەرلىك ئۆيلەر كۆپىيىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ئېغىر تەسىر يېتىۋاتاتتى. مەخەت ئېلى ھاجىم مانا مۇشۇ مەكتەپ ئۈستىدە توختىلىپ،

ئىشەنچ ۋە ئۈمىدكە تولغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ئالدىمىزدىكى بىر-ئىككى يىل ئىچىدە مەن يەنە 500 مىڭ يۈەندىن 1 مىليون يۈەنگىچە پۇل سەرپ قىلىپ، بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىمەن. مەن ھەممىڭلارنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى بەختى-ئىقبالى ئۈچۈن مائارىپنى قوللىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن».

## خاتىمە

«مەخەت ئېلى ھاجى مەكتىپى»نىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئوقۇش باشلىغانلىقىنى ئالدى بىلەن ناھىيە رەھبەرلىرى ئۆز يېنىدىن شەخسىي پۇل ئىئانە قىلىش بىلەن مۇبارەكلىدى. ئارقىدىن ئىدارىلەر، شىركەتلەر، كارخانىلار، يېزا-بازارلىق ھۆكۈمەتلەر ۋە يەككە تىجارەتچىلەر، دىنىي زاتلار ۋە مەكتەپلەر بەس-بەس بىلەن پۇل ئىئانە قىلدى. نەق مەيداندىلا 54 مىڭ 561 يۈەن نەق پۇل، 5000 يۈەنلىك ئوقۇش قوراللىرى ئىئانە قىلىندى. ئىئانە قىلىش بارا-بارا ئامما ئىچىگە كېڭەيدى. كىشىلەر، مائارىپنىڭ قىيىنچىلىقى بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىز، بۇندىن كېيىن ئون كوي تاپساقمۇ مائارىپقا ياردەم قىلىمىز، دېيىشتى.

ھىممەت ھىممەتنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ، بازاردىن 20 كىلومېتىر نېرىدىكى يولۋاسقوتان يېزىسى قورام توغراق كەنتىدىكى خەلق ئوقۇتقۇچىسى سايىم خۇدابەردى ئۆي سېلىش ئۈچۈن بىر ئاز پۇل يىغقان ئىدى. لېكىن ئۇ ئەمدى ئۆي سېلىشتىن بۇ ئەتراپتا مەكتەپ بولمىغانلىقتىن نۇرغۇن ئوقۇشسىز قالغان بالىلارغا مەكتەپ سېلىپ بېرىشنى ئەۋزەل بىلدى. شۇنىڭ بىلەن 10 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالدى. مەكتەپنىڭ لايىھىلىق، سىزۋاقچىلىق قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئايالى بىلەن ئىككىسى ئىشلەپ پۈتتۈردى. ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى سايىم بارلىق دەرسلەرنى ئۆزى ئۆتۈشنى ئۈستىگە ئېلىش يولى بىلەن ھەل قىلدى.

سېرىقبۇيا بازىرىدا ئومۇمىيلىشىۋاتقان مائارىپنى قوللاش قىزغىنلىقىنىڭ يالقۇنى يېڭىئۆستەڭ، چوڭقۇرچاق، ئاقساقمارال، ئالاغىر قاتارلىق يەر-سۇلىرى بىر-بىرى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان قوشنا يېزا-بازارلاردىمۇ يېلىنجىدى.

مەخەت ئېلى ھاجى ھېلىمۇ سېرىقبۇيا بازارلىق دوختۇرخانىنىڭ ئاددىي ئىشچىسى. مەخەت ئېلى ھاجىنىڭ قۇتلۇق نامى مىللىي مائارىپ تارىخىنىڭ ئالتۇن سەھىپىسىدىن، ئۆسمۈرلەرنىڭ غۇبارسىز پاك قەلبىدىن مەڭگۈ ئۆچمەس ئورۇن ئالدى. بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ شان-شەرەپ-ھە.

1994-يىل 16-دېكابىر
1995-يىل 14-مارت
مارالبېشى - ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم




مۇھەممەتجان سادىق

# ئانا ۋە ئوغۇل

(باللادا)

(50 - يىللاردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بېغىشلايمەن)

## مۇقەددىمە

قانچىلىك ئەقىدە، ئىجتىھات بىلەن
ئولتۇرغان ئىدۇق، ھە، پارتىلارغا بىز؟!
يۈرەكنى تاپشۇرۇپ بەرگەندۇق تۇگەل،
ھۆرمەتلىك ئانىلار، ئاتىلارغا بىز؟!
قالدى ئۇ زامانلار بىر تارىخ بولۇپ،
ۋە لېكىن كۆزلەردە ئۇنىڭ ھەر كۈنى.
ئاڭلىنار قۇلاقتا شۇنچىلىك ئېنىق،
ھاياجان،
شادلىقتىن ياڭرىغان ئۈنى.
ئەسلىسەڭ مەردانە ماڭغان يولۇڭنى،
كىرىدۇ كۆڭلۈڭگە قىياشتىن يورۇق.
كۆكلەيدۇ، بىلەمسەن، مۇنبەت تۇپراقتا
يەنە شۇ كۆمۈلگەن خىسلەتلىك ئۇرۇق.

## سەپەر ئالدىدا يېزىلغان خاتىرە

يىغلايدۇ ئۇن ئالتە ياشلىق ئاھ، ئۇسمۇر،
باسالماي ئۆزىنى قاتتىق ئۈن سېلىپ.
بەزلەيدۇ: - يىغلىماڭ ئىنىم، يىغلىماڭ! -
ئېگىز بوي بىر كادىر يېنىغا كېلىپ.
-نېمىشقا ئوقۇشتىن قالدۇرىسىلەر،
ئۆتسەمۇ ئىمتىھان ئاتلىق داۋاندىن!؟
ھەر سۆزى مىلىنىر كۆز ياشلىرىغا،
ھەر سۆزى ئۇرغۇيدۇ يۈرەك، ئارماندىن.
ئۆسمۈرنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلگەن يامغۇر
سىڭمەكتە كادىرنىڭ دىل باغلىرىغا.
چىدامدۇ بۇ كادىر سەپەر يولىنى
ئاچماستىن ئۈمىدنىڭ ئوت چاغلىرىغا؟!
بولسىمۇ كىچىكرەك يېشى ۋە لېكىن،
بوي - تۇرقى ئېگىزرەك،
قىزغىنلىقى ئوت.
ئىنتىزار مۇشۇنداق پەرۋانىلارغا
بىزنىڭ بۇ تەگرىتاغ -
جاندىن ئېزىز يۇرت.

ئابلىز دەپ قىچقارغان ئىسمىنى مەزىن

قارا قاش، قارا كۆز بۇ خىيالچاننىڭ.
قارىيىپ كېلەتتى بۇرنىنىڭ ئاستى،
بىر كۆرسە ئوت ئالار مېھرى جانانىنىڭ. . .
دوست ئىدى ھېمىشەم كىتابلار بىلەن،
ئالاتتى خەجلىمەي تاپقان پۇلىغا.
ئىزدەيدۇ خەزىنىدىن «جاھاننامە»نى
ئۆمرىنىڭ ئەتىكى ماڭار يولىغا.
شۇڭلاشقا مەھەللىلىك ئەڭۈنۇشلىرى
«كىتاب» دەپ قويىشغان بىكارغا لەقەم.
تەپمەستىن تەپكۈچىنى بۇ كىچىك پەرھات
كۈنۈ تۈن ئويي سۈرۈپ خەزىنىگە ھەمدەم.
كۆرەتتى شېرىنىنى «جاھاننامە»دىن،
ياناتتى قەلبىدە لاۋۇلداپ گۈلخان.
ئاختۇرۇپ يارىنى سەپەرگە ئاشىق
ئاتلىنار ئەتىگە،
ئۈپۈقتا چولپان.
چاچلىرى ئاقارغان تاڭنىڭ نۇرىدەك
مۆھتەرەم ئانىنىڭ كۆزلىرىدە ياش.
لېكىن ئۇ توختىماي جانجىگەرىنىڭ
يوللۇقى ئۈستىدە قانۇراتتى باش.
رەڭمۇرەڭ ئەندىشە، رەڭمۇ رەڭ خىيال،
توختىماس بىردەمنۇ ئانا قول - پۇتى.
ياناتتى كۆڭلىدە بۈگۈن باشقىچە
لاۋۇلداپ مۇھەببەت - مېھرىنىڭ ئوتى.
ئابلىزنىڭ يېنىغا كەلدى بىر چاغدا،
دەيدىغان قىممەتلىك سۆزى بارمىدۇ؟!
ئولتۇردى ئورنىدىن تۇرۇپ مايكىلىق
ئوغۇلمۇ،
كۆڭلىگە قايغۇ يارمىدۇ؟!
ئايرىلار ئەتىگە مۇشۇ قەدىردان
كۈن ۋە تۈن غەمگۇزار پەرۋانىسىدىن.
تۈنجى رەت ئۆرلىدى كۆڭلىنى يېرىم
قىلغان غەم ئابلىزنىڭ غەمخانىسىدىن.
- ئوغلۇم! دەپ باشلىدى سۆزىنى ئانا،
ئوغلىنى مۇھەببەت - مېھرىگە چىلاپ،
ئولتۇرۇپ يېنىدا جانجىگەرىنىڭ
تىترىگەن قولىدا بېشىنى سىلاپ،
- كېتىسەن يىراققا بىزدىن ئايرىلىپ،
كۆرمىگەن ئاتاڭمۇ بارار يېرىڭنى.
ئۇ قانداق بىر شەھەر بىلمىدۇ ئىگەم،
ھەمىشەم ئويغاق تۇت كۆز ۋە دىلىڭنى.
كىچىكسەن، ئاغزىڭدا تەمى سۈتۈمنىڭ
ئوقۇش، دەپ ئاتلاندىڭ قوزام، سەپەرگە،
يولۇڭنى توسماي تىلىدىم ئاق يول،
چولپاندەك چىق ئوغلۇم، ئەتە سەھەرگە.
جاينامار ئۈستىدە ئولتۇرغىنىمدا
تىلەيمەن خۇدادىن ئامانلىق ساڭا.
ھەمىشەم ئىشىكتە تۇرار كۆزلىرۈم،
بىر خېتىڭ - بىر بايرام بولىدۇ ماڭا.
بىلگىنكى، دىل پارەم، سەيلە - تاماشا
ئۈچۈن سەن چىقمايسەن ئەتە سەپەرگە.
ئۆتكەي ھەر بىر كۈنۈڭ كىتاب ئىچىدە،
سەن ئەمدى ئوغۇلسەن سۆيۈملۈك ئەلگە.
سۆزۈمنى ئېسىڭدە ساقلىغىن، ئوغلۇم،
قالمىغىن ئۇياتقا دوستلار ئالدىدا.
تۇرىدۇ، بىلەمسەن، ئانا سۆزلىرى
ۋاپادار ئوغۇلنىڭ دائىم يادىدا.

## كەچۈرگىن، ئالدىڭغا بىر بارالمىدىم

تۈگەتتى كادىرلار مەكتىپىنى ئۇ
بۇرۇتى خەت تارتقان ئون يەتتە ياشتا،
ۋە لېكىن، قانمىدى ئۇسسىزلۇقى ھېچ،
ئوقۇشنىڭ خىيالى يەنىلا باشتا.
بۆلۈندى ساناقەت نازارىتىگە،
ئاتالدى كۆپ ئۆتمەي شاكىچىك كادىر.
ئىچىنى ئۆرتەيتتى كۈن - تۈنى ئەلەم،
يەنە يار ۋەسلىگە ئىنتىزار تاھىر.

ھەت يېزىپ سۆيۈملۈك ئانىسىغا ئۇ،
سۆزلەيتتى دىلدىكى قايغۇ - غېمىنى.
ئاھىدا خالىيدا كىرپىكلىرىگە
ئاساتتى مەرۋايىت تاڭ شەبنىمىنى.
نازىرنىڭ قېشىغا كىردى تالاي رەت،
ئۈمىدى گۈلىگە زۈمرەت سۇ سوراپ.
چىقاتتى كۆزلىرى نەملەنگەن ئابلىز
يۈزىنى ھەسرەتنىڭ تۇمانى ئوراپ.
- چېكىسەن نېمانچە پىغان شاكىچىك،
بولدى قىل، قاپلىسۇن كۈلكە يۈزۈڭنى.
ماختانساڭ ئەرزىيدۇ خىزمەت ئورنىڭدىن،
بولدى قىل، نەملىمە ئەمدى كۆزۈڭنى.
- چىرايلىق ھۇسنۇڭنى سارغايتمىسۇن دەرد،
ئەرشكە چىقارمۇ ئۈيغۇردىن ئوقۇپ؟
ياشلىقىڭ باشلاندى، چاقىن قەنتنى
ھەمىشە مۇھەببەت قوشىقى توقۇپ.
ھاياتنىڭ لەززىتى مانا شۇنىڭدا،
مەي ئىچكىن ھۆرلەرنىڭ ياقۇت لېۋىدىن.
كىم بىلسۇن، ئەتىگە بولارسەن باشلىق،
ئامىتىڭ كېپقالسا ئەگەر ئوڭدىن.
- جۇر ئىنىم، مەن ئېلىپ باراي بەزمىگە،
يۈرىكىڭ شادلانسۇن ناخشا - سازلاردىن.
ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا ھامان،
ياشلىقىڭ گۈل ئاچسۇن جىلۋە - نازلاردىن.
خىلمۇ خىل تەكلىپلەر،
خىلمۇ خىل بەزلەش،
ۋە لېكىن ئابلىزنىڭ پەرۋايى پەلەك.
ھامان ئۆز خىيالى ھاكىم ئۆزىگە،
كۈنۈ تۈن كىتابلار ئىچىدە ھەلەك.

بازار ئۇ خاتىرە، تولار ۋاراقلار
بۇ ئاشىق يۈرەكنىڭ گۈل - چېچەكىدىن.
ئۇ دائىم، ئۈمىدۋار ئەزىز يۇرتىنىڭ
ئەتىكى تەقدىرى، كېلەچەكىدىن!

ياق،
مېنى ئازدۇرما ئېزىتقۇ قۇيۇن،
تەڭرىتاغ ئۈمىدى بىزلەردە ئاخىر.
نېمىشقا ئەرشكە چىقالماس ئۈيغۇر؟
نېمىشقا يېتەلمەس زۆھرەگە تاھىر!؟
ياق،
ياق،
بۇ سۆزلەر ئۈمىدسىزلىكنىڭ
سولاشقان، قۇرۇغان ھىدسىز گۈللىرى.
بۇ سۆزلەر نالىسى مىسكىن بەندىنىڭ،
ئۆتمىدۇ شۆلگىيى ئېقىپ كۆڭلىرى.
تۇتقۇلۇق ھەر قانداق پۇرسەتنىمۇ چىڭ،
ئۈمىدنىڭ گۈلىگە دائىم سۇ قۇيۇپ.
چىقىمىز ئەرشكە چوقۇم ئۆرلىسەك،
كۆڭۈلدىن چۈشكۈنلۈك دېغىنى يۇيۇپ.
ناخشا، ساز،
بەزمىسىز ئۆتمەيدۇ ئۆمۈر،
لېكىن ئۇ، ھاياتنىڭ مەنىسى ئەمەس.
ئادەم ۋە خەلقنىڭ يورۇق دۇنيادا
ئىزدىگەن سۆيۈملۈك رەناسى ئەمەس.
ئوقۇغان ئادەمنىڭ، پاكى مىللەتنىڭ
بېشىدا ھەمىشەم نۇر چاچار قۇياش.
مەن يەنە ئوقۇيمەن يەتسىمۇ ھەتتا،
قېرىلىق دەۋرگە بۇ ئون يەتتە ياش!

ئۈمىدسىز شەيتاندۇر،
ئۈمىدلىك ئادەم،
نازىرنىڭ كۆزىدە كۆيىدۇ چىراغ.
ئابلىزنىڭ قەلبىدە ئاتماقتا سەھەر،
كۆچەيگەن يەتنىمۇ ئاھ ئىشقى پىراق.
- بارسەن ئوقۇشقا يېقىن ئارىدا، -
كۈلمەكتە ئەل ئوغلى نازىر سۆزىدىن.
شاكىچىك مەكتەپكە شۇنچە ئىنتىزار،
چاچرايدۇ ئۇچقۇنلار ئىككى كۆزىدىن.

ئېيۇلنىڭ ئاخىرى،
ئىنتىزار خەۋەر
ئابلىزنىڭ بېشىنى يەتكۈزدى كۆككە،
چاقنىغان يۇلتۇزلار گۈل بولدى ئۇ تۈن
كۆزلىرى گۈل چاچقان بادام گۈل بۆككە.
بارىدۇ شىئەن كان ئىنىستىتۇتىغا،
خۇشلۇقتىن ئېيتاتتى ناخشا يۈرىكى.
كۆلەتتى ئۆمرىنىڭ تۆپرىقىدا شاد
بەختتىن سۇ ئىچكەن ۋىسال پورىكى.
ئاۋغۇستنىڭ ئىككىسى،
ئاقارغان ئۈپۈق،
قوزغالدى ماشىنا يىراق سەپەرگە.
يانمۇيان ئولتۇرار قىز ۋە ئوغۇللار،
يۈزلىرى ئوخشىغان گۈلگۈن سەھەرگە.
ئاشىمۇ ئۆيىدىن ئايرىلغىنىغا
ئاھ، ئاشۇ ئابلىزنىڭ بىر يېرىم يىلدىن.
مانا ئۇ، شېرىننى ئىزدەپ سەپەرگە
ئاتلاندى شۇنچىلىك شادلىنىپ دىلدىن.
ۋە لېكىن كەتمىدى كۆزى ئالدىدىن
سۆيۈملۈك ئانىسى ـ نۇرانە چىراي.
ـ كەچۈرگىن، ئالدىڭغا بىر بارالمىدىم،
كەچۈرگىن، ئالەمدە ئەڭ ئەزىز موماي!
قارىدى ماشىنا دېرىزىسىدىن
خۇش چىراي ئولتۇرغان بوغدا ئانىغا.
تۆيۈلدى قارلىق تاغ ئانىسى كەبى
تۇرغاندەك ئاپئاق يول تىلەپ بالىغا.

## ئانىنىڭ زارى

ئابلىزنىڭ كۆزىگە كەلدى ئۇنتۇلماس
ئۈزىتىش سورۇنى،
نازىر كۆزلىرى.
ياڭرايتتى جىمجىت زال ئىچىدە گويا
تەڭرىتاغ ئارزۇسى، يۈرەك سۆزلىرى:
ـ ئانا يۇرت، سىلەرنى زور ئۈمىد بىلەن
ماڭدۇردى قەدىمىي چاڭئەن شەھىرىگە.
شان ـ شەرەپ ئاقلىماق ئانا سۈتىنى،
يولۇقۇش نومۇستۇر غەزەپ ـ قەھرىگە.
سۆزىنى تۈگىتىپ سۆمباتلىق نازىر
ئابلىزنى قىچقاردى ئېتىنى ئاتاپ.
ئورنىدىن دەس تۇردى، يۈزى ھۆپپىدە
ئوت ئالغان نەۋقىران ـ ئەتىگە جاۋاب.
ـ بارىدۇ مانا بۇ شاكىچىك كادىر
ئابلىزمۇ سىلەرگە قوشۇلۇپ بىرگە.
ئەتىكى ستۇدېنت تۇراتتى جىمجىت
كۆمۈلۈپ كۆزلەردىن ئاققان مېھرىگە.
ئابلىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرار خۇش خۇي
قاپىقى بادامدەك قامەتلىك يىگىت.
ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كۈلۈپ تۇراتتى
ماڭلىيى دوقا، كەڭ
قامەتلىك يىگىت.
يىگىت ئۆز ئىسمىنى تۇرسۇن دېگەنتى
سەممىي قول بېرىپ، كېچە تونۇشۇپ.
تارتىنىش دېگەننى بىلمەيتتى بۇ ياش،
ئولتۇردى ياتاقتا ئۇزاق مۇڭدىشىپ.
ئىككىسى بىر يۇرتلۇق، ۋە لېكىن ئۇلار
كۆرمىگەن غۇلجىدا بىرى بىرىنى.
باغلىدى دوستلۇقنىڭ سىرلىق يىپىدا
تەقدىر بۇ ياشلارنىڭ يۈرەك مېھرىنى.
سانجىلغان بولسىمۇ چاچلىرىغا ئاق
كۆچەيگەن دوستلۇقى بۇ ئىككى دىلنىڭ.
تارتسىمۇ تالاي دەرد قالمىدى توختاپ
ناخشىسى يۈرەككە تۇتاش بۇ تىلنىڭ.
ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بولماس بەزمە، توي،
ھەر قانداق چاغدىمۇ بولمىسا بىرى.
بىرىگە بىرى پۈت،
قول ياكى قانات،
كۈندۈزدەك يوپيورۇق بۇ دوستلۇق سىرى.

ياڭرايدۇ ھەر ياندا داقا - دۇمباقلار،
يوچاڭزا ئۈنىدىن ئاسمان لەرزىدە.
مۇھەببەت،
ھاياجان ناخشىسى شۇدەم،
دايەنتا،
ئېھ، گۈزەل دىلبەر لەۋزىدە!
بىلمىدىم، دەرۋازا ھەسەن - ھۈسەنمۇ؟
كىردى شاد تەڭرىتاغ نەۋقىرانلىرى.
قوينىغا ئالدى كان ئىنىستىتۇتى،
ياڭرىدى ئۇيغۇرنىڭ كۈي - چۆقانلىرى.
نەچچە كۈن تاماشا قىلدى چاڭئەننىڭ
ھەيۋەتلىك سېپىل ۋە راۋاقلىرىنى.
بولدى خان سارىيى ئىچىدە ئۇلار،
كۆردى جام، زىننەتلىك تاۋاقلىرىنى.
بۆكۈخان① ئېتىنىڭ ئاياغ ئىزلىرى
تۇرار كۆز ئالدىدا خۇددى شۆھرەتتەك.
خوتەننىڭ گىلىمى، قەشقەر ماللىرى،
قاتارى يايىملار گۈزەل سۈرەتتەك.
ياڭرىدى تەڭرىتاغ كارۋانلىرىنىڭ
قوڭغۇراق ساداسى قۇلاقلىرىدا.
ئاقاتتى كۆسەننىڭ② ناخشىچى سەنەم
تاشلىغان گۈللەر دىل بۇلاقلىرىدا.
ھەيۋەتلىك بۇتخانا ئىچىدە تەپسىر
قىلاتتى نوملارنى كومىراجىۋا.③
سېپىللار ئۈستىدىن ئايغا قول سوزدى
قىزدۇرۇپ قانغۇچە ئىچىلگەن پىۋا.
ئاخىرى سەيلەر تۈگەپ پارتىغا
ئولتۇردى ئۆزلىرى بىر سىنىپ بولۇپ.
باشلاندى كۆڭۈللۈك مەكتەپ ھاياتى،
قىز - ئوغۇل قەلبىگە ئىجتىھات تولۇپ.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

- ئاھ، ئۇچۇپ كەتتىڭغۇ كۆزۈمدىن بالام،
تۆت قېتىم قار يېغىپ، ئېچىلدى گۈللەر.
شۇنچىلىك سېغىندىم سېنى،
قارايدى
ھىجراننىڭ ئوتىدا كۆيۈپ بۇ كۈنلەر.
كەتكەنتىڭ ئوقۇشقا ئون ئالتە ياشتا،
ئۆسكەنسەن ئاتاڭدەك ئېگىز بوي تارتىپ.
ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ رەڭگى - روھىڭمۇ،
بۇرنىڭنىڭ ئاستىدا بۇرۇت توي تارتىپ.
بىر كەلگىن،
تىكىلگەن شەرق تەرەپكە
بالام، دەپ تەلمۈرگەن ئاناڭنىڭ يۈزى.
بىر كەلگىن،
شۇنچىلىك كېپكەتتى كۆرگۈم،
تورىدۇ يولۇڭدا ئاناڭنىڭ كۆزى.
مۈكچەيگەن،
چاچلىرى تاڭ نۇرىدەك ئاق،
چىرايى نۇرانە ئانا — كۆيگەن ئوت.
گويا ئۇ سېغىنىش يالقۇنى ئاققان
قىزىغان تونۇرىدەك كۆيۈۋاتقان يۇرت.
ئوغلىنىڭ ئىزىنى ئىزدەۋاتقاندەك
يۈرەتتى ھويلىدا گۈللەرگە قاراپ.
بەزلەيتتى سەھەرنىڭ سەلكىن شامىلى
شىۋىرلاپ، پىچىرلاپ چېچىنى تاراپ.

## ئانىنىڭ مېھرى

- بۇ يىل ياز بىر بېرىپ كەلسەڭچۇ ئابلىز،
ئاناڭنىڭ كۆز يېشى بوياپتۇ خەتنى.

① بۆكۈخان - مىلادى 760 - 780 - يىللار ئارىلىقىدا ئۇيغۇر - ئورخۇن خانلىقىغا خان بولغان. باياnچۇرقاغاننىڭ كەنجى ئوغلى، تاڭ پادىشاھى تاڭشەنزۇڭنىڭ خېيىبي لەتراپلىرىدا تۇرىدىغان ھەربىي - بەمۇرىي ۋالىيسى.
② كۆسەن - كۇچانىڭ كونا ئىسمى.
③ كوماراجىۋا - مەشھۇر بۇددا ئالىمى، تىلشۇناس ۋە شائىر. ئۇ مىلادىنىڭ 344 - يىلى كۇچادا تۇغۇلۇپ، 413 - يىلى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ چاڭئەن شەھىرىدە 70 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

تارتمىسۇن بىچارە، مېھرىبان موماي
قېرىغان چېغىدا كۈن - تۈنى دەردنى.
سۆزلىدى قولىنى قويۇپ دوستىنىڭ
يەلكىسى ئۈستىگە تۇرسۇن ئۇي سۈرۈپ.
ئىككىسى بەلدىڭدە،
چىنار ئاستىدا
ئولتۇرغان چېغىدا جىم كىتاب كۆرۈپ.
كۈن بارار يېقىنلاپ نامازدىگەرگە،
يوپۇرماق ئۈگدەيتتى شىلدىرلىماستىن.
تىكىلىپ تۇراتتى جاۋاب كۈتكەندەك
تۇرسۇن ئۆز دوستىغا قىمىرلىماستىن.
كۆزىنى كىتابتىن ئېلىپ بىر ھازا
قالدى جىم ئابلىزمۇ قايتۇرماي جاۋاب.
ئاشتى تۆت يىلدىنمۇ،
ئانىسىنى بىر
كۆرمىدى، يۈرىكى شۇ كۈنلەر كاۋاپ.
كۆزىگە كەلدى ئۇ مېھرىبان چىراي
ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلگەن ھالدا.
كەلدى ئاھ، ئابلىزىم، يۈرسەن نەدە؟
دېگەندەك ئىچ باغرى سۆكۈلگەن ھالدا.
ئانىنىڭ مېھرىدىن تۆرەلگەن ئوغۇل،
ئانىدىن ئايرىلىپ چىدايدۇ قانداق؟!
كۆرگۈسى كەلمەمدۇ زادىلا ئۇنىڭ،
ئەمەسمۇ يا دىلدا سۆيگۈسى قايناق؟!
نېمىشقا،
نېمىشقا بارمايدۇ ئابلىز
• قەدىردان ئانىنى كۆرگىلى ئۇچۇپ؟!
ئاڭلايلى،
باشلىدى سۆزىنى ئوغۇل
كۆڭلىدە بىر گۈزەل ئارمانى قۇچۇپ:
-ئانامنىڭ تۆكۈلگەن ياش داغلىرىنى
كۆردۈم راست بايىلا كەلگەن شۇ خەتتىن.
مېنىڭمۇ كۆزۈمدىن ئېچىلدى بۇلاق،
ئانا! -دەپ تولغاندىم خىلۋەتتە دەردتىن...

قانچىلىك غەمگۈزار ئىدى ئۇ ماڭا،
سۆزلىسەم كۈن ۋە تۈن يەتمەيدۇ يەنە.
ئوغلۇم! - دەپ يولۇمغا تۇرار كۆز تىكىپ
بىلمەن، دەرۋازا ئالدىدا ئەنە.
كېلىدۇ شۇنچىلىك كۆرگۈم ئانامنى،
سېغىنىش ئوتلىرى ئۆرلەيدۇ دىلدىن.
سورىغىن قانچىلىك سېغىنغىنىمنى،
ئاغىنە، بىر-بىرلەپ ئۆتكەن تۆت يىلدىن!
ئويغۇمدا،
چۈشۈمدە، تالاي - تالاي رەت
ئانامنىڭ يېنىغا باردىم ئانا، - دەپ.
سىرداشتىم، مۇڭداشتىم باغرىدا تۇرۇپ،
ئارىدا زادىلا تۈگىمەيتتى گەپ...
مېھرىبان ئانامنى سۆيگەنلىكىمدىن
كىتابلار ئىچىدە كەزدىم، بارماي بىر.
كۆچمىسەم سىنىپتىن كەتمەمدۇ ئۆرتەپ،
ئېيتقىنا، نومۇستىن مېنى شۇ مېھىر؟!
بولامدۇ تەتىلدە ئۆگەنمەي، تۇرسۇن
يەنىمۇ كۆپىيەر دەرس كېلەركى يىل.
بۇ قۇتلۇق ئەقىدە ئىشقىدا كۈن - تۈن
بۇلبۇلدەك سايرايدۇ توختىماستىن دىل:
بولمەن كىتابنى كۆرگەندە بىلسەڭ،
سۆيۈملۈك ئانامنى خۇددى كۆرگەندەك.
بولمەن قانچە كۆپ كۆرسەم كىتابنى
سادىقلىق ئوتىدا يېنىپ كۆيگەندەك.
بىلەمسەن، بوۋىمىز - ھۆرمەتلىك ئەجداد
ئوقالماي ئۆتتىغۇ تاڭلارنى كۈتۈپ.
مەھمۇد... لار ياشىغان ئىلىم - پەن دەۋرى
تۇرغانغۇ كېچىدە قۇياشتەك يورۇپ.
ئەمدى بىز نېمىشقا باغلاپ يەنە بەل،
چىقمايمىز بەيگىگە توقۇپ دۈلدۈلنى؟!
ئېيتقىنا نېمىشقا، سايرىتالمايمىز
ئىلىم - پەن بېغىدا سانسىز بۇلبۇلنى؟!
ئاجىزمۇ يا ئوتى ئەقىل - ئىدراكنىڭ،

كەمدۇ يا ئىرادە - غەيرەت بىزدىكى؟ !
بىزمۇ ھەي، ئادەمغۇ ئوخشاش يارالغان،
يا سۆيگۈ ئاجىزمۇ ئوغۇل - قىزدىكى؟ !
ئۇنتۇلۇق ھەر بىر پەيت، ھەر بىر پۇرسەتنى،
تىرىشىپ، تىرمىشىپ بەرمەستىن قولدىن.
ئاھ ئۇرماي چۆلدە ئۈمىدسىزلىكنىڭ،
گۈل تېرىش دانالىق بار بولغان يولدىن.
ئانىنى سۆيمىگەن، ئەلنى سۆيمىگەن
چىقالماس چوققىغا كۆكسىنى كېرىپ!
قالىدۇ جاپانىڭ چاتقاللىرىدا
يا يىغلاپ، يا قاقشاپ، يا چارچاپ-ھېرىپ. . .
بىلەمسەن، كۆڭلۈمدە مۇشۇ ئوي - خىيال
ياشايدۇ كۈن - تۈنى قۇياشتەك پارلاپ.
گويا مەن ئالدىدا يېڭىلمەس بىر كۈچ،
ئاش ئالار دېھقاندەك تاغار - تاغارلاپ!
شىلدىرلاپ يوپۇرماق، ئويغانغان شامال
ئابلىزنىڭ سۆزىدىن ئالغاندەك تەسىر.
ھاياجان ئوتىدا ياناتتى تۇرسۇن
بىر گۈزەل سۆيگۈگە بولغاندەك ئەسىر.
چۈشۈمدىن چىقمايدۇ ئاغرىقچان ئاتام،
دەرۋازا ئالدىدا تۇرار مۈڭلىنىپ.
بارىمەن دېگەنتىم بۇ يىل تەتىلدە
ئاغىنە، ئۇزاقتىن بېرى ئويلىنىپ. . .
كەل ئەمسە ئىككىمىز ۋەدىلىشەيلى،
خەت پۈتۈپ كۆڭۈلنىڭ تاڭ سەھىرىگە.
بارمايمىز بىز ئوقۇش تۈگىمىگىچە
تۇغۇلغان ئەزىز يۇرت غۇلجا شەھىرىگە!
كېلەتتى بىر يىگىت،
يېنىدا بىر قىز،
جاراڭلار ئۇلارنىڭ كۈلكىسىدىن باغ.
كېلەتتى يۈگۈرۈشۈپ بەخت شارابى
ئىچكەندەك، قول تۇتۇپ، كەيپى بەكمۇ چاغ:
- بولىدۇ بۈگۈن كەچ تانسا، دوستلىرىم،
سىلەرگە يەتكۈزۈپ كەلدۇق خوش خەۋەر.
سۆزلىدى ساۋاقداش يېتىپ كەلمەيلا،
ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، خوشال شۇ قەدەر.
ئابلىزنىڭ غۇژژىدە كەلدى ئاچچىقى،
كۆزىنى ئۇتالماي ئاچتى لېۋىنى:
- سەن قانداق ئوغۇلسەن،
بىلمەيسەن ئاناڭ
ياش تۆكۈپ سەجدىدە تۇرغان قىبلىنى.
ئاغزىڭدىن چۈشمەيدۇ قىز ۋە تاماشا،
مەقسەت ۋە كىتابلار قالدى تاشلىنىپ.
ئويۇن دەپ پۇشايمان دەشتى - چۆلدە
قالمىسا بولاتتى كۆزۈڭ ياشلىنىپ!
تۈنى جىم،
تاتارغان كەلگەننىڭ رەڭگى،
قىز تۇرار ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ.
تۇرسۇننىڭ كۆزلىرى چاچاتتى ئۇچقۇن،
تۇراتتى ئابلىزمۇ قازاندەك قايناپ. . .

كىرگەندە ياتاققا تاڭ قالدى ئابلىز،
ئولتۇرار ئانىسى ھارغىن، خوش چىراي.
دادا! - دەپ ئالدىغا ئېتىلدى ئوقتەك،
قەلبىدە كۆلگەندەك گويا تولۇن ئاي.
- ئاناڭنىڭ زارىغا چىدىماي ئوغلۇم،
ئاناڭنىڭ ئورنىدا كۆرگىلى كەلدىم!
بوي تارتىپ كېتىپسەن، چىنار قەددىڭدىن
قەددىڭنى بىر يولى ئۆرگىلى كەلدىم.

## دوستلۇق بۇرچى

چىرايلىق زال ئىچى، تانسا قىزىغان،
كۆڭۈللۈك ئوينايتتى جۈپ- جۈپ يىگىت- قىز.
تەر ئاقار شۇ تونۇش يىگىت يۈزىدىن،
ھاياجان دىللارغا چەكتى نۇرغۇن ئىز. . .
ئولتۇرار ئىككىسى - ئابلىز ۋە تۇرسۇن،
ئوينىماي بىر چەتتە بىللە، يانمۇيان،

تۇراتتى نېرىدا بىر ئۆزى يالغۇز
چىرايلىق ياسانغان ئاي يۈزلۈك جانان.
چىرايى غۇنچىدەك بۇ گۈزەل دىلبەر
قالاتتى تۇرسۇنغا گاھى يولۇقۇپ.
يېقىملىق كۈلۈپ ئۇ مىيىقىدا بىر.
ئۆتەتتى يېنىدىن ئەتىر پۇرىتىپ.
ئابلىزمۇ بۇ قىزنى كۆرگەن نەچچە رەت،
تۇراتتى كىمنىدۇ كۈتكەندەك يالغۇز.
تۇراتتى چىمەنلىك ئېرىق بويىدا
چېچىپ خۇش ھىدىنى ياپيېشىل يالپۇز.

- گۈينايمۇ؟ - قاربىدى ئابلىزغا تۇرسۇن،
ئاخىرى چىققاندەك ئۇنىڭغا قانات.
باردى قىز ئالدىغا ئۇچۇق، خۇش چىراي،
كۆزلىرى گۈل چاچتى، لەۋلىرى ناۋات.
ئىككىسى ۋالىسقا چۈشتى شادىمان،
كەتتى نەۋقىرانلىق ۋۇجۇدىغا ئوت.
- قىزمىدۇ ۋە ياكى، - دەيتتى ئىچىدە،
ئادەمنى كۆيدۈرەر بىر ئاتەش مەبۇد.
ئابلىزنىڭ يېنىغا كەلدى ئىككىسى
مۇزىكا توختىغان چاغدا شادىمان.
تونۇشتى،
ئارىغا ئېلىپ جانانىنى،
ئولتۇردى ئۇچەيلەن بىللە، يانمۇيان.
تانىچى يىگىتنىڭ ئىسمى ھېكىمشاھ،
خەجلىسە ھېمىشەم يانچۇقىدا پۇل.
كايىماس ئاتىسى، ئانىسىمۇ ھەم،
كەڭتاشا ئېچىلغان بۇۋەكلىككە يول.
ئۆيىگە توخۇنىڭ سۈتىدىن باشقا
نېمەتلەر ئۈزۈلمەي كېلەر ھەجىيىپ.
ئاتىسى باشقۇرار بىر ئىدارىنى،
قولىنى كەينىگە قىلىپ ئىدىيىپ.
ياشلىقنىڭ قىزىقى «سۆيگۈ، تاماشا»
دەيدىغان ھېكىمنىڭ ئويى - ئويۇن، قىز ...
قالدى ئۇ ئۆتەلمەي نەچچە دەرستىن،
«كۆڭۈللۈك تۈنلەر»گە سالدى تالاي ئىز.
ھېكىمشاھ ياتاقتا كىردى،
كەيپى چاغ،
سۆيگۈ بازىرىدا گويا ئۇتقاندەك.
نازىنىن بىرىنى يېپىپ باغرىغا،
ياقۇتتەك لېۋىدىن كەۋسەر يۇتقاندەك...
ئۈن - تىنسىز ئولتۇردى ئورۇندۇق قويۇپ،
ئابلىزنىڭ يېنىدا
ھەسەت قىلغاندەك.
ئۇلارنىڭ «ئامتى» ئېلىپ ھوشىنى،
شەھۋانىي كۆڭلىنى جەسەت قىلغاندەك...
قاشلىرى قەلەمدەك، كۆزلىرى چولپان،
كىرپىكى تۆكۈلۈپ تۇرغان قىلياشتەك.
قاڭشىرى ئېلىپتەك،
ئاغزى گۈل ئويماق،
چىرايى نۇر يېغىپ تۇرغان قۇياشتەك.
سەرۋىدەك بويىغا مەجنۇنتال كۈندەش،
بۇنچىلىك چىرايلىق بولماس قىز، دېگەن.
شەئەنىنىڭ بۇ گۈلى بىر بەخت قۇشى،
يېتەلمەس يىگىتلەر ھەتتا بىز، دېگەن.
ئۇ، قولۇم يەتمىگەن ئاسماندىكى ئاي،
قاراپمۇ قويمىدى نەچچە ئېگىلسەم.
مەن ئۈچۈن كۈلەتتى بۇ يورۇق جاھان،
بويىنغا قول سېلىپ مەھكەم چىگىلسەم.
كۆيۈپتۇ ئۇ گۈزەل قايسىڭلارغا - ھە،
ساڭمۇ ئاھ، ئابلىز، ساڭمۇ تۇرسۇن؟!
ناۋادا نالىسى ئاقسا پەرىنىڭ،
خۇدايىم سىلەرنى كەچۈرمەي ئۇرسۇن.
بەختىڭ بىر پۇراپ ئالساڭمۇ ئاخىر
بۇ گۈلنى، ئۆمرۈڭگە قىلمىساڭمۇ يار.
ۋىجدانسىز! - ئورنىدىن تۇردى چاچراپ،
بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلىگەن باھار.
ئىشىكنى كۈچ بىلەن يېپىپ جاققىدە،

چىقتى ئۇ تالاغا، قالدى ئىككىسى.
ھېكمشاھ ئولتۇرار كۆزى چەكچىيىپ،
تۇرسۇنغا سانجىلار ئەلەم يىڭنىسى.
ئاسماندا تولۇن ئاي، سۈتتەك ئاق كېچە،
بىر تاتلىق ئۇيقۇدا چۈش كۆرەر جاھان.
سۇ بويى، مەجنۇنتال ئاستىدا جىمجىت
ئولتۇرار خىيالغا چۆمۈپ نەۋقىران.
ئىنتىزار سۆيۈملۈك يۇرتۇم تەڭرىتاغ،
ئىلىم - پەن ئىگىلەپ بىلەك تۇرەرگە.
ئەتىنىڭ ئىشقىدا چىپ - چىپ تەر تۆكۈپ،
داۋانلار ئۈستىدە قەھ - قەھ كۈلەرگە.
تەڭرىتاغ،
مەن سېنىڭ سادىق بالاڭمەن،
ئىلىم - پەن ئەقلىمگە بۈگۈن مۇجەسسەم.
مانا مەن باغلىدىم بىر چاغ قارايى
باغلىغان پوتىدا بىلىمنى مەھكەم.

خىيالدىن ئۇ بىر پەس توختاپ جىمغىنە
تىكىلدى، ئېرىقتا شىلدىرلايتتى سۇ.
كېلەتتى يېقىنلاپ ئاياغ تىۋىشى،
ئۇخلىماي كېچىدە كەلگەن كىمدۇ بۇ؟!
بۇرۇلۇپ قارىدى ئابلىز كەينىگە،
كۆرۈندى تۇرسۇننىڭ تونۇش چىرايى.
ئاھ، ئۇنىڭ كۆزىدىن چېچىلاتتى ئوي،
قالغاندەك شامالدا كۆڭۈل دەرگاھى.
ئولتۇردى كۆز تىكىپ چاقنىغان سۇغا،
ئابلىزنىڭ يېنىغا ئۈن - تىنسىز كېلىپ.
جىمىرلار بىھېساب كۈمۈش گۈل - چېچەك،
زۇمرەت سۇ يۈزىدە دىلغا زوق سېلىپ.
باشلىدى تۇرسۇن سۆز، دوستى ئابلىزنىڭ
يېنىدا بىر ھازا جىمجىت ئولتۇرۇپ.
باشلىدى دوستلۇقنىڭ خەزىنىسىگە
سەممىي نىيەتتە ئالتۇن تولدۇرۇپ.
-تەڭرىتاغ ئانىمىز، كۆيىمىز ئاڭا
زۇرۇركەن تەسەددۇق ھەتتا جېنىمىز!
ھېكمشاھ ئوغلىغۇ ئاشۇ ئانىنىڭ،
تومۇردا بىر رەڭدە ئاققان قېنىمىز!
نېمىشقا كۆيمىدۇق تەڭرى[1] ئوغلىغا،
تەڭرىگە[2] يالقۇنلاپ كۆيگەن يۈرەكتە؟!
ئېيتقىنا، قوچارمۇ مۇھەببىتىمىز
شان - شەرەپ ئەتىكى ئۇلۇغ كۆرەكتە؟!
ھېكمشاھ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى
مۇھەببەت يولىغا كىردى باش بىلەن.
بىلىمىز تۈگەيدۇ بۇ يول ئاخىرى
پۇشايمان كۆزىدىن ئاققان ياش بىلەن.
ۋە لېكىن، كۆيۈنۈپ ئاڭا، ئاھ، ئابلىز،
ياقتۇقمۇ يارەمنىڭ چىرىغىغا ئوت؟!
ئېچىنىپ بىر قېتىم ئۇنىڭ ھالىغا
كۆيدىمۇ تومۇزدەك كۆكرەكتىكى يۇرت؟!
ئۆزىمىز بىلەنلا بولۇپ ھېچقاچان
بولمىدۇق ئۇنىڭغا قىلچە جاۋابكار،
بىلەمسەن، ھېكمنىڭ ئالدىدا، دوستۇم،
ئانىنى ئۇنتۇغان گۇناھىمىز بار!
توختىدى سۆزىدىن، ئوتلۇق ھاياجان
قىزدۇرغان تۇرسۇننىڭ پۈتۈن بويىنى.
ئىچىگە بىر تارتىپ ئالدى چوڭ نەپەس،
تۆكۈپ ئۇ دوستىغا پۈتۈن ئويىنى.
ئابلىزنىڭ يۈرىكى كەتتى ئېچىشىپ،
كىرگەندە سەممىي سۆزلەر تىكىنى.
شۇنچىلىك توغرىدى تۇرسۇننىڭ گېپى،
يوق ئىدى ئېزاھات ياكى لېكىنى.
ئالار تېز بويىنىغا سەۋەنلىكنى
بولسا كىم كۆڭلى تۈز، سەممىي، كەمتەر.
ئاھ، ئۇلار تىرىشچان ئوقۇغۇچىنىڭ

---

① ② تەڭرىتاغ

قولىدا خاتاسى تۈزەلگەن دەپتەر.
كۈن، ئايلار ئۆتمەكتە،
ئابلىز ۋە تۇرسۇن
ھېكمىشاھ يېنىدا بولۇشتى دائىم.
كۆيۈنۈپ يۇرتىنىڭ بۇ ياش ئوغلىغا،
ئۇنىڭچۈن ئىككىسى يېپىشتى ۋايىم.
گاھى ئۇ سىرداشىسا چېچىپ مېھرىنى،
گاھى بۇ مۇڭداشار ئوقۇپ شېئىرىنى.
كىتابلار ئىچىگە بىللە كىرەتتى،
ھەم بىللە ئاختۇرار ئۇنىڭ سىرىنى.
كۆكلىدى ئاخىرى قۇراي، دەپ قالغان
بۇ كۆچەت چىرايلىق غۇنچە - گۈل ئېچىپ.
ئۆتەتتى كۈنلىرى ئەمدى ھېكمىنىڭ
ئەزىز ئەل يۇرتىغا خوش پۇراق چېچىپ.

## ئەل ئوغلى

تاڭ سەھەر، قىزارغان كۈن چىقىش تەرەپ،
ئۇچىدۇ تەبىئەت ئەركە ساباسى.
قانچىلىك خوش پۇراق، قانچىلىك تازا
جانانىنىڭ تىنىقى - سەھەر ھاۋاسى.
بويالغان تاغ - دالا گۈلگۈن شەپەققە،
تەبىئەت ئاجايىپ گۈزەل تۈيغۇدا.
ئولتۇرغان بەلدىگە، چىنار ئاستىدا
ئابلىزنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق ئويغۇدا.
تۇيۇقسىز ئالغاندەك ئويغۇ ئىلكىگە
يوقاتتى نەۋقىران ئېسى - يادىنى.
نۇراتتى زىننەتلەپ گۈلگۈن ئۇپۇقلار
مىت قىلماي تىكىلگەن كۆزى ئالدىنى.
قولىدا كىتابى، قارار ئۈن - تىنسىز
سېھىرلىك ئالەمگە قىمىرلىماستىن.
ئەجەبا، بۇ كەلگەن قانداق قىسمەتتۇ،
جىم تۇرغىن چىنارلار شىلدىرلىماستىن؟!
ئاخشام كەچ ئۇخلىغان، تاڭ سەھەر تۇرۇپ
چىققان ئۇ بۇ يەرگە، ئالدىدا داۋان.
كەلمەكتە ئىمتىھان، ئەلا ئۆتمىسە،
يۇرتىنىڭ ئۈمىدى بولاتتى خازان.
ئولتۇرغان چېغىدا ئۇخلاۋاتقاندەك
بۈك چىنار ئاستىدا ئابلىز سەھەردە.
خوشلىشار بىر ئانا يورۇق ئالەمدىن،
كوچىسى تېرەكلىك كۆركەم شەھەردە.
ئانىنىڭ كۆزلىرى تىكىلەر ھەر يان
گوياكى كىمنىدۇ ئىزدەۋاتقاندەك.
قارىسام كۆزۈمگە كۆرۈنمەيسىزغۇ،
شۇ تاپتا نەدىدۇ سۇ دەۋاتقاندەك.
ئېيتىڭا، جىگەرىم، نەگە كەتتىڭىز،
بارىمەن بىلسەملا قوش بولۇپ ئۇچۇپ.
ئاخىرقى بىر قېتىم ئالسام، ئابلىزىم،
ئانىلىق باغرىمغا ئاھ، سېنى قۇچۇپ.
ئېچىلىپ يۇمۇلغان كۆزلەر شۇ زامان
تىكىلەر كىمنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك،
ھە... بىلدىم...
ھەي، مېنىڭ ئېسىم قۇرۇسۇن،
تىكىلەر شىشەندە سىز دەۋاتقاندەك.
ئولتۇرار نەۋقىران ئۇخلاۋاتقاندەك،
سېھىرلىك شامالمۇ تاڭنىڭ ساباسى؟!
ئۇپۇققا تىكىلگەن ئوچۇق كۆزلىرى،
كېلەتتى شىلدىرلاپ سۆيگۈ ناۋاسى.
شۇ گۈزەل، شۇ گۈلگۈن تاڭنىڭ باغرىدىن
چۈشمەكتە ئاق كۆڭلەك كىيگەن بىر ئانا.
يېپىلغان يەلكىگە قۇياش نۇرلىرى،
چۈشتى ئۇ، ئابلىزنىڭ ئالدىغا مانا.
توختىدى ئابلىزغا يېقىن ۋە لېكىن،
چۈشمەي يەر ئۈستىگە گۈلگۈن ھاۋادا.
نۇراتتى ھۆسنىدىن قۇياش نۇرىنى
چاچقان بىر پەرىشتە قاراپ سامادا.
ئانا!، - دەپ ئورنىدىن تۇردى شۇ زامان

كىرگىلى ئانىنىڭ ئىسسىق باغرىغا.
ھاياجان تايىقى تېگەر گۈپۈلدەپ
ئابلىزنىڭ يۈرىكى، — گۈلدار ناغرىغا.
قانچىلىك قىلسىمۇ ئۇچالمىدى ئۇ،
تويماستىن قارايتتى جان ئانىسىغا!
— چۈشىگە، ئۇخلايچۇ باغرىڭىزدا جىم، —
دەيتتى ئۇ يالۋۇرۇپ خان ئانىسىغا.
— كەچۈرگىن، يېنىڭغا چۈشەلمەيمەن ئاھ،
كەلدىم بىر مىنۇتقا سېنى كۆرگىلى.
ئاخىرقى بىر قېتىم ئانىلىق مېھرىم
بىلەن جانجىگىرىم، سېنى سۆيگىلى.
سۆزۈم بار، ئابلىزىم، ساڭا دېگىلى
كەلدىم بۇ سەھەردە بېسىپ ئۇزۇن يول.
ئاتاڭنىڭ سۆزلىرى ئانىڭ سۈتىدەك
ئاق، ھالال، ئاڭلىغىن قويۇپ چىن كۆڭۈل.
سەن بۇرۇن راست مېنىڭ ئوغلۇمدىڭ، ئابلىز،
ئەمدى سەن سۆيۈملۈك ئەل- يۇرتنىڭ ئوغلى.
ھەمىشەم نۇر چېچىپ، گۈل- چېچەك چېچىپ،
يانغان شۇ مۇقەددەس گۈلخان- ئوت ئوغلى!
رازىمەن ئەل رازى بولسا سېنىڭدىن،
مەن سېنى تۇغمىغان ئۆزۈمگە ئاتاپ.
گۈللىگىن، جان ئوغلۇم، ئەلنىڭ ئىشقىدا،
كېرەكسىز شۇڭلارنى ئۆزۈڭدىن چاتاپ.
كەلمىدىڭ، سېغىندىم سېنى شۇنچىلىك،
تېشىلدى كۆزلىرىم يولۇڭغا قاراپ.
ئاڭلىدىم ئاتاڭدىن يۈرەك سۆزۈڭنى،
ئىچكەندەك زەمزەم سۇ كەتتى دىل يايراپ.
ئاخىر مەن ئانىڭغۇ!
سېغىنمامدىمەن؟!
كەلمىدىڭ، ۋە لېكىن بولمايمەن خاپا.
ئەل ئۈچۈن ئوقۇدۇڭ كېچە ۋە كۈندۈز،
تارتساڭمۇ يات يەردە جەبرى ۋە جاپا.
بىلەمسەن، شادلاندى ئانىڭ سېنىڭدىن،
ئەل ئوغلى بولۇشقا تاشلاپسەن ئاياغ.
كىرىمەن، بىلىپ قوي، ئەگەر بۇ يولدىن
چەتنىسەڭ، چۈشۈڭگە كۆتۈرۈپ تاياق.
خەير - خوش، كېتىمەن، ساڭا دەيدىغان
ئاخىرقى سۆزۈم شۇ، ئاقلا سۈتۈمنى!
سۆي خۇددى سۆيگەندەك مېنى، ئەزىزىم،
كىمندىك قان تۆكۈلگەن ئانا يۇرتۇڭنى.
بىلگىنكى، ئۆزگەرسۇن كىيىم - كېچەكلەر،
ھەتتاكى ئاماقتا قالايدىغان ئوت.
ئۆزگەرمەس مۇھەببەت ئوغۇل - قىزدىكى،
بولىدۇ ئانىسى، بولىدۇ جان يۇرت.
يادىڭدا تۇرساملا كېچە ۋە كۈندۈز
بىلگىنكى، مەن ساڭا دائىم ھەمراھمەن.
بېشىڭغا كۈن چۈشسە كەلگىن قېشىمغا،
جان ئوغلۇم، يولۇڭدا دائىم تەييارمەن.
مەن كەتتىم، ياخشى قال، ئوغلۇم، كۆيدۈرۈپ
جېنىمنى جانجان يۇرتۇڭغا ئەمدى.
مەن ئەمەس، بىلەمسەن، تولىمۇ موھتاج
ئەل سېنىڭ يالقۇنلۇق ئوتۇڭغا ئەمدى.

ئاجايىپ سېھىرلىك گۈلگۈن ئۇپۇقتا
ئاھ، ئۇچۇپ باراتتى توختىماي ئانا.
ئۇ ئاستا ئايلىنىپ شىۋىقەدىرگە
سىڭەتتى چىرايلىق گۈللەرگە، مانا.
كۆزىنى ئۈزمەستىن تۇراتتى قاراپ
ئاھ، ئوغۇل ئانىسى كەتكەن تەرەپكە.
بىر چاغدا ئېسىگە كەلدى، ئۇ ھەيران
بايىقى ھېكمەتنى ئاپقان سەۋەبكە.
— چۈشۈمۇ،
ئوڭۇمۇ دەيتتى ئۇ ئويلاپ،
كۆزلىرىم ئۇيقۇغا كەتكەن ئوخشايدۇ.
كۆزلىرىم يۇمۇلغان شۇ قىسقا دەمدە
خىيالىم ئانامغا يەتكەن ئوخشايدۇ.

## خاتىمە

تۇراتتى شىۋاقلىق قەبرە ئالدىدا
ھۆرمەتتە ئۈن - تىنسىز ئېگىپ بېشىنى.
گويا ئۇ، سىردىشار ئانىسى بىلەن،
ئوراپ ھېس - تۇيغۇلار ئىچى - تېشىنى.
تارايدۇ ئاجايىپ چۈچۈك خۇش پۇراق
بىلمىدىم، بۇ ئانا پۇرىقىمىدۇر؟!
كۆزىدە ۋىل قىلىپ يالقۇنلىدى نۇر،
بۇ ئانا مېھرىنىڭ پۇرىقىمىدۇ؟!
لەۋلىرى قىمىرلار چاچلىرىغا ئاق
كىرگەن بۇ قامەتلىك مەغرۇر ئادەمنىڭ.
ئۇ تالاي كەلگەن بۇ تونۇش قەبرىگە،
يوللىرى تۈگىگەن گويا ئالەمنىڭ.

ئۇ قايتىپ شىشەندىن تەڭرى باغرىغا
كەلگەن كۈن ئاخشىمى كەتتى ھوشىدىن.
ئۇ راستلا سېھىرلىك ئاشۇ سەھەردە
ئايرىلغان ئىدى ئاھ، بەخت قۇشىدىن.
كېلىدۇ ئانىسى قەبرىسىگە ئۇ
پات - پاتلا، كۆڭلىگە چېكىلگەندە سىر.
ئولتۇرۇپ شىۋاقلىق قەبرە ئالدىدا
سىردىشار ئانىسى بىلەن پاك مېھىر.
جاراڭلار ناخشىدەك قۇلاقلىرىدا،
مۆھتەرەم ئانىنىڭ يۈرەك سۆزلىرى.
مەن سېنى تۇغىمىغان ئۆزۈمگە ئاتاپ،
كۈتىدۇ سېنى يۇرت دالا - تۈزلىرى!

1989 - يىل 5 - ئاي
1994 - يىلى 5 - ئاي غۇلجا



مەھەممەت لېتىپ

# سادا

(پوۋېست)

بىزدە «ئاتىمىز يەر، ئانىمىز يەر، يەر ـ ئالتۇن قوزۇق» دېگەن گەپلەر بار. شۇنداق، يەر دېھقاننىڭ ھاياتلىق يىلتىزى، كىم تەر تۆكۈپ، يەرگە كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىسە، ئانا يەر ئۇنىڭغا بايلىق، بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئەمگەكچان دېھقان يېرىدىن ژىرىكمەيدۇ. ئەپسۇس، مەن 1991 ـ يىلى يېزىغا چۈشكەندە يەردىن ژىرىككەن دېھقاننى كۆردۈم ۋە ئۇنىڭ قەلب ساداسىنى ئاڭلىدىم. ئۇ سادا قەلبىمنى لەرزىگە سالدى ھەم قەلىمىمگە ئىلھام بېغىشلىدى.

* * *

مەن ئۇ يىلى سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە خىزمەت ئۆمىكى تەركىبىدە جەنۇبتىكى مەلۇم ناھىيىنىڭ بىر يېزىسىغا بارغانىدىم. بۇ قېتىمقى سەپىرىم ئالتۇن پەسىل ـ كۈزگە توغرا كەلدى. بۇ كۈنلەردىكى يېزىنىڭ ھاۋاسى كىشىگە ئاجايىپ ھۇزۇر بېغىشلايتتى. تال-باراڭلىق ھويلا ـ ئاراملار ۋە باغلاردىكى مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ خۇش پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ، ئادەمنىڭ ئېغىزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرۈۋېتەتتى. بۇ كۈنلەردە دېھقانلار ئالدىراش، ئۇلار يازدىن بۇيانقى ئەمگەكلىرىنىڭ ھوسۇلىنى مول پېتى يىغىۋېلىش ئۈچۈن كېچىنى ـ كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىمەكتە ئىدى. ئەگەر سىز مۇشۇ كۈنلەردە يېزىغا بارسىڭىز كۆڭلىڭىز يايراپ كېتىدۇ. ئېتىزلاردا، باغلاردا ئەمگەك ناخشىسى ياڭرايدۇ، بۇ ناخشىلار شۇنداق مۇڭلۇق ھەم يېقىملىق. ناخشىدىن كۈچلۈك تەشنالىق، ئوتتەك قىزغىن مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ئۇنى ئاڭلىسىڭىز قەلبىڭىزدىكى ئۆلگىلى ئۇزۇن بولغان بىر خىل ھېسسىياتنىڭ ناخشا بىلەن بىرگە قايتا تىرىلگەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. قىسقىسى،

بۇنداق مەزگىللەردە يېزىغا بېرىشتىنمۇ ئوشۇق ئامەت بولمىسا كېرەك. . .

دېھقانلارنىڭ دېيىشىچە، يۇقىرىدىن يېزا - كەنتلەرگە كادىرلار كەلمەيدىغان بولۇپ قالغىلى، كادىرلار بىلەن دېھقانلارنىڭ بېرىش - كېلىشى ئازىيىپ كەتكىلى ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت بوپتىكەن. شۇڭا ئۇلار بىزنى خۇددى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان دىدارلىشالمىغان تۇغقانلىرىنى كۆتۈۋېلىۋاتقاندەك ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن بىر خىل ئىشەنچ ۋە ئۈمىد پارلاپ تۇراتتى.

دېھقان بىلەن ئۇچراشقاندا، مۇڭداشقاندا گەپ يەردىن باشلانماي قالمايدۇ. بىز چۈشكەن بۇ كەنتتە جان سانىغا ئۈچ مو يەتتە پۇڭدىن تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدىكەن، مەن بۇنى ئاڭلاپ خۇددى ئاشۇ يەرنىڭ ئىگىسىدەك، ئاجايىپ خۇش بولۇپ كەتتىم. ئەگەر دېھقانلار ئاشۇ يەرگە ئوبدان تەر تۆكۈپ ئىشلىسە، چوقۇم باياشات تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ.

مۇشۇ كۈنلەردە پاختىكار دېھقانلار لىقمۇلىق پاختا قاچىلانغان هارۋىلىرىنى قاتار ھەيدىشىپ، ھەر ئەتىگىنى كەنتنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى، چۈشتىن كېيىن كاللەك - كاللەك پۇللارنى يانچۇقلىرىغا سېلىشىپ، خۇشال ناخشا تۇۋلاشقىنىچە قايتىپ كېلىشەتتى. بۇنىڭغا قاراپ دەۋرىمىزدىكى دېھقانلار نېمىدېگەن بەختلىك. ھە، دەپ ئويلاپ قالاتتىم. بىر كۈنى كەچ پېشىن مەزگىلى ئىدى. كەنتنىڭ ئالدىغا چىقىشىمغا ئوتتۇرا بويلۇق، تەمبەل بىر دېھقان ھارۋىسىنى كەنتنىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويۇپ، كەنت ئىشخانىسى تەرەپكە قاراپ كەلدى. ئۇنىڭ شىمىنىڭ يانچۇقىدىن بىر بوتۇلكا ھاراقنىڭ بېشى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ماڭا يېقىنلاپ كېلىپ سالام بېرىپ:

- ئۇكام، ئىشخانىدا كەنت باشلىقى ھامۇت كۆرۈنەمدۇ؟ - دەپ سورىدى.

- سائەت تۆتتە كەلمەكچىدى، تېخى كەلمىدى، - دېدىم مەن. ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ:

- يەنە 15 مىنۇت بار ئىكەن، مەن ئۇنى ساقلاي، - دېدى ۋە مېنىڭ ئۈستىبېشىمغا كۆز يۈگۈرتۈپ گەپ ئاچتى:

- يۇقىرىدىن كەلگەن كادىر ئوخشىمامسىز. ھە، ياخشى، ھازىر پاختا سېتىپ كېلىشىم. يانچۇقۇم پومپايدى، پۇل خەجلىگىم كېلىپ بىر بوتۇلكا ھاراق ئالدىم. ھامۇت ئاغىنەم بىلەن بىر قېقىشىۋالاي دەپ كەلگەنىدىم، سىز بىلەن ئۇچراشقىنىممۇ غەنىيمەت بولدى. . . ھا. . . ھا. . . ھا. . . - ئۇنىڭ كەيپى ناھايىتى چاغ ئىدى.

- ياخشى ئويلاپسىز، قېنى يۈرۈڭ، ئىشخانىغا كىرىپ تۇرايلى.

مەن دېھقاننى كەنت باشلىقى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردىم. مېنىڭ ياتىقىممۇ شۇ ئىدى. ئۇ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا يانچۇقىدىكى بوتۇلكىنى ئېلىپ، ئاغزىنى چىشلەپلا ئېچىۋەتتى. مەنمۇ تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرماستىن ئۆيدىن ئالغاچ كەلگەن قورۇغان گۆش، خاسىڭ مېغىزى، تۇزلۇق سەيگە ئوخشاش نازۇ نېمەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. دېھقان كەنت باشلىقىنى كۈتمەيلا بىر چىنىگە ھاراق قۇيدى ۋە ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن:

- قېنى ئۇكام، تونۇشۇۋالايلى، مەن ئابلەت موللاقچى بولىمەن. بۇ يىل 54 ياشقا

كىردىم، تېخى قاتاردىن قالمىدىم. يەتتە بالام بار، ئۈچىسىنى تالالىق قىلىپ چىقىرىۋەتتىم، هازىرئۆيدە بەش جان قالدۇق، - دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

- قېنى خوش، - دېدىممەن ئۇنىڭغا خوش خويلۇق بىلەن، - پاختىڭىز ئوبدان پۇلغا يارىغاندۇ، نەچچە مو يەرگە پاختا تېرىدىڭىز؟

ئابلەت ئاكا بىر چىنە هاراقنى خۇددى مۇزدەك سۇنى گۈپۈلدىتىپ ئىچكەندەك بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى، لېكىن هاراق كېكىردىكىدىن ئۆتۈپ بولۇشىغا نارەسىدە بوۋاق دورا ئىچىپ سەسكەنگەندەك چىرايى ئالا- سېرىق بولۇپ كەتتى.

- 12 مو يەرنىڭ پاختىسى 4800 يۈەن بولدى، شۇنچە ئىشلەپ باقسىمۇ، خوتۇن تالاق يەر باشقىلارنىڭكىدەك چىقىپ بەرمىدى، هېلىمۇ خۇداغا شۈكرى، - ئۇ هاراق قۇيۇلغان چىنىنى ماڭا ئۇزاتتى، - قېنى، سىزمۇ تېتىپ بېقىڭا يېزىلىقلار ئىچىدىغان گۆجۈگىنى، - مەن ئۇ سۇنغان چىنىنى قولۇمغا ئالغاچ سورىدىم:

- نەچچە مو يەر تېرىيسىز؟

- 28 مو.

- يېرىڭىز جىقكەنغۇ؟

- جىق بولماي، ئىچىڭگا ئۇكام، - ئابلەت ئاكا بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرىلا خېلى كۆپ ئىچىۋالغاندەك قىلاتتى. ئۇ بېشىنى سىلكىپ، قولىنى شىلتىپ، چىنىنى قولۇمدىن چۈشۈرۈۋەتكىلى قىل قالدى، - كىم مېنى كەنت باشلىقى بىلەن ئاغىنە بول دەپتۇ، ئۇ مەخمۇت لەقۋانىڭ ئون مو يېرىنىمۇ ماڭا بەردى ئەمەسمۇ، مەخمۇت هازىر ئارانلا بىر مو ئۈچ پۇڭ يەر تېرىيدۇ. بۇ ناهەقچىلىكنى قارىماسىز، هەي ئۇكام، ئىچىڭ دەيمەن! - ئۇ بىر چەكچىيىۋېدى، مەن هاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىپ، چىنىنى ئۇنىڭغا بەردىم.

- 28 مو يېرىڭىزدىن بۇ يىل قانچىلىك كىرىم بولغۇدەك؟

- 20 مىڭدىن ئاشىدۇ، قېنى ئەمىسە، خوش، - ئۇ هاراق قۇيۇلغان چىنىنى قولىغا ئېلىپ بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى.

- پاھ، باي بوپسىز ئاكا.

- ئىشلىتىپ كېتەلمەمدىكىن دەپ غەم قىلماڭ يىگىت، ئۇ پۇللارنىڭ كىرىدىغان تۆشۈكلىرى كۆپ، ئۇزۇنغا بارمايلا ئۇ پۇللار قولۇمدىن چىقىپ بولىدۇ.

- مۇشۇنداق ئىچىپما؟

- هوي يىگىت، مېنى هاراقكەش كۆرۈۋاتامسىز نېمە، «مىڭ يىلدا بىر ئېشەك ئويۇنى» دېگەن گەپ بار. ماڭا ئۇنداق ئۇۋال قىلماڭ، بولدى، هامۇتىنىمۇ ساقلىماي، قالغان هاراق ئۇنىڭغا قالسۇن، ئېتىم ئاچ قالدى، مەن كېتەي.

ئابلەت ئاكا مېنىڭ تۇتقىنىمغىمۇ قارىماي كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىدىن قانداقتۇر بىر ئۇۋالچىلىقنى سەزگەندەك بولدۇم، مەخمۇتنىڭ ئارانلا بىر مو ئۈچ پۇڭ يېرى بار ئىكەن! بۇ قانداق ئىش؟ بۇ گەپ خىزمەت ئۆمىكىمىزدىكى هەممەيلەننى هەيران قالدۇردى. بىز، بىر ئائىلە ئاشۇنچىلىك يەر بىلەن ئۆزىنى قانداقمۇ باقالىسۇن، دېيىشىپ

بۇ بىچارە ئائىلىگە ئىچ ئاغرىتىشتۇق. ئاخىرى، بۇ كەنتتە يەرنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىشتە چوقۇم مەسىلە باركەن، دېگەن يەرگە كەلدۇق.

كەچ پېشىن مەزگىلى ئىدى، شارقىراپ يېغىۋاتقان قاتتىق يامغۇر توختىدى. ھەمراھىم ئىككىمىز دەرەخلەر دالدىسىدىن چىقىپ، ئېتىز ئارىسىدىكى پاتقاقلىق چىغىر يولغا چۈشتۇق. ئاياغلىرىمىز ئېغىرلىشىپ، يول مېڭىشىمىز قىيىنلىشىپ كېتىپ باراتتى. تۇرۇپ پاتقاققا پېتىپ قالاتتۇق، تۇرۇپ يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالغان كۆلچەكلەرگە چۈشۈپ كېتەتتۇق. ئالدىغا ماڭغانسېرى يول مېڭىشىمىز قىيىنلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئىللىق نەم ھاۋا ئادەمنى راھەتلەندۈرەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇلۇتلار تارقىلىپ، زۇمرەت ئاسمان ئوچۇق چىراي ئاچتى. يامغۇردا يۇيۇلغان كۆزلۈك زىرائەتلەر خۇددى مەرۋايىتتەك يالتىراپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. بىز تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ خۇشال - خورام پاراڭلاشقاچ يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. مانا، نىشانلىغان مەھەللىگىمۇ كىرىپ كەلدۇق، مەھەللىنىڭ يېنىدىن كېسىپ ئۆتكەن ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈشۈمىزگە قارشى تەرەپتىكى دۇكاننىڭ ئالدىغا توپلانغان كىشىلەر كۆرۈندى، بىز ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. ئۇلارنىڭ ئالقانلىرى بىر - بىرىنىڭكىدىن يىرىك، ياغاچتەك قاتتىق، تۆمۈردەك سوغۇق ئىدى. ئارىدا بىرى چاقچاق ئاساستا قولۇمنى قاتتىقراق سىقىۋېتىۋىدى، ئۇنىڭ ئالقىنىدىكى يېرىقچە نوكلار يۇمشاق ئالقىنىمغا پېتىپ ئاغرىتىۋەتتى. ئىختىيارسىزلا ھېچەكلەپ كەتتىم، بۇمۇ بىر قىزىقچىلىق بولدى، كۆپچىلىك ماڭا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا بىر پەس چاقچاق، پاراڭ داۋام قىلدى. شۇ ئارىلىقتا بىرىنىڭ قولىدا بىر بوتۇلكا ھاراق پەيدا بولۇپ قالدى. ئەسلىدە بۇ ئۇلپەتلەر ئىختىيارسىزلا دۇكاننىڭ ئالدىدا توپلىشىپ قېلىپ، قورۇقتىن - قورۇق ئىچىشىۋاتقانىكەن. ئېچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭلاشقانلىقىمىز ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇلار بىزنىمۇ قاتارىغا قوشۇۋالماقچى بولۇۋاتاتتى، شۇ ئارىلىقتا دۇكاننىڭ يېنىدىكى قوش قوۋۇقلۇق ئىشىكتىن ساقىلىغا ئانچە - مۇنچە ئاق ئارىلىغان، ئوتتۇرا بويلۇق، سالاپەتلىك بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇ ئالدىمىزغا كېلىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇنىڭ ئالقىنى مۇنۇ دېھقانلارنىڭكىدەك يىرىك ئەمەس، بەلكى ئاق مومىدەك يۇمشاق ئىدى. مەن ئۇنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كەلگەن شەھەرلىك ئادەم بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم، ئەمما مەن خاتالاشقان ئىكەنمەن، ئۇ بىزنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ھەر ھالدا كوچىدا ھاراق ئىچىشىپ تۇرۇۋېرىش بىز ئۈچۈن ئەپسىز ئىدى. ئەدەب - قائىدە يۈزىسىدىن تەكلىپنى قوبۇل قىلماسلىققىمۇ بولمايتتى. شۇڭا بىز كۆپ تارتىنىپ تۇرمايلا ئۇ ئادەمنىڭ كەينىدىن ماڭدۇق.

ئۇنىڭ مېھمانخانىسىغا كىرىپلا ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىگە كەلگەندەك ھېس قىلدۇق. ئۆي ئىچىدە ھەممە نەرسە تەل بولۇپ، ئۆي شەھەر پەدىسىدە سەرەمجانلاشتۇرۇلۇپتۇ. قارىغاندا بۇ ئائىلە كاتتا باي ئائىلىدەك قىلاتتى. بولۇپمۇ مېنىڭدەك قورساق سېلىپ قالغان، سۇپىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرالمايدىغان ئادەمگە يېزىدىمۇ سافادا ئولتۇرۇشقا مۇيەسسەر بولۇش تولىمۇ راھەتلىك تۇيۇلدى. مەن سافاغا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن توختىماي

سوئال سوراپ كەتتىم. بىراق ئۆي ئىگىسى شۇ تاپتا بىزنىڭ ئالدىمىزغا داستىخان سېلىپ، نان ۋە باشقا تاتلىق - تۈرۈملەرنى قويۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ گويا مېنىڭ سوئاللىرىمنى ئاڭلىمىغاندەك مېھمانخانا ئۆي بىلەن تاشقىرىدىكى ئۆي ئوتتۇرىسىدا موكىدەك چېپىپ يۈرەتتى. داستىخان نازۇ نېمەتلەر بىلەن لىق تولدى. چىنىلەرگە چاي قويۇلدى. شۇندىلا ئۆي ئىگىسى بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بىزنى چايغا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ چىنىنى قولىغا ئالدى ۋە گەپ باشلىدى:

- مېنىڭ ئەزان قىچقىرىپ قويغان ئىسمىمغۇ مەخمۇت ئىكەن، بۇ كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالغان لەقەملىرى بار، ئۇلار بىر - بىرىنى چاقىرغاندا ئىسىم - فامىلىسىنى قوشۇپ ئاتىماي لەقىمىنى قوشۇپ چاقىرىشىدۇ. قارىمامسىز، بىزگە «لەقۋا» دېگەن لەقەم تەۋەرۈك بولۇپ قاپتۇ. ئەقلىم جايىدا، بېجىرىم ئادەم تۇرسام نېمىشقا بۇنداق لەقەم قويۇلۇپ قالدىكىنتاڭ. ھەر ھالدا ئەجدادلىرىمنىڭ ئىچىدە لەقۋا ئادەم يوقتۇر. مەن ئەقلىمگە كەلگىچە ئاتا - ئانام بۇ ئالەمدىن تولىمۇ بالدۇر خوشلىشىپ كەتكەنىكەن. كىشىلەر تېرىككىنىمگە قارىماي «مەخمۇت لەقۋا» دەپ چاقىرىپ يۈرۈشتى، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈردۈم. يۇرت شۇنداق دېسە نېمە ئامال. جاھاننىڭ ئىشلىرى قىزىق بولىدىكەن. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان كىشىلەر مېنى «مەخمۇت مەدىكار» دەيدىغان بولۇۋالدى. بۇ لەقەمگە ئوبدانلا كۆنۈپ قالدىم. سىلەر كېلىپ قالدىڭلار، ئەمدى ماڭا يەنە قانداق ناملار قويۇلاركىن. . . - نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل مەيۇسلۇك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

- ۋاي مەخمۇت ئاكا، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز. بىز بۇ قېتىمقى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە دېھقانلارغا چېقىلمايمىز، ھەتتا بىرەر يېزا كادىرىنىڭمۇ ئەدىپىنى بەرمەيمىز، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ماددىي - مەنىۋى تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىش، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش. قورۇق غەم - ئەندىشىدە بولماڭ، - مەن ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى تازا چۈشىنىپ كەتمىگەن بولساممۇ، تەسەللىي بېرىشكە كىرىشتىم.

- ئىشقىلىپ يېڭى لەقىمىم ئۆزگىرىپ قالارمىكىن دەيمىنا، - دېدى ئۇ قورۇنغاندەك قىلىپ.

مەن مەخمۇت ئاكىنىڭ ئاق كۆڭۈل، ساددىلىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم. يامان لەقەم ئادەمنى ئازابلايدۇ، بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. كېيىندىن قارىغاندا «مەدىكار» دېگەن لەقەمگە ئانچە نارازىلىقى يوقتەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە لەقىمى بىلەن بىزنىڭ يېزىغا چۈشىشىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ قاراۋاتقاندەك قىلىدۇ، بۇ يەردە زادى بىر گەپ بار. مەن بايا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا بىز قىزىقىۋاتقان، بىر مو ئۈچ پۇڭ يەر تېرىيدىغان دېھقان شۇ ئىكەن دەپ جەزملەشتۈرگەن ئىدىم. شۇڭا ئۇدۇللا سورىدىم:

- مەخمۇت ئاكا، قانچىلىك يەر تېرىيسىز؟

ئۇ قولىدىكى ئاقلانغان ئالمىنى ماڭا بېرىۋېتىپ:
- ھازىر ئۈيگە كىرگىچە كۆرگەنسىلەر. ھەممىسى ھويلىنىڭ ئىچىدىكى كىگىزنىڭ ئورنىچىلىك يەر، ئارتۇقمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس...
- بىر مو ئۈچ پۇڭ، شۇنداقمۇ؟ - مەن ئۇنىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپ كۈلدۈم.
- شۇنداق، شۇنداق... سىلەرمۇ ئاڭلاپ بوپسىلەردە.
- يېرىڭىز بەك ئازكەن، - دېدى ھەمراھىممۇ مەخمۇت ئاكىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇ ھەمراھىمغىمۇ بىر دانە نەشپۈتنى تۇتتى - دە:
- ئاز بولسىمۇ ماڭا يېتەرلىك، كۆڭۈل بۆلگىنىڭلەرگە رەھمەت، - دېدى.
بىزگە ئۇ خۇددى دېمەكچى بولغان سۆزىنى ئۇشتۇمتۇتلا بوغىزىدا يۇتۇۋەتكەندەك بىلىندى، بىز ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ خېلىغىچە گەپ - سۆز قىلماي ئولتۇردۇق. ئۇ بولسا بىر پارچە ناننى ئاغزىغا سېلىپ تەتۈر چايناپ ئولتۇراتتى.
- قانداقسىگە يېتىدۇ، باشقا دېھقانلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا...
- ھېچقىسى يوق، قېنى، تارتىنماي ئېلىڭلار ھە، راست، كەچ بولۇپ قالدى، قانداق غىزاغا ئىشتىھايىڭلار تارتىدىكىن، خوتۇن سۇيلەپ كېتىۋاتىدۇ... - ئۇ بىزگە تۇتۇق بەرمەي گەپنى ھەدەپ ئەپقاچاتتى، - ئېغىلدىكى پاقلاننىلا بوغۇزلايمۇ - يا؟ مەيلى، ئۇنداق بولسا ھازىرچە بىر توخۇنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇپ تۇرايلى.
مەخمۇت ئاكا پىچىقىنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى. بىز قايتا - قايتا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇردۇق ۋە ئۇنىڭ ھەرقانچە تۇتقىنىغا قارىماي خوشلىشىپ چىقىپ كەتتۇق.
مەخمۇت ئاكىنىڭ تۇرمۇشى خېلىلا باياشات ئىكەن. ئۇنىڭ ئەھۋالى ھەتتا 10 - 20 مو يەر تېرىيدىغان دېھقانلارنىڭكىدىنمۇ ياخشى ئىكەن. لېكىن ئۇنىڭ يېرى نېمىشقا ئاز؟ يەرلەر كۆتۈرە بېرىلگەندە ئۇنىڭغا شۇنداق ئاز بېرىلگەنمۇ ياكى ئۆزى ئالمىغانمۇ؟ يەر تېرىمىسا ئۇ قانداقسىگە بۇنچىلىك تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ؟ دېگەندەك سوئاللار مېنى ئويغا سالدى. مەن كەنت باشلىقىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭدىن سوراپ باقتىم. ئۇ:
- يەرلەرنى كۆتۈرە بەرگەندە چەك تاشلىغاندۇق. مەخمۇت مەدىكارغا 19 مو سەككىز پۇڭ ئەلا ياخشى يەر چىققان، شۇنى تېرىپ كەلگەنىدى، - ئۇ شۇنداق دەپلا جىم بولۇپ قالدى.
- كېيىنچۇ، ئۇ يەرنى سىلەر تارتىۋالغانمۇ؟ - دېدىم مەن جىددىي قىياپەتتە.
- بۇنداق قىلىشقا بىزنىڭ ھەددىمىزمۇ، ئۇ يەرنى قايتۇرىمەن دەپ ئۈچ يىل كەينىمگە كىرىۋالدى، ئۇنىماي تۇرۇۋالسام، قاراپ تۇرۇپ يەرنى بىر يىل ئاق تاشلىۋەتتى. ئىلاجىسىز يەرنى قايتۇرۇۋېلىپ باشقا دېھقانلارغا زورلاپ تاڭدۇق دەڭا.
بۇ ھال مېنى تېخىمۇ ئەجەبلەندۈردى. ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتمەكچى بولۇپ كەنت باشلىقىدىن كوچىلاپ سوراپ تۇرۇۋالدىم.
- نېمە دېسەم بولار، مەخمۇت بىر قارا يېتىم، كىچىكىدىنلا تاغ - جەزىرىلەردە كەنتنىڭ

قويىنى بېقىپ، تارتمىغان جاپاسى قالمىغان، 40 يېشىغىچە ئىسسىق ئۆيىگىمۇ ئېرىشەلمىگەن ئادەم ئىدى. تەشكىل ئىگە بولۇپ، ئۇنى بىر بالىلىق بولۇپ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن باش - پاناھسىز" كېسەلمەن جۇگانغا چېتىپ قويغان. ھەي، ئۇغۇ ھەرگىز سوتسىيالىزمغا قارشى ئەمەس، ئەمما چاتاق يېرى، يەرنى قايتۇرۇۋەتتى، - كەنت باشلىقىمۇ ئاڭگىراپ قالغاندەك بېشىنى قاشلىدى، - ھەي، ئەپەندىم، يېزىدا بىر نەچچە ئاي تۇرسىڭىزغۇ، تەكشۈرۈپ باقسىڭىز ئاخىرىدا بىر نېمە بولۇپ چىقمامدۇ، - ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

مەن بۇ پەلىپەتىش گەپلەردىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي خورسىنىپ تۇرۇپلا قالدىم.

* * *

قىش كەلدى، دەل - دەرەخلەر، ئېكىنزارلىقلار قىشلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. مەن بۇ پەسىلدە دېھقانلار مول ھوسۇل مېۋىسىدىن ياغ چايناپ، ھاردۇق چىقىرىدۇ، خۇش ياقسا ئوغۇت توپلايدۇ، كېلەر يىللىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشىدۇ. ئارىلىقتا بىكار ۋاقتى كۆپ بولىدۇ. بۇ سوتسىيالىستىك تەلىم- تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت دەپ قارايتتىم. شۇڭا ئۇلارنى كۈندۈزلىرىمۇ كەنتنىڭ ئىسسىق يىغىن زالىغا ياكى قايسىبىر دېھقاننىڭ كەڭتاشاراق ئۆيىگە يىغىۋېلىپ، پارتىيىنىڭ يېزا سىياسەتلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك تەشۋىق قىلىۋالىدىغان بولدۇق، مەھەللىمۇ مەھەللە قاتراپ يۈرۈيدىغان ئىش يوق، دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن. نەدىكىنى، بۇ كۈنلەردىمۇ دېھقانلار ئىسسىق ئۆيلىرىدە راھەتلىنىپ ئولتۇرىدىغان ئىش يوقكەن. نويابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئۇلار يەر تۈزلەش، سالا ئېتىز بەرپا قىلىش قاتارلىق ئەمگەكلەرگە ئالدىراش كىرىشىپ كېتىدىكەن. شۇ كۈنلەردە كەنتنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى 70- 80 موچە كېلىدىغان بىر پارچە ئېگىز - پەس ئېتىز ئەمگەك بىلەن قايناپ كەتكەن ئىدى. 400 دىن ئارتۇق قېرى - ياش، ئەر - ئايال بۇ ئېتىزغا جەم بولۇشقان بولۇپ، بىرلىرى ھارۋىغا توپا ئاتاتتى، بىرلىرى توپا توشقۇزۇلغان ھارۋىلارنى ھەيدەپ دۆڭنىڭ توپىسىنى پەسكە توشۇيتتى. بەزىلىرى ئېرىق چىقىرىۋاتاتتى، بەزىلىرى قىر سېلىۋاتاتتى. مەھەللىنىڭ يېنىدا يەنە بىر توپ ئادەم يول چۈشىدىغان يەرنى تۈزلەۋاتاتتى. نۆلدىن تۆۋەن ئون - ئونبەش گرادۇسلۇق سوغۇق بولۇۋاتقىنىغا قارىماي دېھقانلارنىڭ پېشانىسىدىن مونچاق - مونچاق تەرلەر ئاقاتتى، ئۇلارنىڭ ئاغزىلىرىدىن چىققان ھور بوشلۇقتا خۇددى تۇماندەك ئەگىپ يۈرەتتى.

بىز يۇقىرىدىن كەلگەن خىزمەت ئۆمىكى بولساقمۇ، يەنىلا يېزىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەت ئىشلەيتتۇق، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى، تەرتىپ - ئىنتىزامىنى بۇزۇۋېتەلمەيتتۇق. شۇڭا ئەمەلىي ئەھۋالغا ماسلاشقان ھالدا تەشۋىقىي- تەرغىباتلىرىمىزنى ئېتىز بېشىغا يۆتكىدۇق. بىز بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئىش مەيدانىغا كېلىپ، دېھقانلار بىلەن بىللە بىر پەس ئەمگەك قىلدۇق. كەنت باشلىقى دېھقانلارنى ئەمگەكتىن توختىتىپ بىر يەرگە يىغىپ بەردى. مېنىڭ 30 يىل خىزمەت قىلىپ مۇنداق كۆپ ئادەم يىغىلغان سورۇندا سۆزلىشىم تۇنجى قېتىم ئىدى. ئەسلىدە ئېتىز بېشىدا ئەمگەك قايناۋاتقاندا قۇرۇق گەپ سېتىشقا بولمايتتى، چۈنكى دېھقانلارنىڭ ئەمگەك ۋاقتىنى

قەدىرلىمىسەك بولمايتتى، ئەمما ھەرقانچە قىسقارتاي دېسەممۇ گېپىم خېلى ئۇزىراپ كەتتى. دېھقان خەق دېگەن قولىقى يۇمشاق، مۆمىن كېلىدىكەن. شۇ تاپتا ئۇلار جاندىن ئۆتۈۋاتقان سوغۇققا پەرۋا قىلماي مېنىڭ ئاغزىمغا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. مېنىڭ چىشلىرىم كاسىلداپ، سۆزلىرىم ئاغزىمدىن چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ دېمەكچى بولغان گەپلىرىمنى تولۇق دەپ تۈگەتتىم. دېھقانلار كۈلكە - چاقچاقلار ئىچىدە يەنە ئالدىراش ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ بىراۋنىڭ كەتمىنى بوشىسا بىر نەچچە كەتمەن توپىنى ھارۋىغا ئېتىپ قويىمەن، بىرەر دېھقان بىلەن مۇڭداشقىم كېلىدۇ، لېكىن ئۇلار ناھايىتى ئالدىراش، ماڭا قارايدىغان چولىسى يوق. بىر چاغدا ئوتتۇرا بويلۇق، كېلىشكەن بىر يىگىتنىڭ كەنت باشلىقىغا بىچارىلەرچە قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ نىمىلەرنىدۇر دەپ يېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇلارنىڭ يېنىغىراق بېرىپ نىمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ باقتۇم كەلدى. يىگىت ياپراقتەك تىترەپ سۆزلەيتتى:

- كەنت باشلىقى، مەن ئىشتىن قېچىۋاتقىنىم يوق، ئايالىم قاتتىق ئاغرىپ قالدى. يا مىدىرلىيالمايدۇ، قارايدىغانغا مەندىن باشقا ئادەم يوق، ئۇنداق قىلماي ماڭا رۇخسەت بېرىڭ، مەن. . .

- ياق، بولمايدۇ، ئايالىڭغا بالاڭ قارىسۇن، - كەنت باشلىقى يىگىتنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماي گېپىنى چورت كېسىپ، ئالدىغا ماڭماقچى بولدى.

يىگىت كىچىك بالىدەك يىغلاپ كەنت باشلىقىنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى:

- كەنت باشلىقى ئاتا، بەش ياشلىق ئوغلۇمنىڭ پۇتى سۇنۇپ، تېڭىقلىق يېتىۋاتقانلىقى سىزگە مەلۇم، ئىككى ياشلىق قىزىمنى ئۇنىڭ نالە - زارىغا چىداپ، ئەتىگەندە ئاپىسىنىڭ قېشىغا قوزۇق قېقىپ باغلاپ قويۇپ كەلدىم، قىزىمنىڭ يىغىسى ئۆينى كۆتۈرۈۋېتەي دەپ قالدى، يىغلىسا مەيلىغۇ، ھەر ھالدا ئۆلۈپ قالماس، ئەمما ئايالىمغا ئۇۋال بولدى، مېنى تار يەرگە قىستىماڭ، بولمىسا خودۇمنى يوقىتىپ يامان ئىش قىلىپ قويىماي يەنە. . .

يىگىتنىڭ بۇ گەپلىرى كۆڭلۈمنى بىئارام قىلىۋەتتى، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. ئىچىمدە: مەن بۇ يىگىتنى بۇنداق خورلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالماسمەنمۇ، ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرسەم كەنت باشلىقى مېنىڭ ئالدىمدا غىڭ - پىڭ قىلالماس، دەپ ئويلىدىم - دە، ئىتتىك ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدىم. كەنت باشلىقى مېنىڭ ھالىتىمنى كۆرۈپ ئۆزىنى چاپسانلا ئوڭشىۋالدى - دە، چىرايىنى ئېچىپ، يىگىتنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى ۋە مېھرىبانلىق بىلەن:

- ھەي ئۇكا، مېنىڭ يۈرىكىممۇ تاش ئەمەسقۇ، ئەمما ئۆزۈڭ ئېيتىپ باقە، ساڭا رۇخسەت بېرىپ قويۇپ قالغانلارنى ئېتىزدا تۇتۇپ قالالامدىمەن؟ ئەتىگەندە مەھەللىدىكى ھازىنى ئاڭلىغانسەن، يۇسۇپ دورداقنىڭ ئانىسى توگەپتۇ، ئۇ ئەتىگەندە جامائەتنى چاقىرىپ رەھمەتلىك ئانىسىنى يەرلىككە قويۇپلا ئىشقا كەلدى، ئۆلۈملۈك تۇرۇقلۇق كەتمەن چېپىۋاتىدۇ، تۇردى شوپاڭنىڭ ئۆيىدە يەيدىغىنى توگەپتىكەن، ئەر - ئايال ئىككىسى ئاچ قورساق يىغلاۋاتقان بالىلىرىنى ھويلىسىغا سولاپ قويۇپ ئىشقا كەلدى، مۇشۇ كۈندە

ھەممىمىزنىڭ ئۆيىدە ئانچە - مۇنچە ئىشىمىز بار، ئۆزۈڭگە مەلۇم ئىنىم، مەنمۇ سەن ئورۇپ بەرگەن شالنى ئېتىزدىن ئەكېلەلمەيۋاتىمەن، داننى قۇشقاچ يەپ بىر يەرگە ئاپاردى. بۇنىڭغا نېمە ئامال . . .

كەنت باشلىقى بىر - بىرىدىن مۇھىم ئىشلىرىبار بىر تالاي ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاتىغىلى تۇرۇۋېدى، يىگىت ئۇنىڭ مۇشكۈلاتىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ، يەرگە قارىغىنىچە جىمجىت تۇرۇپ قالدى. مېنىڭ ئاغزىممۇ تۇۋاقلانغاندەك شۈك بولۇپ قالدىم.

يېزىدىكى ئەمگەك تۈزۈمىمۇ زاۋۇت - فابرىكىلارنىڭ ئىش تۈزۈمىدەكلا چىڭ ئىكەن. ئەتىگەندە قاراپ تۇرسام، كەنت باشلىقى تەرەپ - تەرەپتىكى يول ئېغىزلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئىشقا ئون مىنۇت كېچىكىپ كەلگەنلەردىن جەرىمانە ئېلىدى. كەچتە ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىتتىمۇ شۇ كۈنلۈك كۆتۈرە بېرىلگەن ئىشنى شۇ كۈنى تۈگەتمىسە زادى بولمايدىكەن. دېھقانغا بولغان ئىچ ئاغرىقىم مېنى ئازابلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ «خالىسانە ئەمگەك»نىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ كۆرمەكچى بولدۇم. بۇرۇن يېزىغا چۈشكەنلەر يېزا كادىرلىرىنىڭ مەسىلىسىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن دېھقانلاردىن يوشۇرۇنچە ئەھۋال ئىگىلەيتتى. ھازىر مۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، كەنت باشلىقىدىن ئوچۇق - ئاشكارا سوراۋەردىم.

- كادىر ئەپەندىم، پارتىيىمىزنى دېھقانلار ئاڭلىمىغىنى تۈزۈك، ئايرىم سۆزلىشەيلى، - دېدى ئۇ مېنى چەتكىرەك تارتىپ، - مەنمۇ ئاشۇ دېھقانلارنىڭ بىرى، ئۇلارغا ئوخشاشلا مېنىڭمۇ بىر مۇنچە دەرد - ئەلەملىرىم بار، كادىر بولۇپ قاپتىمەن، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى ئىجرا قىلمىسام بولمايدۇ. باياتىن ھېلىقى يىگىتكە قىلغان مۇئامىلەمگە قاراپ مېنى رەھىمسىز ئادەم ئىكەن دەپ قالغانسىز. مەن بۇنى سىزگە چۈشەندۈرۈپ كېتەلەرمەنمۇ؟

ئۇ بىر تال تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ بىر قانچە قېتىم شورىۋالغاندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى:

- سۆزلەپ كەلسەك گەپ تولا، دېھقانمۇ ئادەم، ئەقلى بار، ئىشلىيەلەيدۇ. جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆنگەن، بەختلىك ياشاشقىمۇ ھەققى بار. پارتىيە بىزنى ئازاد قىلدى. ئۆتمۈشتىكى زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيىدىن قۇتۇلدۇق. قەددىمىزنى كۆتۈردۇق. پارتىيە نېمىنى چاقىرىق قىلسا بىز شۇنىڭغا ئىككىلەنمەي ئاۋاز قوشىمىز. پارتىيە بىزنى يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىنلا كوللېكتىپلىشىش يولىغا باشلىدى، كوللېكتىپنىڭ كۈچى چوڭ، يەككە دېھقانلار قىلالمىغان ئىشلارنى قىلالايدۇ، يېزىلارنى ماشىنىلاشتۇرىمىز، بەشتە ياخشى كەنت قۇرىمىز، دېگەن شوئار چىقىۋېدى، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا خۇددى كىنودا كۆرگەندەك گۈزەل يېزا، رەتلىك ئۆيلەر، تۈپتۈز يوللار، ئەينەكتەك تۈزلەنگەن سالا ئېتىزلار، تاغدەك دۆۋىلەنگەن پاختا، ئاشلىقلار، باياشاتلىق، توقچىلىق، خۇشال - خۇراملىق نامايان بولغانىدى. بىزمۇ شۇ مەنزىلگە يېتىمىزمىكىن دەپ، خۇدىمىزنى يوقىتىپ، قانداقتۇر 15 يىلدىلا ئەنگلىيىدىن ئېشىپ كەتمەكچى، مىڭ جىڭلىق ئېتىزلارنى بەرپا قىلىپ، ئاسماندا راكېتا قويۇپ بەرمەكچى بولدۇق. ياخشى يول ياسايمىز دەپ ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ئورنىنى

يۆتكەپ، ئۇدۇل كەلگەن ئۆيلەرنى چاقتۇق. ياخشى سالا ئېتىز بەرپا قىلىمىز دەپ، كەتمەن، سېۋەت، زەمبىللەرنى ئەمگەك قورالى قىلىپ، ئىككى بىلىكىمىزگە تايىنىپ يەرنىڭ ئوي-دۆڭىنى تۈزلىدۇق. ئاتا - بوۋىلىرىمىز تىكىپ، پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن قىر بېشىدىكى، ئېرىق بويىدىكى ھەر يوغان دەرەخلەر، مېۋىلىك باغلارنى ئۆز قولىمىز بىلەن بىر - بىرلەپ ۋەيران قىلدۇق. ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ، ئەنە ئاۋۇ شەرق تەرەپتىكى تەپچىسى چېپىلمىغان ئېتىزغا قاراڭ، شۇ يەردە غولىغا ئادەمنىڭ غولىچى يەتمەيدىغان ئىككى تۈپ ئۆرۈك دەرىخى بولىدىغان، ئۇنى كىمنىڭ تىكىپ قويغىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، قارىغاندا ئۇ كۆكلەپ، مېۋە بېرىپ تۇرغىلى 100 يىلدىن ئاشقان بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا ھېچكىم قارىمىسىمۇ باراقسان بولۇپ تۇراتتى. مېۋىسى ئادەتتىكى ئۆرۈكلەردىن چوڭ، خەشەك ئىدى. كېيىنرەك پىشاتتى. بىر كۈنى چۈشتە ئېتىزدىن قايتىپ ئۆيگە كىرىشىمگە ئانام قولىقىمغا پىچىرلاپ: «بالام، ئاشنى سەپ بولۇشۇمغا ئۆيگە ئىككى مېھمان كېلىپ قالدى، تاماق يەتمىگۈدەك، سەن ياش بولغاندىكىن ماۋۇ ناننى ئېلىپ ‹مۇھەببەت ئۆرۈكى› گە بېرىپ ئۆرۈك بىلەن نان يەپ قورسىقىڭنى تويغۇزۇپ تۇرغىن» دېدى - دە، ماڭا بىر پارچە ناننى تەڭلىدى. مۇھەببەت ئۆرۈكى؟ نە ئۇ؟ مەن دەماللىققا ئاڭقىرالماي ئانامدىن سورىدىم.

- توختى زاغۇنىنىڭ ئېتىزىدىكى ئىككى تۈپ ئۆرۈكچۇ، شۇنىمۇ بىلمەمسەن، - دېدى ئانام. «مۇھەببەت ئۆرۈكى» دېگەن سۆزنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغاچقا چۈشەنمىگەن ئىكەنمەن. مەن ئېتىزلىققا كېلىپ ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئۈستىگە چىقتىم - دە، سارغىيىپ پىشقان ئۆرۈكلەرنى خىللاپ يېيىشكە باشلىدىم، بىردەمدىن كېيىن دەرەخ تۈۋىدە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئىككى قىز پەيدا بولۇپ قالدى. ماڭا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆرۈك دەرىخىگە چىقىۋېلىشىم ئەدەبسىزلىكتەك تۇيۇلۇپ، قورۇنۇپ جىممىدە تۇرۇۋالدىم، مەن مەيىن شامالدا تىترەپ تۇرغان يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئۇلارنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتىم، بىراق ئۇلار مېنى كۆرمىدى. بوغداي ئۆڭلۈك كەلگەن قىز خۇش خۇيلۇق بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قارىۋېدى، ئۇششاق ئۆرۈۋالغان سۇمبۇل چاچلىرى تەكشى يېيىلىپ، لەپەڭلەپ كەتتى. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئۇرقى يۈرىكىمنى ئوينىتىپ، ھوشۇمدىن كەتكۈزۈۋېتەي دېدى. ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى.

- ھەببە ئاداش، قارىغانغا ئۆرۈك ئۆزى چۈشمەيدۇ، - دېدى زىلۋا كەلگەن، قاراقاش، كەڭ ماڭلايلىق، ئۇچلۇق ئېڭەكلىك يەنە بىر قىز، - ئۈستىگە چىقىپ سىلكىسەڭچۇ، ئۆرۈكنى بەكمۇ يېگۈم كېلىپ كەتتى.

- سەن مېنى ئەكەلگەندىكىن، ئۆرۈكنى سەن سىلكىپ مېنى مېھمان قىل، - دېدى ھەببە ئاتلىق قىز. دوستى كەينىگە بۇرۇلۇپلا ھەببەنى غىدىقلاشقا باشلىدى: - سىلكىپ بېرەمسەن - يوق؟

- رەيھانگۈل، بولدى قىلغىن چىدىيالمىدىم، - ھەببە رەيھانگۈلنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇۋالدى ۋە كۈلكىدىن توختاپ ئېغىر ئۇھ تارتتى، - ئۇھ، ئەجەبمۇ، ھارغۇزۇۋەتتىڭ مېنى. بىلىسەنغۇ، ئىلگىرى دەرەخنىڭ ئۈستىدە شاختىن - شاخقا ئۇچاتتىم، ھازىر ئانام دەرەخقە

چىقسالىڭ، كەڭرىلىك ئېرىقلاردىن سەكرەپ ئۆتسەڭلار بولمايدۇ، - دەيدۇ.

- ۋاي جۇۋاينىمەكەي، ئۆزۈڭنى ھامۇتقا بېجىرىم تەقدىم قىلاي دەپسەن - دە، ھا ... ھا ... ھا ... - رەيھانگۈل كۈلۈپ كەتتى ۋە تېزلا كۈلكىدىن توختاپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

- ئۇ زەربىدارلار باشلىقى ئۆزىنى ئىشقىلا ئۇرۇپ، ساڭا نەزەرىنىمۇ سېلىپ قويمىسا، نېمانچىۋالا قىلىسەن؟

ھەبىبە چۆچۈپ ئەتراپقا ئىتتىك قارىۋېتىپ، رەيھانىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى.

- ساڭمزە ئاداش، كۆڭۈل سىرىنى دېگىلى بولمايدىكەن جۇمۇ، ئەمدى بۇ گەپنى ئىككىنچىلەپ ئاغزىڭدىن چىقارغۇچى بولمىغىن، بولمىسا سېنىڭدىن رەنجىيمەن، - دېدى. شۇ تاپتا ئۇ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى، مېنىڭمۇ يۈرىكىم ئويناپ، پېشانەمدىن مونچاق-مونچاق تەرلەر ئېقىشقا باشلىدى. مېنى شۇنچە چىرايلىق بىر قىز ياخشى كۆرۈپ يۈرۈپتۇ. مەن بولسام بۇنى سەزمەي يۈرۈپتىمەن، ئەجەبمۇ دۆتكەنمەنا مەن ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ كەتتىم، شۇ خۇشاللىقىمدا ئۇلارغا پىشقان ئۆرۈكلەرنى سىلكىپ بەرمەكچىمۇ بولدۇم. بىراق ئۇلارنىڭ يەنە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغىم كېلىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم- دە، جىمممىدە ئولتۇرۇۋەردىم.

ھەبىبە يەردىن داڭگال ئېلىپ ئۆرۈك شاخلىرىنى نىشانلاپ ئاتقىلى تۇردى. داڭگال تەگكەن شاخلاردىن بىر - ئىككى تال ئۆرۈك يەرگە چۈشەتتى. ئىككى قىز ئۇنى تالىشىپ يۈرۈپ تېرىۋالاتتى. بىر چاغدا رەيھانگۈل نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ:

- ھە، راست، ھويلىدا بىر ئۆزۈن شورۇق تۇراتتى، شۇنى ئەكىلەيچۇ، - دېدى- دە، مەھەللە تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. ھەبىبە يالغۇز قېلىپ، بېشىنى شۇنداقلا كۆتۈرۈشكە ئۈدۈل كەلگەن شاخنى تازا بىر سىلكىۋېدىم، ساپسېرىق ئۆرۈكلەر ئۇنىڭ ئۈستىبېشىغا تۇرۇكلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ھەبىبە قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە لەپپىدە قاراپ مېنى كۆردى. شۇ ھامان چىرايىغا تاڭ شەپقىدەك ۋىللىدە قىزىللىق يۈگۈردى، ئۇ قاچماقچى بولۇپ تەمشەلدى.

- ھەبىبە توختاڭ! - مەن خۇددى پاراشۇتتىن سەكرىگەندەكلا ئۇنىڭ ئالدىغا سەكرەپ چۈشتۈم. ھەبىبە نائىلاج ئۆرۈك تەرگەن بولۇۋالدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئۆرۈك تېرىشكە باشلىدىم.

- ھەبىبە، مەن سىزنى دائىم چۈشۈمدە كۆرەتتىم، راستىنلا ماڭا كۆڭلىڭىز بارلىقىنى بىلمەي قاپتىمەن، ئەپۇ قىلىڭ، - دېيەلىدىم ئارانلا. ھەبىبە بېشىنى كۆتۈرمەيتتى.

ئېتىزلىقتىكى ئادەم بويىدىن ئېگىز قوناق شاخلىرى مەيىن شامالدا يېنىك شىلدىرلايتتى، ھەبىبە تۇساتتىنلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

- رەيھانگۈللەر كېلىۋاتىدۇ، قوناقلىققا مۆكۈنۈۋالايلى، - دەپلا سېۋىتىنى ئېلىپ قوناقلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى، مەنمۇ رايىش بالىدەك ئۇنىڭغا ئەگەشتىم، ئىككىيلەن قوناقلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ جىمجىت ئولتۇرۇۋالدۇق، رەيھانگۈل ئاغىنىەم سىدىقنى باشلاپ كەلگەنىدى، بىز قوناق يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۇلارنى كۆرۈپ ئولتۇراتتۇق. رەيھانگۈل

ئۇياق - بۇياققا قاراپ ھەببە كۆرۈنمىگەندىن كېيىن رەنجىگىلى تۇردى:

- خەپ، ھەببە مېنى ئالداپتۇ، ئۇ ھەقاچان قوناقلىقتا يوشۇرۇنۇۋالدى، - ئۇ ھەببەنى چاقىرماقچى بولۇپ ئەمدىلا ئېغىزىنى ئۇمەللىشىگە سىدىق ئۇنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن ئېتىۋېلىپ:

- بولدى، بۇ يەردە ۋارقىرىماڭ، مۇھەببەت ئىلاھى بولغان بۇ ئىككى تۇپ ئۈرۈك رەنجىپ قالسا تەلىيىمىز قېچىپ كېتىدۇ، ھەببەنىڭ غايىب بولغانلىقى بىزنىڭ تەلىيىمىز ئەمەسمۇ؟ - دەپلا ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار خېمىردەك يۇغۇرۇلۇپ كەتتى.

- ۋىيەي، ئاۋۇ يۈزى قېلىنلارنى، - دەپ تاشلىدى ھەببە ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا يۈزىنى باغرىمغا يوشۇردى، بۇنىڭدىن ۋۇجۇدۇم سىمابتەك ئېرىپ كەتتى. مەن جۈرئەتكە كېلىپ، قوللىرىمنى ھەببەنىڭ بېلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم.

- جېنىم ھەببە، مەن سىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلغايسىز... - ئەمدى بىزمۇ قوناقلىقتا ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ كەتكەندۇق...

مەن بۇ قىزىقارلىق مۇھەببەت ھېكايىسىنى ئاڭلاپ چاۋاك چېلىپ كۈلۈپ كەتتىم. ئەللىكتىن ئېشىپ قالغان كەنت باشلىقىمۇ گۈزەل ياشلىق ئەسلىمىسىدىن قايتا ھۇزۇر ئېلىپ، خۇماردىن چىققۇچە كۈلۈۋالدى، بىردەمدىن كېيىن خورسىنغان ھالدا:

- بۇ ئىككى تۇپ ئۈرۈك ئەنە شۇنداق ياشلارنىڭ ئۆتكەن مۇھەببىتىگە گۇۋاھ بولغان. مەھەللىدىكى مويسىپىتلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىسام ئۇ بۇرۇن - بۇرۇندىن تارتىپ مۇھەببەتلەشكۈچىلەرنىڭ گۇۋاھچىسى ئىكەنتۇق. شۇڭا «مۇھەببەت ئۈرۈكى» دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن. مەھەللىمىزدىكى ئەر - ئاياللار بىر - بىرىگە ئۇقتۇرۇشماي بۇ ئىككى تۇپ دەرەخكە تاۋاپ قىلارىكەن، ئەر - ئايال يامانلىشىپ قالسىمۇ مۇشۇ ئۈرۈك تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ ياشلىق چاغلىرىنى ئەسلىشىپ، ئاچچىقىدىن يېنىشىپ يارىشىپ قالارىكەندۇق. مانا مۇشۇنداق خاسىيەتلىك ئابىدىنى مەن ۋەيران قىلىۋەتتىم دەڭا...

كەنت باشلىقىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، ئاۋازى ئالتاغىل چىقىپ كەتتى. خۇددى ئىككى تۇپ ئۈرۈكنىڭ روھى بېسىپ كېتىۋاتقاندەك تۈگۈلۈپلا قالدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ ئىچىم ئاغرىدى.

- قارىغاندا ھەببە ئاچام بىلەن ئىككىڭلار «مۇھەببەت ئۈرۈكى» دىن ئاخىرقى قېتىم بەھر ئالغۇچىلار بولۇپ قاپسىلەردە، - دېدىم.

- شۇنداق، بىز ئاخىرقىسى بولۇپ قالدۇق، - دېدى كەنت باشلىقى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، - ئۇ ۋاقىتتا مەن كەنتتە زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىدىم. يۇقىرىدىن نېمىنى قىل دېسە، ئۇنىڭ توغرا - خاتالىقىغا قارىماي ئىجرا قىلىشقا ئۆزۈمنى ئۇرۇپ تۇراتتىم، كەنت باشلىقلىرى ماڭا ئېتىز ئارىلىرىدىكى، ئېرىق بويىدىكى دەل - دەرەخلەرنى قومۇرۇپ تاشلاشنى تاپشۇرۇۋېدى، ھېلىقى ئىككى تۇپ ئۈرۈك دەرىخىنىمۇ قوشۇپ، ئىككى ئاي ئىچىدە ئېتىزلارنى پاك - پاكىز قىرىۋەتتۇق، بۇنىڭدىن كەنتتىكىلەر نارازى بولۇشقان

بولسىمۇ «سىنىپىي كۆرەش تۇتقا» دېگەن شوئار ئاستىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئىنچىكىلىكىدىن ھېچكىم بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالمىدى. شۇنداق قىلىپ دېھقانلار دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قارا كۈچى بىلەن يەرلەرنى تۈزلىدى. دۆڭنى ئويغا توشۇدى، ئالتە - يەتتە ئاي قاتتىق ئىشلەپ، سۆڭەكلىرىمىز كۆرۈنۈپ، مادارىمىزدىن كەتتۇق. يېرىمىزنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تۈزلەپ، سالا ئېتىز بەرپا قىپتىمىز. ئەمدىغۇ ھالىمىز ياخشىلىنىپ، ئېتىزلىرىمىزدا تراكتور - كومبايىنلار گۈرۈلدەر، ھۇزۇر - ھالاۋەتنىڭ كەيپىنى سۈرەرمىز دەپ كۆڭلىمىزنى خۇش قىلىپ يۈردۇق. لېكىن زامانىۋى ماشىنىلارنىڭ ئۆزى تۇگۇل سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. بىز يەنىلا كالپۇكىمىزنى يالاپ قالدۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي، كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال، دېگەندەك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ قارا بورىنى چىقتى. «ئىنقىلاب» قىلىشقا كىرىشىپ، بىر - بىرىمىز بىلەن پومۇداقلىشىپ، جاھان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. يەرلەر ئاق قېلىپ، قورساق بېقىشمۇ تەسكە توختاپ، دېھقان خەق ئۇۋالچىلىقتا قالدى. ھەي، ئېسىت مېنىڭ ياشلىقىم، - كەنت باشلىقى سەھنىدىكى ئارتىسلاردەك ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ نالە قىلىۋەتتى، - مەن ياشلىقىمنى، كۈچ - قۇۋۋىتىمنى كوللېكتىپنىڭ ئىشىغا بېغىشلىغان ئادەممەن. ھېسابلاپ كۆرسەم، يۇقىرىدىن مېنى ماختاپ بەرگەن تەقدىرنامە، شەرەپ گۇۋاھنامىسى دېگەن قەغەزلەر 300 پارچىدىن ئېشىپتۇ. مەن شەرەپ تاختىسىنى كۆتۈرۈپ شەھەردىن پىيادە يانسام ئالدىمدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈۋاتقان پىكاپ، ماشىنىلارنىڭغۇ قارارغا كۆزى يوق، تراكتور ھەيدەيدىغانلارمۇ ھۆرمىتىمنى قىلىپ تراكتورغا سېلىۋالاي دېمەيدۇ. كۆرمەمسىز مېنىڭ ھالىمنى، ھەي، بەزىدە دېھقان خەق نېمىشقا ياخشى كۈنلەرگە يېتەلمەيدىغاندۇ، ئۇلار پەقەت كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئاران بېقىپ دۇنيادىن ئۆتۈپ كېتىشى كېرەكمىكەن؟ ئۇلاردىمۇ ئارزۇ - ھەۋەس بارغۇ، قولى پۇل كۆرۈپ، يايراپ ئۆتسە بولمامدىكەن؟ دەپ ئويلاپ كېتىمەن.

كەنت باشلىقى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، خۇددى مەندىن جاۋاب كۈتۈۋاتقاندەك كۆزۈمگە تىكىلدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى.

- مېنىڭچە، دېھقانلار جەزمەن ئۆزىنىڭ ھالىنى ياخشىلاشنىڭ يولىنى تاپالايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئانا يەرنىڭ خوجايىنى، ئەقىل - پاراسەتلىك. بۇ قېتىم ئىسلاھات يېزىلاردىن باشلاندى، دېھقانلار يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ تېرىشنى تەلەپ قىلدى، سىلەرمۇ شۇنداق قىلغانسىلەر؟ - دېدىم.

- ئۇغۇ شۇنداق، 1984 - يىلى يەرلەرنى كۆتۈرە بېرىشنى يولغا قويغاندا، يەرگە قانداق ئىشلەش، نېمە تېرىش، قانداق تېرىش، قانداق پەرۋىش قىلىش قاتارلىق ھوقۇقلارنى دېھقانغا بەرگەنىدى، بۇنىڭدىن خۇش بولغان دېھقانلار بار كۈچى بىلەن يەرگە ئىشلەپ، پۇلغا يارايدىغان زىرائەتلەرنى تېرىپ، ئۆزىنىمۇ بېقىپ، بازارنىمۇ تەمىنلەپ، بىر نەچچە يىلدىلا ئۆزلىرىنىڭ ھالىنى خېلى ياخشىلىۋالغان. بىزنىڭ بۇ يەردە سۇ كەمتاقچىلىق بولغاچقا، دېھقانلار لازا تېرىپ ئۈرۈمچىلەرگىمۇ يۆتكەپ ئاپىرىپ ساتقان. . .

- ھە، ھە ئېسىمدە، 1986 -، 1987 - يىللىرى ئۈرۈمچىنىڭ بازارلىرىدا لازا دېگەن

تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى، بىزمۇ ئىككى تاغار لازىنى توشۇلىتۇۋېلىپ قىشچە كۆك لازا يەپ چىققانىدۇق، كېيىن يوق بولۇپ كەتتىغۇ؟

— ھە، گەپ مۇشۇ يەردە، يەرنى كۆتۈرە بەرگەندە ئاز دېگەندە 20 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ دەپ بېكىتكەنىدى، بىراق يۇقىرى لەۋزىدە تۇرمىدى.

— كېيىن قانداق بولدى؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدىم مەن.

— كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم ئەيىبلەپ كەتمەيدىغانسىز؟ — كەنت باشلىقى سوئالىمغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى. مەن ئۇنىڭغا سەممىيلىك بىلەن:

— خاتىرجەم بولۇپ كۆڭلىڭىزدە نېمە بولسا سۆزلەۋېرىڭ، ھازىر سىياسەت كەڭ، ھېچقانداق ئەيىبكە ئۇچرىمايسىز، — دېدىم.

— خىيالىم بەك شاشمىكىن، مېنىڭمىگە غەيرىي نەرسىلەر كىرىپ قالدۇ، مۇشۇ سىياسەت بەلگىلەيدىغان رەھبەرلەردە بىر نۇقسان بارمىكىن دەيمەن، ياكى ئۇلار دېھقانلارنى تېززەك بەختكە ئېرىشتۈرۈشنى ئويلاپ ئالدىراقسانلىق قىلىپ بىزنى قىيناپ قويۇۋاتامدىكىن دەپمۇ ئويلايمەن. ئىشقىلىپ بۇ ئىشلارنى بىلەلمىدىم، ئىلگىرى يولغا قويۇپ نەتىجىسى بولمىغان، يېزا ئىگىلىكى پۈتۈنلەي ماشىنىلاشقاندىلا ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدىغان ئىشلارنى ھازىرلا قىلىڭلار دەۋاتامدۇ. مىسالغا ئالساق، مانا ھازىر بىچارە، ياۋاش دېھقانلارنى كۆتۈرە ئالغان يېرىگە خالىغان زىرائەتنى تېرىشىغا يول قويمايلا قالماستىن، يەنە كوللېكتىپ ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش يەر تۈزلەپ، يەرلەرنى سالالاشتۇرۇش دولقۇنىنى قوزغاۋاتىمىز، يىلدا ئىككى قېتىم دېھقانىنىڭ قولى ئېتىز ئىشىدىن كىچىككىنە بوشىغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ 60- 70 مو يەرنى ئاجرىتىۋېلىپ «يۇرۇشلەشتۈرىمىز» دەپ شۇنىڭغا ئىشلىتىمىز. ئىلگىرى دېھقانلار دۆڭنىڭ توپىسىنى زەمبىل، تاغار بىلەن يۆتكەپ ئويمانغا تۆككەن بولسا، ھازىر ئېشەك، ئات، كالا ھارۋىلىرى بىلەن يۆتكەۋاتىدۇ، بىر توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن ئون كۈندە قىلىپ بولىدىغان ئىشنى بىز 400 دېھقان 100 دىن ئارتۇق ھارۋا بىلەن 60- 70 كۈندە قىلىۋاتىمىز.

— بىر توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى سېتىۋالساڭلار ئىشلار ئاسان بولمامدۇ؟ — دېدىم ۋە بىردىنلا ئالدىراپ بۇ گەپنى دېگىنىمگە پۇشايمان قىلدىم. چۈنكى بۇنىڭغا پۇل كېرەك ئىدى.

— توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ئېلىشقا يېزا رۇخسەت قىلمايۋاتىدۇ، پۇلىنىغۇ بىر ئامال قىلىشقىمۇ بولاتتى. مەھەللىدىكى يوغان - يوغان تېرەكلەرنى كۆرگەنسىز، ھازىر لىم، ياغاچنىڭمۇ بازىرى ياخشى، بىر نەچچە يۈز تۈپنى كېسىپ ساتساق، بىر توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى كېلەتتى.

— يېزا نېمىشقا ئۇنىمايدۇ؟ — مەن كەنت باشلىقىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سورىدىم.

— باشقا كەنتلەر توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ئالغىنىڭلارنى كۆرسە بىزمۇ ئالىمىز دەپ يېزىنى خىجىل قىلىدۇ، دەيدۇ.

— شۇمۇ گەپمىكەن، ھازىر ئايرىم كەنتلەرنىڭ ئاۋۋال بېيىشىغا رۇخسەت، بۇنىڭ يولىنى مەن قىلاي، سىز بايا دېھقانلار كۆتۈرە ئالغان يېرىگە خالىغان زىرائەتلەرنى تېرىيالمايدۇ،

دېگەندەك قىلدىڭىز، دېھقانلارنى بازارغا يۈزلىنىڭلار دەۋاتسا. . .

– مانا گەپنىڭ پوسكاللىسى مۇشۇ يەردە، بۇرۇن لازا تېرىغانلارنىڭ يوقاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ. سىز دېگەندەك يۇقىرىدىن بىزنى بازارغا يۈزلىنىڭلار دەۋاتىدۇ، لېكىن يېزىدا بىر سالاغا بىر خىل زىرائەت تېرىش، بىر تۇتاش سۇغىرىش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ، مەن بۇنىڭغا قوشۇلمىسامىمۇ كەنت باشلىقى بولغانلىقىم ئۈچۈن يېزا باشلىقىنىڭ قول چوسقى بولمىسام بولمايدۇ. دە، ھا، ھا، ھا...

كەنت باشلىقىنىڭ بۇ كۈلكىسىدە ئاچچىق ھەسرەت، تەنە ۋە نارازىلىق بار ئىدى. ئۇ نېمىندۇر دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئېچىشىغا بىر دېھقان ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ قالدى. ئولتۇرۇۋېرىپ مېنىڭمۇ تىزلىرىم ئۇيۇشۇپ كەتكەنىدى، كەنت باشلىقى دېھقاننىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىشقا كەتتى. مەن ئەمگەك مەيدانىنى ئارىلاپ مەھەللە تەرەپكە كەلدىم. بىر ھويلىنىڭ ئارقىسىدىكى باغنىڭ تېمىنى ئۆرۈۋاتقان بىر توپ ياش مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى. بىر قانچىسى باغدىكى كۆچەتلەرنى چېپىۋاتاتتى. باغنىڭ ھويلا تەرىپىدە بىر جۈپ ئەر - ئايال بىردىن بالىنى قۇچاقلاپ تۇراتتى. ئۇلار ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى ئېرتقىنىچە ئىشلەۋاتقانلارغا ئۈن - تىنسىز قاراپ تۇرۇشاتتى. ئىچىم تىت - تىت بولۇپ، ئۇدۇل كەلگەن بىر دېھقان يىگىتتىن سورىدىم:

– بۇ نېمە ئىش؟ ئۇلار نېمىشقا ياش تۆكىدۇ؟

– ھەي، دېدى ئۇ خورسىنىپ، - ئۇ يىگىت ئۆيلىنىپ، چوڭ ئۆيىدىن بۆلۈنۈپ چىققىلى بىر نەچچە يىل بولغان، ئۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا مەھەللە ئىچىدىن ئۆي ئورنى ئاجرىتىپ بېرىلمىدى، ئۇنىڭغا كۆتۈرە بېرىلگەن بۇ يەر مەھەللىگە يېقىن بولغاچقا، كەنت باشلىقلىرى «ئاشۇ كۆتۈرە ئالغان يېرىڭگە ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇۋەر» دېدى. بۇ ياۋاش يىگىت ئايرىم ئۆي ئورنى ئالىمەن دەپ قىينىلىپ يۈرگىچە مۇشۇ يەرگە ئۆينى سېلىۋېرەي دەپ بىر يىلى كېسەك قويۇپ، ئىككىنچى يىلى ئاۋۇ ئىككى ئېغىزلىق كاتەكنى سېلىپ، مۇشۇ بىر مودەك يېرىنىڭ ئەتراپىغا تام سوقۇپ باغ قىلغان، ئالما، ئانار، نەشپۈت، ئۆرۈكلىرى كېلەر يىلى مېۋىگە كىرىپ قالاتتى، مانا ئەمدى مېۋىسىگە ئېغىز تەگمەيلا 80 توپ مېۋىلىك كۆچەت سالا ئېتىزىنىڭ يولغا توغرا كېلىپ قېلىپ كېسىلىپ كېتىلىۋاتىدۇ، ئەر - ئايال ئىككىيلەن ھالال ئەمگىكى بىلەن بەرپا قىلغان بېغىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىغا يىغلاۋاتىدۇ. مۇنداق كەلگۈلۈك ھەريىلى بىر نەچچە ئائىلىگە كېلىپ تۇرىدۇ، يىغلاپ - قاقشىغان بىلەنمۇ بىكار، ئۇنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ.

– مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئوبدان يول بولغاندىكىن، بۇ سالاغا يول ئالمىسا بولمامدىكەن؟ – دېدىم مەن باش - ئايىغى يوق ئېلىنىۋاتقان يولغا قاراپ.

– ھەي كادىر ئەپەندىم، «سوتسىيالىزم يولى داغدام، تۈپتۈز، توسالغۇسىز بولمىسا بولمايدۇ. بۇ سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشىمىزنىڭ تەخىرسىزلىكى، قەتئىيلىكى، سوتسىيالىزم ئۈچۈن، كېلىچەك ئەۋلادلارنىڭ بەختى ئۈچۈن چاق، قومار، كەس. ھەممە سالالاشتۇرۇشقا يول بېرىشى كېرەك!» – بۇ بىزنىڭ كەنت، يېزا باشلىقلىرىنىڭ سۆزى،

ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا كىم جۈرئەت قىلالايدۇ دەيلا، - بۇ ياش دېھقان مېنىڭ يۇقىرىدىن كەلگەن كادىرلىقىمنى ئەمدىلا بىلگەندەك ئىككى قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ ماڭا ئىلتىجا قىلدى:

- سىلى يۇقىرىدىن كەلگەن كادىر بولغانىكەن، كەنت باشلىقلىرىمىزدىن چوڭ بولسىلا كېرەك - ھە! سىلى ئۇلارنى گەپكە كىرگۈزەلەملا؟ ئەنە ئاۋۇ پەسكە قارىسىلا، - ئۇ شەرقىي جەنۇب تەرەپنى كۆرسەتتى،- ئاشۇ دەل - دەرەخلىك باغ بىزنىڭ. چوڭ - كىچىك 120 تۈپ تېرەك، 180 تۈپتىن ئارتۇق مېۋىلىك دەرەخ بار، ئۇ يەرمۇ يولغا توغرا كېلىپ قالدى، مەھەللىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يول تار، ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولغان بىلەن توپىسى سېمونتتەك قاتتىق، ماشىنىلار پېتىپ قالمايدۇ. سىلى دېگەندەك بۇ سالا يولنىڭ كېرىكىمۇ يوق، بۇ سۆزنى سىلى كەنت كادىرلىرىغا دەپ باققان بولسىلا، بولمىسا بىر ئازدىن كېيىن بىزنىڭ باغمۇ ۋەيران بولىدۇ. مەن ئىتتىپاق ئەزاسى، بىر گۇرۇپپا ياشلارنى ئۆزۈم باشلاپ بېرىپ باغنى ۋەيران قىلىشىم كېرەك. 70 ياشلىق بوۋام باغنىڭ ۋەيران بولغىنىنى كۆرسەم چىدىيالمايمەن دەپ ئەتىگەندىلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. مەن كۈندىلىك ئەمگەك كۈچىمنى ئورۇندىمسام بولمىغاندىكىن ھېچ يەرگە كېتەلمىدىم. مېنىڭچە بۇ ئىش سىلىنىڭ قوللىرىدىن كېلىدۇ، كەنت باشلىقىغا بۇيرۇق قىلىپ مۇشۇ بۇزغۇنچىلىقنى توسۇپ قالسىلا سىلىدىن ئىللا - بىللا خوش بولۇپ كېتەتتىم، ئائىلىمىزدىكى ئۇرۇق - ئەۋلادلارىمىزنىڭ ئۆمۈر كۆرۈشلىرىنى تىلەپ دۇئا قىلاتتۇق. . .

يىگىتنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. مەن ئەمدىلا بىر نەرسە دەي دەپ تۇرۇشۇمغا كىمدۇر بىرى ئۇنى ئالدىراش چاقىرىپ، دادىسىنىڭ يولدا مۇزدا تېيىلىپ يىقىلىپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلىۋېدى، يىگىت يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى.

سوغۇق تېخىمۇ كۈچەيمەكتە. يەر تۈزلەش، سالا ئېتىز بەرپا قىلىش ئەمگىكى تېخىچە ئاخىرلاشمىغانىدى. مەن يەر تۈزلەش، سالا ئېتىز بەرپا قىلىش ئەمگەك تۈزۈمى ۋە ئەمگەك قىلغان دېھقانلارنىڭ ھەققىنى كىم بېرىدىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېنىقراق مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئالاھىدە ۋاقىت ئاجرىتىپ كەنت باشلىقىنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، بۇ كەنتتىلا ئەمەس، يېزىنىڭ باشقا كەنتلىرىدىمۇ مۇنداق بىر ئەمگەك تۈزۈمى بار ئىكەن: بىر ئائىلە ئالتە مودىن يۇقىرى، ئون موغىچە يەرنى كۆتۈرە ئالغان بولسا ئۇنىڭغا بىر ئەمگەك كۈچى، 16 مودىن 20 موغىچە يەرنى كۆتۈرە ئالغان بولسا ئۇنىڭغا ئىككى ئەمگەك كۈچى، 26 مودىن 30 موغىچە يەرنى كۆتۈرە ئالغان بولسا ئۈچ ئەمگەك كۈچى ھېسابلاپ، مۇشۇنداق يەر تۈزلەپ، سالا ئېتىز بەرپا قىلىش ئەمگىكى (بۇنى يېزا ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەمگىكى دەيدىكەن) ، سۇ، يول، قۇرۇلۇش ئەمگىكى، خالىسانە ئەمگەك قاتارلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلسا، ھەر ئائىلىدىن يۇقىرىقى بەلگىلىمە بويىچە ئەمگەك كۈچلىرى ئىش مەيدانىغا ھازىر بولىدىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ھەق بېرىلمەيدىكەن.

- ئائىلىدە قىيىنچىلىقى بولۇپ، ئەمگەككە كېلەلمىسە قانداق قىلىسىلەر؟ - دەپ سورىدىم مەن كەنت باشلىقىدىن، ھېلىقى يىگىتنىڭ ئاشۇ كۈنى رۇخسەت سورىغان ۋاقىتىدىكى ئاھۇ - زارى يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرۇپ بىر قانچە كۈن ئۇخلىيالمىغانىدىم. كەنت باشلىقى

چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەستىن جاۋاب بەردى:

— ئۇ ھەقىقەتەن ئىشقا كېلەلمىسە چارىسىنى ئۆزى قىلىدۇ، يا ئادەم تېپىپ ئورنىغا ئەۋەتىدۇ، ياكى بىزگە ئېيتىپ قويۇپ ھەر كۈنىگە 20 يۈەندىن ھەق تۆلەيدۇ. شۇ پۇلغا بىز باشقا ئادەم ياللاپ ئىشلىتىمىز، لېكىن دېھقاندا نەدىمۇ نەق پۇل بولسۇن. كۆك پۇلىمۇ بەك قىممەتتە، بۇنىڭغىمۇ چىدىمىسا مەخمۇت لەقۋادەك يەرنى كەنتكە قايتۇرۇۋېتىدۇ شۇ.

— ئېنىقراق دەپ بېرىڭچۇ، سىلەر تۈزلىگەن، سالالاشتۇرغان يەرلەر شەخسكە كۆتۈرە بېرىلگەن ئەمەسمۇ؟ — دېدىم مەن كۆڭلۈمدىكى گۇمانىمنى ئېيتىپ.

— ۋاي - ۋوي، يېزىنىڭ بۇ ئىشلىرىنى نېمانچە زىغىرلاپ كېتىدىغانسىز، — كەنت باشلىقىنىڭ سەپراسى ئۆرلەپ قالدى، — سىز نەچچە كۈن تۇرۇپ كېتىسىز، بىز قالىمىز، ئۇنداق ھېساباتنى سىز قىلمۇۋاتىسىز، باشقىلار يەيدىغىنىنى يەپ، ئويناپ، كۆڭلىگە ياققىنىنى ئېلىپ كېتىۋېرىدۇ، سىزگە شۇنىلا دەي: يەر تۈزلەش، سالا ئېتىز بەرپا قىلىش ھەممە ئادەمنىڭ بېشىغا بىر كېلىدۇ، ھەممە يەر تۈزلىنىدۇ، سوتسىيالىستىك ھەمكارلىق كېلىچەكنىڭ چوڭ قورۇلۇشى ئىكەن دەپ چۈشىنىۋېرىڭ، بىر - بىرىگە ئۆتۈپ كەتكىنى شۇ ۋاقىتدا تۆلىنىپ كېتىدۇ. پەقەت سىرتتىن توپا ئېتىش ماشىنىسى چاقىرتساق، شەخسلەرنىڭ يېرىگە قاراپ كىرا ھەققىنى يىغىپ بېرىمىز، ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز.

كەنت باشلىقىنىڭ كەيپىياتىدىن ئەمدى ئوشۇقچە سوئال سورىما دېگەن مەنىنى چۈشەندىم. كەچتە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئويلاپ باقسام دېھقان ئاز - كەم يېرىم يىل ۋاقىتنى خالىسانە ئەمگەككە سەرپ قىلىدىكەن. قالغان يېرىم يىل ۋاقىتنى ئۆزىنىڭ يېرىگە ئىشلەشكە سەرپ قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۇھ دەپ ئارام ئالغۇدەك ۋاقتىمۇ بولمايدىكەن. ئاھ، بىچارە دېھقانلار، كۆز ئالدىمدىن مەخمۇت ئاكا، ھېلىقى يىگىت ۋە تونىمىسىز ئىشلەۋاتقان دېھقانلار بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. . .

مەن ئەتىسى كەنت باشلىقىغا يېزىنىڭ توپا ئېتىش ماشىنىسىنى سېتىۋېلىشقا قوشۇلۇپ ئېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ بەرگەنلىكىنى، ئۈرۈمچىدىن ماشىنىمۇ ھەل قىلىپ قويغانلىقىمىزنى، ئەمدى تېرەكنى كېسىپ ئورمانچىلىق پونكىتىغا سېتىپ بەرسىلا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىۋېدىم، ئۇ كىچىك بالىدەكلا خوشال بولۇپ كەتتى.

* * *

قوياش ئۈپۈقتىن يېڭىلا كۆتۈرۈلۈپ، بىپايان زېمىنغا سېخىي نۇرلىرىنى چاچماقتا ئىدى. ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان يەر كۈن نۇرىدا ئەينەكتەك يالتىراپ تۇراتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي رادىئو كارنىيىدىن:

— يولداشلار، كەنتىمىز بىر توپا ئېتىش ماشىنىسى سېتىۋالدى. ماشىنا سائەت توققۇزدا يېتىپ كېلىدۇ، ئۇ بىزنى جاپالىق ئەمگەكتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئۇنى كۆرگىلى، قارشى ئالغىلى بارايلى، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

مەھەللىدىكى ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن توپ - توپ بولۇشۇپ، يەر تۈزلەۋاتقان ئېتىز تەرەپكە قاراپ ئاقتى. بىر چاغدا يېزا تەرەپتىن توپا ئېتىش ماشىنىسى

ھەيۋەتلىك گۈركىرەپ كېلىشكە باشلىدى. شۇ تاپتا بۇ ئاۋاز كىشـــلەرگە «تاشۋاي» مۇزىكىسىدىنمۇ مۇڭلۇق ئاڭلىنىپ كېتىۋاتاتتى، كىشىلەر يولنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرۇپ ماشىنىنى قارشى ئالماقتا، چۇقان كۆتۈرمەكتە، ماشىنىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىنى تۇتۇپ كۆرمەكتە ئىدى. توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ئېتىز بېشىغا يېتىپ كەلگەندە دېھقانلارنىڭ تەنتەنىسى ئەۋجگە چىقتى. ئۇلار خۇشاللىقىدا سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە خىزمەت ئۈمىكى ياشاپ كەتسۇن! دېيىشتى. توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى غۇلىچىنى يېيىپ، پولات چىشلىرىنى توپىغا پاتۇرۇپ، بىر پاتمان توپىنى ئالدىغا ئىتتىرىپ مېڭىۋېدى، دېھقانلار چاۋاك چېلىشىپ، توۋلىشىپ كەتتى. بالىلار ماشىنىنىڭ قېشىدىن نېرى كەتمەيتتى، بەزى قېرىلار بۇ مۆجىزىدىن تەسىرلىنىپ ھەتتا كۆزلىرىگە ياشمۇ ئالدى. بۇ مەن يېزىغا كەلگەندىن بۇيان كۆرۈشكە تەشنا بولغان دېھقانلارنىڭ شادلىق مەنزىرىسى ئىدى. شۇ تاپتا دېھقانلارنى مۇشۇ ئىشنى ھەل قىلىپ بېرىپ شۇنچىلىك خۇشال قىلالىغانلىقىم ئۈچۈن پەخىرلىنەتتىم. ماشىنا ئىككى سائەتكىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن ئىشنى قىلىۋەتتى. دېھقانلار تارقايدىغاندەك ئەمەس، ئۇنىڭغا قاراپ - قاراپ تويمايتتى. . .

توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنى كەنت باشلىقى ئۆزى ھەيدىگەنىدى. ئۇ مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا كەلگەندە ماشىنىنى توختىتىپ ئالدىمغا كەلدى ۋە:

- كادىر ئەپەندىم، بۈگۈن كەنتىمىزدىكى ئۈچ مىڭغا يېقىن ئادەمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھېمىزغا كەپتۇ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا بىر نەرسە دەپ بەرمەمسىز؟ - دەپ تەكلىپ بەردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھاياجاندا ئوينىاپ تۇراتتى.

مېنىڭمۇ «دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسنىڭ مەنپەئىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك» دېگەن تېمىدىكى سۆزۈم بار ئىدى، بۈگۈن مۇشۇ مەيداندا سۆزلىشىمگە تولىمۇ باپ كېلەتتى.

- ماڭىمۇ ئازراق ۋاقىت بەرسەڭلار، يولداشلارغا يەتكۈزىدىغان خۇش خەۋىرىمىز بار ئىدى، - دېدى كەنتنىڭ كاسسىرىمۇ سىرلىق تۇردە سۆز قىستۇرۇپ.

- قانداق خۇش خەۋەر ئۇ؟ - دېدىم مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاشقا قىزىقىپ.

- يىل ئاخىرى بولۇپ قالدى، دېھقانلارنىڭ يەردىن ئالغان مەھسۇلاتلارنى سېتىپ يانچۇقلىرى تومپايدى، ئۇلاردا پۇل ئۇزۇن تۇرسا بولمايدۇ. كەنت ئاۋۋالراق تۇتۇش قىلىپ دېھقانلاردىن جامائەت فوندى، پاراۋانلىق فوندى، مائارىپ فوندى، مەدەنىيەت فوندى، كادىرلار ئىش ھەققى، ئېتىز - ئېرىق، زاكۇ ھەققى، تەكرار ئىشلەپچىقىرىش، ئايلانما مەبلەغ، مۆلدۈر ياغدۇرۇش ھەققى قاتارلىقلارنى يىغماقچىمىز.

- توغرا، ئۇلارنى ۋاقتىدا يىغىش كېرەك، دۆلەت، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ، - مەن سۆزلىمەكچى بولغان سۆزمۇ مۇشۇ مەزمۇندا ئىدى.

- ئۇنداق بولسا توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى سەھنىمىز بولسۇن، سىز ئاۋۋال چىقىڭ.

كەنت باشلىقى بىلەن كاسسىر مېنى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويدى. مەن ئەتراپىمغا سەپسالدىم. دېھقانلارنىڭ چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتـــى،

ھەممىسى مېنىڭ ئاغزىمغا قاراپ قالغانىدى. مەن مېغىزلىق قىلىپ دېھقانلارنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈم. ئۇلارنىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، ۋەتەننى باي، قۇدرەتلىك قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە سۆزلىدىم. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى قىزغىن قارشى ئالدى.

ئاخىرىدا كاسسىر ھەربىر ئائىلە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك فوند، ھەقلەرنى ئېلان قىلدى. دېھقانلار نېمە دېگەن رايىش، مۆمىن خەق - ھە. ئۇلار بىر ئېغىزدىن: «تاپشۇرىمىز» دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشتى.

مەن دېھقانلارنىڭ تاپشۇرىدىغان ھەقلىرى مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىگەندۇ دەپ قاپتىمەن، ئەمما كېيىنكى كۈنلەردە ناھىيىدىن، يېزىدىن بىزگە ئوخشاش كادىرلار كەنتكە ئىككى كۈندە بىر كېلىشىۋېلىپ، كەنت كادىرلىرىنى بىزگىمۇ كۆرسەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئىچىم پۇشۇپ كەنت باشلىقىنى تۇتۇۋالدىم. دە:

- ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان نېمە ئادەملەر ئۇ، ئۇلارغا بەرگۈدەك قانداق ئالاھىدە مەھسۇلاتىڭلار بار، بىزگىمۇ بىر ئاز قالسۇن جۇمۇ، - دەپ چاقچاق قىلدىم. كەنت باشلىقى كۈلۈپ كېتىپ:

- نېمە ئادەم بولماقچىدى، يېزا ئىگىلىكىگە مۇلازىمەت قىلىمىز دەپ مەيدىسىگە ئۇرىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىزدىن ھەرخىل ھەق، سېلىقلارنى يىغقۇچى ئادەملىرى بولمامدۇ، بۈگۈن كەلگەنلىرى سۇ ئىشلار ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى. بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىن تاڭ، ئىككى يىل بۇرۇن سۇ پۇلىنى ھەر موسىمغا ئىككى يۈەندىن يىغاتتى، بۇ يىل 14 يۈەنگە چىقتى، كېلەر يىل 20 يۈەن بولىدىكەن، دېھقاننى بەك شىلىۋېتىدىغان بولدى جۇمۇ، - كەنت باشلىقى تۈنجى قېتىم ماڭا زارلىنىۋاتاتتى.

- يۇقىرىغا پىكىر قىلمىدىڭلارمۇ؟

- پىكىر بېرىپ ئىشنى ئوڭشىغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ، باشلىقلىرىمىز تېلېۋىزوردا دېھقاننى بوزەك قىلماڭلار، قالايمىقان سېلىق سالماڭلار، قالايمىقان ھەق ئالماڭلار، دەپ ئوچۇق ئېيتتىغۇ. ئۇلارنىڭ سۆزى ئاقمىغان يەردە بىزنىڭ پىكرىمىز نېمىگە دال بولاتتى دەيسىز.

كەنت باشلىقى ئاچچىقى تۇتسىلا موخوركا ئوراشقا باشلايتتى. ئۇ يانچۇقىنى ئاختۇرۇشىغا مەن بىر تال تەييار تاماكىنى تۇتتۇم.

- ۋاي بولدىلا، ئۇ بىر نېمە خومار باسالمايدىكەن. تاماكا يۆگەيدىغان قەغەز بېرىڭ ماڭا.

مەن كونىراق بىر گېزىتنى تاللىۋېلىپ ئۇنىڭغا سۇنۇشىمغا ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى بىراۋلار ئىتىپ ئېچىۋەتتى. مەن چۆچۈپ كەتتىم. كەنت باشلىقى مۇنداق ئىشلارنى تولا كۆرۈپ كۆنۈپ كەتكەن بولسا كېرەك. پەرۋا قىلماي گېزىت قەغىزىنى پۈكلەپ، ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى، كەينىدىنلا ئون نەچچە دېھقان يىگىتى قانغا مىلەنگەن بىرىنى ئىتتىرگىنىچە ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

— ھەي كەنت باشلىقى، — دەپ ۋارقىرىدى بىرى قالغانلارغا ۋەكىل بولۇپ سۆزلەپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغانىدى، — ماۋۇ شۇمتەك توكچىنى سوراپ بېرەمسەن - يوق؟ ياشلار ئۇنى ئۇرۇۋېتىپتىكەن، ئاجرىتىۋېلىپ ئالدىڭغا ھەيدەپ كەلدىم.

مەن ياشلارنىڭ ئەلپازىغا قاراپ، ئۇرۇلغۇچى ئادەم ئۆلتۈردىمىكىن ياكى ئوغرىلىق قىلدىمىكىن، دەپ ئويلاپ بىئارام بولۇپ كەتتىم. ئەسلىدە ئۇ يېزىنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش ئورنى بىلەن يىل بېشىدا بىر كىلوۋات توكنى بىرمو ئالتە پۇڭدىن توختاملىشىپ كۆتۈرە ئالغانىكەن. لېكىن دېھقانلاردىن دەسلەپتە سەككىز مودىن، كېيىنكى ئىككى ئايدا بىر يۈەندىن توك پۇلى يىغىۋاپتۇ. بۇنىڭغا غەزەپلەنگەن دېھقانلار ئاچچىقىدا توكچى يىگىتنى ئۇرۇپ قانغا بويىۋېتىپتۇ.

— نېمىشقا ئۆزۈڭنىڭ قېرىنداشلىرىڭغا قارا يۈزلۈك قىلىسەن؟ — كەنت باشلىقى ئۇنىڭغا چەكچەيدى.

— مەھەللىمىزگە ترانسفورماتور ئورنىتىلمىغان، توكنى كۆچەيتىپ بېرەلمەيدۇ، — دېدى قانغا مىلەنگەن يىگىت يىغلامسىراپ.

— شۇڭا دېھقانلاردىن بىر كىلوۋات توكقا سەككىز مودىن قوشۇلغان، بۇ پۇلنىڭ ئىچىدە سېنىڭ ئىش ھەققىڭمۇ بار تېخى، ھازىر نېمىشقا بىر يۈەندىن يىغىسەن؟ — كەنت باشلىقى چېچىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— توك بىلەن تەمىنلەش ئورنىدىكىلەرنى باشقا كەنتتىكىلەر دائىم مېھمان قىلىپ تۇرىدىكەن، مەن ئىش ھەققىمگە ئالغان پۇلغا توكچىلىق سايمانلىرى ئالغانىدىم، توك تەمىنلەش ئورنىدىكىلەر بىزنى مېھمان قىلمىساڭ توكنى كېسىۋېتىمىز دەپ مېنى قورقۇتتى، خىيالىمدا دېھقانلاردىن توك پۇلىنى كۆپرەك ئېلىپ، كەنتنى ئاۋارە قىلمايلا ئۇلارغا زىياپەت بېرىۋالاي دەپ . . . — ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ مەيدە يانچۇقىدىن بىر پارچە ئىسچوتنى ئېلىپ كەنت باشلىقىغا سۇندى.

كەنت باشلىقى ئىسچوتنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن:

— 460 يۈەن كېتىپتۇ، كىچىككىنە ھوقۇق تۇتقانلار نامىدا دېھقانغا مۇلازىمەت قىلىمىز دەپ، ئەمەلدە دېھقاننى بىكاردىن - بىكارغا شۇلۇپ يەۋاتسا، ھەي بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ، — دېدى ئېغىر خورسىنىپ، — بۇ بىچارىگىمۇ ئوڭاي ئەمەس، ئۇنى بىكار ئۇرۇپسىلەر، — كەنت باشلىقى كۆيۈنگەن ھالدا توكچىنىڭ بېشىنى سىلاپ، كېيىملىرىدىكى توپىنى قاقتى، ئەتراپتا تۇرغان ياشلار خىجىل بولۇپ قېلىشتى.

توكچىنى ئۇرغانلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئاكىسىمۇ بار ئىكەن. ئۇ ئىنىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ۋاي ئىنىم، ياۋاش ئىنىم، بايىلا كېپىڭنى ئېنىق قىلساڭ، مەن سېنى بۇنچىلىك ئۇرۇپ كەتمەيمەن ئەمەسمۇ، بىكاردىن - بىكار تاياق يەپ كېتىپسەن، چاپسان يۈر ئىنىم، ياراڭنى داۋالىتىپ ئۆيگە قايتايلى، — دېدى - دە، ئىنىسىنىڭ قولىدىن تارتقىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن كەنت باشلىقى بىلەن ئۇزۇنغىچە مۇڭداشتۇق. ئۇ دېدى:

— كۆز ئالدىمىزدا كېلەر يىللىق تېرىلغۇ تەييارلىقى قىستاپ كېلىۋاتىدۇ، دېھقانلىرىمىز بۇغداي، كېۋەز، قوناق ۋە باشقا ئۇرۇقلارنى سېتىۋېلىشى كېرەك. خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق ئېلىشقىمۇ پۇل بولمىسا بولمايدۇ، باھا ئۇچقاندەك ئۆرلەۋاتىدۇ، بەزى تەمىنلەش ئورۇنلىرى يۇقىرىدىن جېكىلەپ تۇرسىمۇ ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىپ، خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇقلارنى دېھقانلارغا قەرزگە بېرىشنى خالىماي، پۇلى بار ھايانكەشلەرگە بېرىۋاتىدۇ، دېھقانلار ئۇلارنىڭ قولىدىن يۇقىرى باھادا ئېلىۋاتىدۇ... ۋاي بولدىلا، بۇ ئىشلارنى ئويلىمىغان تۈزۈك، ئويلىسام مېڭەم قىزىپ كېتىدۇ. چۈش بوپ قاپتۇ. يۈرۈڭ كادىر ئەپەندىم، مەن سىزنى بىر قىزىقچى ئائىلىنىڭكىگە ئېلىپ باراي، كۆڭۈل كۆتۈرگەچ قايماق چاي ئىچىپ كېلەيلى.

مېنىڭمۇ قورسىقىم ئېچىپ، ئاشقازىنىم چىمىلداشقا باشلىغانىدى. تۈزۈت قىلىپ تۇرمايلا كەنت باشلىقىنىڭ گېپىگە ماقۇل بولدۇم.

بىز ئىشخانىدىن چىقىپ، مەھەللىنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغان ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپلا قوش قوۋۇقلۇق دەرۋازا ئىچىگە كىردۇق. ھويلىنىڭ ئىچى چاققانغىنە باغ ئىكەن، بىز سەينادىن ئۆتۈپ ئۆيگە كىردۇق. ئۆي ئىگىسىنى كىمكىن دېسەم، بىز كەنتكە يېڭى كەلگەندە پاختا سېتىپ يانغان چېغىدا مەن بىلەن ئۇلپەتچىلىك قىلغان ئابلەت موللاقچى ئىكەن. ئۇ كاڭدا بىر قولىنى بېشىغا تىرەك قىلىپ، قاتتىق خىيالغا پېتىپ سۇنايلىنىپ ياتقان ئىكەن. بىزنى كۆرۈپ يەرنى تىرەپ ئاران ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭدا شۇ ۋاقىتتىكى جۇشقۇنلۇقتىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى، چىرايى يىل كېسەل تارتقان ئادەمنىڭكىدەك سارغىيىپ، كۆزلىرى ئىچكىرى كىرىپ كەتكەنىدى، بىز قائىدە بويىچە دۇئا - تەكبىر قىلىپ، ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. لېكىن ئابلەت موللاقچىنىڭ ئاغزىدىن قىزىق پاراڭلار چىقمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. كەنت باشلىقى مېنىڭ ئالدىمدا ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك ئۇنىڭغا ئۆزى تۈرتكە بولۇپ قىزىقچىلىق قىلىپ باقتى. ئابلەت موللاقچى ئۇنىڭ كۆڭلىگە يارىشا مىتمۇ قىلىپ قويمىدى، ئاخىرى كەنت باشلىقى خاپا بولغان قىياپەتتە:

— ھەي موللاقچى، نېمە بولدۇڭ، زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپلا كېتىپتىغۇ، تۈگمەن تېشىنىڭ ئاستىدىنمۇ پۈتۈن چىقىدىغان پولاتتەك ئەر ئىدىڭ، ئەمدى سولىشىپ پېدىگەندەك بولۇپ قاپسەنغۇ، دەردىڭ بولسا ئېيتمامسەن؟ — دېدى.

— سەن گادايغا دېگەننىڭ نېمە پايدىسى، — ئابلەت موللاقچىنىڭ كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ، ئاغزى ئېچىلدى، — ئۆزۈڭنىڭغۇ خەقنىڭ ھالىغا يەتكۈدەك بىر نېمەڭ يوق، بىر يىل ئاران تاپقان پۇلۇمنى سۇيىمنى سىقىپ ئىچىدىغاندەك تۇتۇۋالسامۇ 12 مىڭ يۈەننى ئېلىپ كەتتى. مەنمۇ ھازىرغىچە 47 خىل فوند، ھەق، سېلىق، قەرز، ئىئانىلەرگە پۇل بەردىم،

— ئۇ تەرلەپ كەتتىمۇ، بېشىدىكى قۇلاقچىسىنى كاڭغا ئېتىۋەتتى.

بىز كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئاشۇنداق گەپلەردىن قېچىپ بۇ ئۆيگە كەلگەنىدۇق، كىم

بىلسۇن، بۇ يەردىمۇ شۇ دەرد، كەنت باشلىقى زورىغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاشۇلارنى ئۆزۈڭچە تىزىملاپ، ساناپ باقتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋە ماڭا تاماكا قەغىزىنى سۇندى.

— ھالال ئىشلەپ تاپقان پۇلۇم قولدىن چىقىپ كېتىۋاتسا سانىماي قانداق قىلىمەن. قانداق، كۆرۈپ باقامسەن؟ ھەي، سەن ئۇنى كۆرمەيسەن، ھەم توسمايسەن، سەن بىزنى ئاشۇلارغا يەم قىلىپ بېرىۋاتىسەن، — ئابلەت ئاكا چىرايىنىمۇ ئاچماي ئۇنىڭغا تاماكا قويۇپ بەردى.

— شۇنداق، مەن ئۇلارنىڭ قول چوممىقى، نېمىلا دېسەڭ دېگىن، لېكىن ئاداش، مەن ئۆيۈڭگە مېھمان باشلاپ كەلدىم. ھېچ بولمىغاندا قايماق چېيىڭنى بېرەرسەن؟

— شۇنداق، شۇنداق، مەن. . . ساڭا قاي. . .

چوپچوڭ بىر ئادەم سۆزىنىمۇ داۋاملاشتۇرالماي كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈشكە باشلىدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ ئايالى مىشىلداپ يىغلاپ، ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ خۇددى ھازا تۇتقاندەك قولىغا ياغلىق تۇتۇۋالغان بولۇپ، كۆز ياشلىرىنى توختىماي ئېرتىپ تۇراتتى.

— نېمە بولدى يىسلەرگە، نېمە ئىش يۈز بەردى، ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرماي ئېيتساڭلارچۇ؟ — كەنت باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇ تۇرۇپ ئابلەت ئاكىنى نوقۇلايتتى، تۇرۇپ ئايالىنىڭ ئالدىغا باراتتى. ئاخىرى ئايالى ئېغىز ئاچتى:

— ئوغلىمىزنى ئۆيلىمەكچىدۇق، پۇلىمىز ئۇياقتا تارتىڭ، بۇ ياقتا تارتىڭ بىلەن ئاز قاپتۇ. ئېغىلدىكى كالىنى بىرەر ئايچە بېقىپ سەمرىتىپ ئاندىن ساتايلى دېيىشكەنىدۇق. كالىلارغا بوغۇز بەرگەندىن كېيىن ئوقۇرنىڭ تۈۋىدە چاشقان پەيدا بولۇپ قالدى، مەن چاشقاندىن بەك قورقىمەن، چاشقان دورىسىنى بوغۇز بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ چىقىپ ئوقۇرنىڭ بۇرجىكىگە قويۇپلا ئۇنتۇپ قاپتىمەن، قارىغاندا دورا بوغۇزغا ئارىلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ. بوردىماقچى بولغان ئىككى كالا بىلەن سېغىن كالىمۇ يەۋالغان ئىكەن، ئەتىگەندە قارىساق ئۈچ كالىنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ قاپتۇ، ھەممە گۇناھ مەندە، ئۇرسىلا، تەپسىلە، مېنى مىجىۋەتسىلە دېسەممۇ ئۇنىمايدۇ، نېمىلا قىلساق ئورنىغا كەلمىگۈدەك، بالىمىزنىڭ تويىنى قىلالماسلىقىمىزدىن ھەسرەت چېكىپ. . .

ئەر - ئايال ئىككىيلەننىڭ يىغىسى ئەۋجىگە چىقتى. كەنت باشلىقى چېكىسىنى قاتتىق - قاتتىق چىمدىۋېلىپ، ئۆينى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك ئاۋازى بىلەن گۈركىرىدى:

— بولدى قىلىش! مۇنچىلىك ئېزىلىپ يىغلىغۇدەك ئاتا - ئاناڭلارمىدى، ئۇلار ئالىلقاچان تۈگىگەن، سىلەر زىيان تارتىپ باقمىغانمىدىڭلار، ئۈچ كالىنىڭ ئۆلگىنىگىمۇ شۇنچىلىك ھازا تۇتقان بارمۇ، نېمىكىن دەيمىنا، ھەي موللاقچى، تۇر ئورنىڭدىن، قول يۈيىدىغانغا سۇ بەر، سىز چاي قاينىتىڭ، سىنچايىنىمۇ ئىچىۋېرىمىز.

كەنت باشلىقىنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن ئۇلار ياشلىرىنى ئېرتىپ، قەددىنى رۇسلىدى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي جىممىدە ئولتۇرۇپلا قالغانىدىم، ھەش - پەش دېگۈچە چايىنىمۇ

ئېچكەن بولدۇق. ئۇلار ئەس- ھوشىنى يوقىتىپ، ئۆلگەن كالىلارنى شۇ پېتىچە تاشلاپ قويغانىكەن، كەنت باشلىقى بىر قانچە ئادەمنى چاقىرتىپ كىرىپ كالىلارنى سويدۇرۇپ، تېرىسىنى ئاجرىتىۋېلىپ، گۆشىنى مەھەللىدىكى ئىتلارغا تاشلاپ بەردى.

* * *

ھاۋا ئىللىدى. كۈزگى بۇغداي مايسىلىرى يەريۈزىنى يېشىللىققا پۈركەشكە باشلىغانىدى. باھار يېتىپ كېلىشى بىلەن يېزا، كەنتلەر ئۆزگىچە ياسىنىپ، كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. ئەپسۇس، بىزنىڭ بۇ يەردىكى خىزمەتلىرىمىز ئاخىرلىشىپ شەھەرگە قايتىش ئالدىدا تۇراتتۇق. نېمە سەۋەبتىندۇر، مەن بىر نەرسەمنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقاندەك، بىر كىم بىلەن كۆرۈشۈۋېلىشىم زۆرۈردەك بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. دەرۋەقە، بىرى چاقىرغاندەكلا ئىشخانىغا مەخمۇت ئاكا كىرىپ كەلدى، ئۇنى كۆرۈپلا كۆڭلۈمدىكى تۇمان تارقىلىپ، دىلىم يورۇپ كەتتى. مەن مەخمۇت ئاكا بىلەن قىزغىن چاقچاقلىشىپ كۆرۈشتۇم.

— كادىر ئەپەندىم، سىلەر يېڭى كەلگەندىكى پاقلان سويۇپ بېرەي دېسەم، خۇددى جىن چاپلىشىۋالىدىغاندەكلا قورقۇشۇپ، ئۆيدىن قېچىپ چىقتىڭلار. ئۇ ۋاقىتتا ئېھتىيات قىلغىنىڭلار ئېھتىمال ئورۇنلۇقتۇ، ھازىر ئاڭلىسام كەتكىلىۋېتىپسىلەر، ئوبدانراق خوشلىشىۋالايلى. ئادەمگەرچىلىكتە مېھمانغا بىر چىنە چاي تۇتۇش قەدىمدىن تارتىپ بار ئىشقۇ، شەھەرگە كىرگەندە مەنمۇ سىزنى ئىزدەيمەن. قېنى ئۆيگە مەرھەمەت.

— شۇۋاقىتتىكى پاقلان تېخى بار دېمەكچىمۇ سىز؟ — مەن كۈلۈپ كەتتىم.

— ئەلۋەتتە بار، ئۇنىڭ گۆشى سىلەرنىڭ رىسقىڭلار، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ تىزىمغا يېنىك شاپىلاقلاپ قويدى.

— بىز ئاران بىرمو ئۈچ پۇڭ يەر تېرىيدىغان ئادەمنىڭكىنى يېسەك خىجىل بولمايمىزمۇ، ياق، سەت تۇرىدۇ، — مەن چاقچاق ئارىلاش تەكەللۇپ قىلدىم.

— مەن شۇ ۋاقىتتىلا «شۇمۇ يېتىمدۇ» دېگەن ئەمەسمۇ، شۇ سۆزۈمنىڭ مەنىسىنى ھازىر چۈشىنىپمۇ قالغانسىز، يەنە چۈشەنمىگەن يەرلىرىڭىز بولسا ئۆيگە بارغاندا سۆزلەپ بېرەي، يەر تېرىمىسامۇ تۇرمۇشۇمنىڭ 20- 30 مولاپ يەر تېرىۋاتقان دېھقانلارنىڭكىدىن باياشات ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرگەنسىلەر.

مەخمۇت ئاكىنىڭ چىرايىدىن ھازىرقى تۇرمۇشىدىن مەمنۇنلۇقى چىقىپ تۇراتتى.

مەخمۇت ئاكا يۈرىكىدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭدىن يەر تېرىپ يۈرگەن يىللىرىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى سورىمىغان بولسامۇ، باشقا دېھقانلارنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭمۇ كۆپ رىيازەت چەككەنلىكىنى، نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش، قالايمىقان سېلىقلارغا چىدىيالماي، تېرىيدىغان يېرىنى قايتۇرۇپ بېرىپلا بۇ دەردلەرنىڭ ھەممىسىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى پەملەپ بولغانىدىم. دۇنيادا يەر تېرىشنى خالىمايدىغان دېھقان بولمىسا كېرەك. مەخمۇت ئاكا پاقلان گۆشى پىشقىچە ئۆزى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەردى:

ـ مەن بۇ ۋاپاسىز دۇنيادا ئاتا ـ ئانامدىن كىچىك ئايرىلىپ قېلىپ، يېتىمچىلىكنىڭ
دەردىنى يەتكۈچە تارتتىم، بىر پارچە نانغا زار بولدۇم، شۇ چاغلاردا، ئۆزۈمنىڭ يېرىم
بولسىدى، بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋىتىمنى يەرگە بېغىشلاپ، ئۇنىڭدىن تاغدەك هوسۇل ئېلىپ،
بەختنىڭ هۇزۇرىنى سۈرۈپ باقسام دەپ شېرىن خىيال قىلىپ، تالاي كۈنلەرنى ئۇيقۇسىز
ئۆتكۈزگەنىدىم، هەر هالدا بۇ ئارزۇيىمغا كېچىكىپ بولسىمۇ يەتتىم. يەرلەر دېهقانلارغا
كۆتۈرە بېرىلگەندە مېنىڭ تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ، ئەڭ ياخشى يەر ماڭا تەگدى. يەرگە
تازا ئىشلەپ، يېرىمغا بۇغداي تېرىدىم، مايسىلار ئۈنۈپ چىققاندا خۇشاللىقىم ئىچىمگە پاتماي
قالدى. بىر كۈنى سەهەردە مەهەللىدىكى رادىئو كارنىيىدىن ئاڭلىنىۋاتقان «نازىركوم»
مۇزىكىسىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن. بىر ۋاقىتتا ئەتراپىمغا ئېتىزغا
ماڭغان دېهقانلار ئولىشىپ كېتىپتۇ، ئۇلار ماڭا قاراپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. ئەمدى مۇشۇ
بۇغداي هوسۇل بەرسە، تاغدەك دۆۋىلەنگەن چەشكە قاراپ قانچىلىك خۇش بولۇپ
كېتەرمەن،ـ هە، دەيتتىم. شۇ چاغدا مەن مۇنداق بىر هەقىقەتنى بىلىۋالدىم: هەرقانداق
ئىنسان ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشىدىن هۇزۇر ئالماي، پەخىرلەنمەي قالمايدىكەن، ئائىلۇق،
ساقچىلىق جاننى ئالقانغا ئېلىپ يۈرۈپ قىلىدىغان خەتەرلىك ئىش، لېكىن ساقچى ئۆز
ئىشىدىن، ئېنىقراقى ـ دۆلەت گېربى تاقىغان شەپكىسىدىن پەخىرلىنىدۇ، ئۇ ئاشۇ شەپكىسى
بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىق تۇرىدۇ هەم دىكتاتۇرا يۈرگۈزەلەيدۇ، نازىنىن خېنىملار چىرايلىق
زىننەت بۇيۇمىدىن هۇزۇرلىنىدۇ، دوختۇر ئالدىدا ئولتۇرغان داۋالانغۇچىدىن هۇزۇرلىنىدۇ،
چۈنكى ئۇ كېسەلگە شىپا بېغىشلايدۇ، بىز دېهقانلار تاغدەك مۈشكۈلاتنى مۈرىمىزگە
يۈدۈۋالغان تەقدىرىدىمۇ ئاشۇ يېرىمىزدىكى يېشىللىقنى كۆرسەكلا هاردۇقىمىز چىقىپ،
يەڭگىل بولۇپ قالىمىز. ئەپەندىم، مەن كېچىكىپ توي قىلدىم، ئايالىم كېسەلچان. بىر
ئۆيلۈك بولغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى ئىشقىلا ئۇرۇپ، تۇغۇتىدا ئايالىمغا ياخشى قارىيالماي
تۇغۇلغان بالا چېچىراپ كېتىپ بىزنى خاپا قىلدى. بۇ قېتىم ئايالىمنى دوختۇردا ياتقۇزۇپ
يەڭگىتمەكچى بولدۇم ۋە مۇشۇنىڭغا ئاتاپلا 100 يۈەن پۇلنى چىڭ ساقلاپ يۈرگەنىدىم، دەل
شۇ ۋاقىتتا بەش كۈنلۈك ئېهاتە ئورمان تىكىش ۋەزىپىسى چۈشۈپ قالدى، ئۇنىڭغا بارمىسام
بولمايتتى، مەن بارمىسام بەش كۈنلۈك ئىش هەققىنى بېرىشىم كېرەك، قايسىسىدا تۇرسام
بولار؟ مەن ئايالىمدىن ئايرىلسام بولمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇغۇت كۈنى مەلۇم ئەمەس، ئاۋۋال
ئىش هەققىگە 100 يۈەننى بېرىۋېتىپ، ئايالىمنىڭ تۇغۇتىغا پۇل ئۆتنە ئېلىپ تۇرارمەن
دېگەن ئوي بىلەن پۇلنى قولۇمدىن چىقىرىپ قويدۇم. نەدىن بىلەي، شۇ كېچىسىلا
ئايالىمنىڭ تولغىقى تۇتۇپ كەتتى ئەمەسمۇ، ئەس ـ هوشۇمنى ئاران يىغىپ مىلىڭ تەستە بىر
ئېشەك هارۋىسى تېپىپ، ئۇنى يېرىم كېچىدە دوختۇرغا ئېلىپ باردىم. دوختۇرنى ئاران
ئويغىتىپ چىقسام ئۇ: «پۇل تاپشۇرمىساڭ تۇغۇتنى قوبۇل قىلمايمىز» دەپ پېشىنى قاقتى،
ئايالىم هارۋىدا تولغاق يەپ ئازابلىنىۋاتاتتى. جېنى تۇمشۇقىغىلا كېلىپ قالغاندەكلا قىلاتتى،
ئەنسىزلىك ئىچىدە تېپىرلاپ كەتتىم، ئاچچىقىمدا كەنت باشلىقىنى قارغاپ: ۋۇ ئەبلەخ،
ئاشۇ 100 كويىنى ئېلىۋالمىغان بولساڭ مۇشۇ كۈنگە قالمايتتۇق، بالام ئۆلۈپ قالسا جېنىڭنى

ئالىمەن، دەپ ۋارقىراپ تاشلاپتىمەن.

— نېمە؟ ھازىر نېمە دەپ ۋارقىرىدىڭ؟ يەنە بىر دەپ باقە! — ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋاتقان دوختۇر مېنىڭ ۋارقىرىشىمنى ئۆزىگە ئېلىپ، مېنى يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئالدىمغا ئېتىلىپ كەلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا يېلىنماقتىن باشقا يول يوق ئىدى. مەن يەنە بىر قېتىم سىناپ باقماقچى بولۇپ دوختۇرنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ يېلىندىم:

— جېنىم دوختۇر، ھاياتلىق ئىلاھىم، ئايالىمنىڭ تۇغۇتى ئۈچۈن ئالايتەن ساقلاپ قويغان 100 كويي پۇلۇم بار ئىدى، كەنت باشلىقى ئاخشام تارتىۋالدى، مەن شۇنىڭغا ۋارقىرىدىم، ھەرگىز سىزگە ئەمەس، مەن ئەتىلا تۇغۇت ھەققىنى تېپىپ بېرەي، ئايالىمنى ئازابتىن قۇتقۇزۇپ، بالامغا ھاياتلىق ئاتا قىلسىڭىز...

مەن دۇنيادا بار بارلىق تاتلىق گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دوختۇرغا ئاتاپ ياغدۇرۇۋەردىم، لېكىن ئۇ ئېرىيدىغاندەك ئەمەس ئىدى، شۇ تاپتا نىيىتىم بۇزۇلغىلى قىل - قىل قىلىۋاتاتتى، ئاچچىقىمدا دوختۇرنى بوغۇزلىۋەتكەنمۇ بولاتتىم، ئەمما ئۆزۈمنى تۇتىۋالدىم. بۇ گەپ قانداق ئېسىمگە كەلدى بىلمەيمەن، ئاخىرقى قېتىم دوختۇرغا يېلىندىم:

— دوختۇر، سىزنىڭمۇ باشقىلارغا ھاجىتىڭىز چۈشىدىغان ۋاقتىڭىز بوپ قالار، مەن يېزىدىكى ئۇستىلارنىڭ بىرى، سىزگە چاكار بولۇپ بىر ئاي ئىشلەپ بېرەي، ئايالىمغا ياردەم بېرىڭ، سالامەت تۇغۇۋالسۇن، راست گەپنى قىلسام سىز ماقۇل بولمىغىچە پۇتىڭىزنى قويۇۋەتمەيمەن...

ئايالار يەنىلا رەھمدىل كېلىدۇ، ئۇنى شۇنچە شەپقەتسىز قىلىپ قويغىنى رەسمىيەت دېگەن نەرسىلەر ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە خېلىدىن بۇيان بۇ تۇل خوتۇننىڭ كېچىدىن ئىس ماڭماي قىينىلىپ كېتىۋاتقانىكەن، مېنىڭ «ئۇستا» لىقىمنى ئاڭلاپلا، ئايالىمنى قوبۇل قىلىشقا رازى بولدى، شۇنداق قىلىپ ئايالىم سالامەت يەڭگىدى. پەرزەنتلىك بولدۇم، ئاشۇ بالام ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن كېچىشكە رازى ئىدىم. ئاشۇ خۇشاللىقىمدا دوختۇرنىڭ كېڭىمنى چۈۋۈپ يېڭى كاڭ سالدىم. قارىماسىز، مەن زادى كاڭ سېلىپ باقمىغان. لېكىن باشقا كەلگەندە باتۇر، دېگەن راست گەپكەن. سېلىپ باقاي، ئىس تارتمىسا قايتا سالارمەن، دەپ ئويلىۋېدىم، ئوت قالاپ باقسام گۈرۈلدەپ يۇرۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ دوختۇرغا بىر قانچە كۈن مەدىكار بولدۇم، ئۇ مېنى ئۇبدان مېھمان قىلىپ ئىشلەتمەيلا قالماي، يىراق-يېقىنغا داڭقىمنى چىقىرىۋەتتى. شۇ يىلى كاڭ سېلىپلا خېلى جىق پۇل تېپىۋالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن يەرنى قايتۇرۇپ بېرىش نىيىتىگە كەلدىم. ئۈچ يىل دەۋا قىلىپ، بىر يىل ئاق تاشلىۋېتىپ، ئاخىرى يەردىن قول ئۈزدۈم. ئاشۇ ئاخىرى چىقمايدىغان خالىسانە ئەمگەك، فوند دېمەدۇ، سېلىق دېمەمدۇ، ھەممىسىدىن بىر يولىلا قۇتۇلدۇم. شۇنداق قىلىپ مەخمۇت «مەدىكار» دەپ ئاتالدىم.

— ھازىر ئوقىتىم كاچىلىق دەڭ، — دەپ لوقما سالدى ھەمراھلىرىمدىن بىرى.

— ئۇمۇ بار، لېكىن يېزىدا ئۇنى ھۈنەر دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. دېھقانلار ئارىسىدا ھۈنىرى بار ئادەملەر خېلى جىق، كاڭ ياساشنى ھەممەيلەن بىلىدۇ دېسىمۇ بولىدۇ، مېنىڭ

ئالاھىدىرەك ھۇنىرىم بولسىدى، تۇرمۇشۇمنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزۇپ، گۈل كەلتۈرۈۋەتكەن بولاربدىم، شۇنداقتىمۇ خالىسانە ئەمگەك، ھاشا دېگەندەكلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن بەزى دېھقانلارنىڭ ئۆيىدىكى ئىشلارنى قىلىشقىمۇ چولىسى تەگمەي قالىدۇ. بەزىدە ۋاقىت خاراكتېرى كۈچلۈك ئىشلار چىقىپ قالىدۇ، بۇغداي پىشىپ كەتسە، دان يەرگە چېچىلىپ كېتىدۇ، كېۋەز ئېچىلىپ كەتسە، غوزىكىدىن چىقىپ كېتىدۇ ياكى شامال ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا قوشنا - قولۇملار مەدىكارلىققا تەكلىپ قىلىدۇ، كۆڭلىكىم بىر كۈرە بۇغداي، 100 جىڭ پاختا تەرسەك بەش جىڭ پاختا، پاختا تېرىشقا ئۆيدىكىلەرمۇ چىقىدۇ، مانا مۇشۇنداق مەدىكارچىلىقىمىز بىلەن يەر تېرىغان دېھقاندىنمۇ ئوبدان ياشاپ كېلىۋاتىمىز. بانكىغا 3000 يۈەن ئامانەت قويۇۋالدىم، ھا، ھا، ھا. . . - مەخمۇت ئاكا كۈلۈپ كەتتى.

مەن ئەسلىدە خوشلىشىش ئالدىدا ئۇنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمايتتىم، لېكىن ئۇنىڭ «ئەركىن كەسىپ» كە ئېرىشىۋېلىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىنى شۇلىيدىغان، ياشلارنى يامان يولغا باشلايدىغان ئىشلارنىمۇ قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭلىغانىدىم، شۇڭا ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ قويغۇم كېلىپ:

- مەخمۇت ئاكا، كەنتتىكى مەدىكارلىقىڭىز بىلەن بۇنچىلىك باياشات بولالمايدىغانسىز، قارىغاندا باشقىمۇ تىجارىتىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟ - دەپ سورىدىم. ئۇنىڭ چىرايى شاپپىدە تۇتۇلۇپ، كۆزلىرى شىپىلداپ كەتتى.

- ياق، يوق، قانداق دەيسىز؟ مېنى كەنت باشلىقى چاقىقان ئوخشىمامدۇ؟ - ئۇ ھەيرانلىق بىلەن ماڭا تىكىلدى.

- سىز ھالال ئەمگىكىڭىزگە تايىنىپ پۇل تاپسىڭىز بىزمۇ خۇشال بولىمىز، لېكىن سىز نەق پۇلى يوق ھاراق ئىچىدىغان ياشلارغا ئۈچ كوي ئۆتنىگە بېرىپ، ئىككىنچى ئېيىدا ئۇنى تۆت كوي قىلىپ ئالىدىكەنسىز، يەنە ئۆيىڭىزدە قارتا ئويناش تاۋاكاسى ئويۇشتۇرۇپ بېرىپ، چىراغ پۇلى، سورۇن پۇلى ئېلىپلا قالماي شېرىنكاسىنىمۇ ئالىدىكەنسىز، پۇل تاپىمەن دەپ مۇنداق ئىشلارنى قىلىسىڭىز بولمايدۇ. . .

- دېمىدىممۇ، سىلەرگە مېنى ئاشۇ كەنت باشلىقى چاقىقان گەپ، - مەخمۇت ئاكا مېنىڭ سۆزۈمنى بۆلۈپلا قايناپ كەتتى، - ھەي، كادىرلار، سىلەر يېزىغا نېمە قىلغىلى كەلگەن؟ بۇرۇن كەلگەن كادىرلار ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، ئۆرۈيدىغاننى ئۆرۈپ، ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتەتتى، سىلەر ھېچكىمنىڭ مويىغا تەگمەيلا كەتكىلىۋاتىسىلەرغۇ، كەنت باشلىقىغىمۇ تەگمەمسىلەر؟

مەخمۇت ئاكىنىڭ ئەلپازى بۇزۇلدى. ھەمراھلىرىم بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى، مەن يەنىلا سەۋرچانلىق بىلەن:

- بىز بۇ قېتىمقى سوتسىيالىستىك تەربىيىنىڭ مەقسىتىنى بۇرۇنلا سىلەرگە ئېيتقان، بىز نېمىشقا كەنت باشلىقىنى ئاغدۇرىدىكەنمىز؟ - دېدىم.

- ئۇ كەنتىمىزدىكى دېھقانلارنىڭ زالىمى، قالايمىقان ھەق ئالىدىغان، زومىگەرلىك بىلەن سېلىق سالىدىغان، ھەقسىز ئەمگەككە سېلىپ بىزنى قىينايدىغان ئاشۇ شۇ. مەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلغان بىلەن باشقا دېھقانلار قۇتۇلمىدى، شۇنداق تورۇقلۇق ئۇ تېخى مېنى

سىلەرگە چىقىپتۇ.

- ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، مەخمۇت ئاكا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشى ئەزەلدىن ھېچكىم قىلىپ باقمىغان يېڭى ئىش، سىياسەت مەركەزدىن تۈزۈلۈپ چىقىدۇ، ئۇنى ئادەملەر ئۆزگەن، ئادەملەر ئىجرا قىلىدۇ، تونۇش توغرىلانمىسا توغرا سىياسەتنى خاتا ئىجرا قىلىپمۇ قويىدۇ، كەنت باشلىقى يۇقىرى دېگەننىلا قىلىدۇ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق مەسئۇلىيەت يوق. ئەمدى ئۇنىڭ ئەمەلىي خىزمەت قابىلىيىتى، پەزىلىتىگە كەلسەك، يامان ئەمەس كادىركەن، سايلامدا سىزمۇ بارغۇ، ھەتتا ئۆزىڭىزمۇ ئۇنىڭغا ئاۋاز بەردىڭىزغۇ، ئۆزىڭىزگە كەلسەك، دېھقان تۇرۇقلۇق يەردىن ۋاز كېچىپسىز، مەيلى، توغرا يولدا مېڭىپ قانچىلىك باي بولۇپ كەتسىڭىز پىكرىمىز يوق، «مەخمۇت مەدىكار» ئەمەس «مەخمۇت بايۋەچچە» نامىنى ئالسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ، لېكىن جەمئىيەتكە پايدىسىز، قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ يىلىكىنى شورايدىغان ئىشنى قىلماڭ.

دەل شۇ ۋاقىتتا مەخمۇت ئاكىنىڭ ئايالى بىزگە چاي قۇيۇپ بېرىش ئۈچۈن چەينەكنى كۆتۈرۈپ كىردى، ئۇ مېنىڭ سۆزۈمگە ئۇلاپلا:

- ئەجەب ئوبدان گەپ قىلدىڭلا. ئۇ قىمارۋازلار ئۆيدىكى كىگىزلىرىمىزدىن تارتىپ بۇلغاپ بولدى، ھاراق پۇراپ ناماز ئۆتىگىلىمۇ بولمايدۇ، گۆش سېلىپ بەرگىنىمگە تۇشلۇق يولدۇشۇمغا ناۋاتتەك تاتلىق يولىيورۇق بەردىلە، ئۇ ئىجرا قىلمىسا مەن ئىجرا قىلىمەن، پۇلنى ئەتىلا بانكىغا قويۇۋېتىمەن، ئۇ تېجىمەللەرنىمۇ ئۆيگە كىرگۈزمەيمەن.

مەخمۇت ئاكا قاپىقىنى سالغىنىچە گەپ - سۆز قىلماي ئولتۇراتتى. پەقەت خوشلىشىپ ماڭماقچى بولغىنىمىزدىلا ئاندىن ئېغىز ئاچتى:

- بۇرادەرلىرىم، خوشلىشىدىغان ۋاقىتتا كۆڭۈل رەنجىيدىغان گەپلەرنى دېمىسەم بولاتتى. مەن كەنتىمىزدىكى ئاشۇ ئىشلارنىڭ يىلتىزى كەنت باشلىقىمىكىن دەپ قاپتىمەن. سىلەردىن زور ئۈمىد كۈتۈپ، سۆزنى سۆزلىدۈرۈۋېتىپ كېتەمدىكىن دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. بوپتۇ، بىزنىڭ سادايىمىزنى ئالغاچ كېتەرسىلەر. بىز بىلەن قەلبداش بولساڭلار يۇقىرىدا بىز ئۈچۈن ۋارقىراپ قويارسىلەر. ئۆزۈمگە كەلسەم، خوتۇنۇم نېمە دېسە شۇ، - مەخمۇت ئاكا چىڭقىلىپ كۈلۈپ قويدى.

بىز يېزىدىن مەيۈسلۈك ئىچىدە ئايرىلدۇق. دېھقانلارغا جىق ئىش قىلىپ بېرەلمىدۇق. مەخمۇت ئاكا دېگەندەك، ئۇلارنىڭ ساداسىنىلا ئالغاچ كەتتۇق.

* * *

بىز دېھقانلارنىڭ ئاشۇ ساداسىنى يۇقىرىغا يەتكۈزگەنلىكىمىزنىڭ نەتىجىسىنى ئىككى يىلدىن كېيىن بىلدۇق. يۇقىرى تەدبىر قوللىنىپ، قالايمىقان ھەق ئېلىش، سېلىق سېلىش قۇيۇنىنى توسۇپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ قالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئەنۋەر مۇھەممەت

# ھېكايىلار

## غۇرۇرنى يىغىش

نۇخان خانىم ئوقۇتقۇچىلىقتىن پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن دائىملا ئۆينىڭ غېمى بىلەن پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى. ئۆلۈم ۋەھىمىسى مەزلۇملارغا خاس يۇمشاق باغرىنىڭ پىنھان جايىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇزاقتىن بۇيانقى ياشلىق ھېس-تۇيغۇلىرىنى چەكلەپ جايىنامازغا سۆرەپ ئاپارغان بولسىمۇ، لېكىن جايناماز ئۈستىدىمۇ ئۇ دۇنيالىق ئەندىشىلىرىدىن كۆرە ئاللادىن ئۆز ئائىلىسىنىڭ پاراۋان بولۇشىنى، يىراق-يىراقلارغا تاراپ ئوقۇۋاتقان بالىلىرىنىڭ بويۇن قىسىپ يۈرۈپ قالماسلىقىنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئەرزىيەت ئىشخانىسىدىن پېنسىيىگە يېڭى چىققان قەدىناسىمۇ سەللىنى ئەپچىل ئوراپ، ئالدىغا ئېڭىشىپ، جىددىي ۋە قايغۇلۇق كۆرۈنىدىغان قىسىق كۆزىنى تېخىمۇ يۇمۇپ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە خۇدادىن بورداقچىلىق قىلىشقا تۈزگەن پىلانلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى تىلەيتتى. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ھاياتىنى ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىش بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ ھەمراھلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ دۇنيادىن قانچە قورقسىمۇ، غەم يېسىمۇ، لېكىن بۇ دۇنيالىق ئەندىشىلىرىدىن كاللىسىنى نېرى قىلالمايتتى، مەۋھۇم قورقۇنچ كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق ئالدىدا چاپسانلا يوقاپ كېتەتتى.

يولدىشى قويلىرىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن يېزىدىكى تۇغقانلىرىدىن سامان ئېلىشقا كەتتى. نۇخان خانىم جايىنامازنى ئالدىرىماي يىغىشتۇرۇپ ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئولتۇردى. قىزلىرى ئەتىگەندىلا بازارغا چىقىمىز دەپ كىيىنىپ تەييار بولۇشقانىدى. نۇخان خانىم ئۇلارنىڭ كۆزىدىكى تەلمۈرۈشنى ناھايىتى تېزلا سېزىۋالدى، كېلى غىققىدە بولۇپ، قولىدىكى ناننى قويۇپ يانچۇقىنى كوچىلاشقا باشلىدى.

ھەممە يەرگە ئوخشاشلا پۇل، پۇل دەپ گۈركىرەۋاتقان بۇ شەھەرچاقتا زۆرۈر نەرسىلەرگە كېرەكلىك پۇلدىن باشقا پۇللار نۇخان خانىمنىڭ قولىدىن ناھايىتى تەستە چىقىدۇ، قىزلىرى پاراۋانلىق شىركىتىدە ماشىنىچىلىق قىلىۋاتقان بىلەن تۈنۈگۈن كىيگىنىنى بۈگۈن مودىدىن قالدى دەپ تاپقان پۇلىنى تۈگىتىپ ئاپىسىغا ئەركىلەپ قىزارماي تۇرۇپ يەنە پۇل دەيدۇ. ئىككى ئوغلى مەكتەپتىن تەتىلگە كېلىپلا بىر

مۇنچە پۇلنى كۆتۈرۈپ مېڭىشىدىغىنىنى ئويلاپ قويماي يەنە كوئندە پۇل دەپ ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ. ئۇلارنىڭ يىغىپ كەلسە ئالتە يۈز يۈەنگە يەتمەيدىغان پېنسىيە پۇلى باھا ئۆرلەپ كېتىۋاتقان بۇ ۋاقىتتا ئاي ئاخىرىغىچە تولۇپ قالىدۇ. بۇ پۇلنىڭمۇ بەزىدە قەرەلىدە تەگمەي قېلىشى ئۇلارنى تېخىمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بالىلارنىڭ ئوقۇش خىراجىتى، قىزلىرىنىڭ يېڭى رەخت، يېڭى كىيىم دەپ غىڭشىۋ قىلىشلىرى، ئاشلىق ۋە كۆكتاتنىڭ بەزى چاغلاردا ئادەمنىڭ قارنىنى ئاغرىتىپ تۇيۇقسىز قىممەتلىشىپ كېتىشى، سودىگەرلەرنىڭ ھايانكەشلىكى، ئۇششاق سېتىقچىلارنىڭ مەككارلىقى، ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىش بىلەنلا قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىقتىسادىي كۆزلەر، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر، ئىقتىسادىي ۋەھىمە ھەر دائىم ئۇلارنىڭ يەلكىسىدىكى تاشلىۋېتىش مۇمكىن بولمايدىغان غايەت زور تاشتەك ئېغىر ۋە پەريادلىق. يولدىشى ھەر ھالدا ئىشنىڭ يولىغا كىرىۋالدى. تونۇشلىرىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئېلگىرى مال ئايلاندۇرۇپ ئارىدىن پايدا تاپىدىغان ئىشلارنى بۇرژۇئاچە رەخۋازلىق دەپ ياراتمايدىغان پىششەدەم كادىر دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن بىكارچىلىقتىن ئىچى سىقىلدىمۇ ياكى بالىلىرىنى بىچارە قىلىپ قويمايمەن دەپ ئويلىدىمۇ، بانكىغا ئاز-ئازدىن قويغان پۇللىرىنى بىراقلا ئېلىپ بەش قوي ئالدى. ئۇ ھازىر نامىزىنى تۆگىتىپلا ئاشۇ قويلار بىلەن ھەپىلىشىدۇ، لېكىن بۇنىڭدىن پايدا چىقىشى ھەققەتەن ئىشەنچلىكمۇ؟ ئۇ ئادەم بۇنى قاملاشتۇرالامدۇ؟ قويلار ئۆلۈپ قالسىچۇ، گاھىدا شۇنداق ئىشلار بولۇپ قالىدىغۇ، خۇدا ساقلا! باللار ئەتە-ئۆگۈن ماڭىدۇ، ئۇلارغىمۇ پۇل كېرەك، ئوقۇش راسخوتى يەنە ئۆسۈپ كەتتى دەيدۇ. يائاللا، نېمە بولۇپ كەتتى بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرى ئەمدى، پۇل غېمى ئۆلۈم غېمىدىنمۇ قاتتىق چىقىپ كېتىپ بارىدىغۇ-تاڭ. ئاھ، شۇ باللىرىم، خەقلەر ئالدىدا سارغىيىپ قالمىسۇن دەيمەن-دە، بولمىسا مېنىڭ ئاخىرەتلىك بىرلا جېنىم بار، مۇئاشىمنى ئۆزۈم ئېلىپ يەپ نامىزىمنى ئوقۇپ يۈرۈۋەرسەممۇ بولىدۇ، بىراق تۇۋا. . . نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم، شەخسىيەتچىلىكنى كىم بەرگەن ماڭا! . . .

— ئاپا، نېمە بولدىڭىز؟

كىچىك قىزى شېرىنگۈل ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

ئۇ قىزىنى كۆرۈپ دەرھال كۆلۈمسىرىدى:

— ھېچنېمە، بازارغا چىقماپسەنغۇ، پۇلۇڭ تۈگىدىمۇ، چاپسان گەپ قىل.

— ياق، پۇلۇم بار، مۇنداق گەپتى ئاپا، سىزگە دەيدىغان، — شېرىنگۈل يېقىملىق ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى، — ئۆتكەن يەكشەنبىدە، قاراڭچۇ، قوشنىمىز ۋاڭ جۈيجاڭنىڭ قىزى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە ئوينىغىلى كىرگەن ئىدۇق، دادىسى ماڭا، ئازراق بىر نەرسە ساتماقچىتۇق، سىز بىزگە ياردەملىشىپ گېپىمىزنى ئۇيغۇر خېرىدارلارغا ئۇقتۇرۇپ بەرگەن بولسىڭىز، لايىقىدا ھەق بېرىمەن دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىكار ئوينىغىچە دەپ قاراڭچۇ، بىت بازىرىغا باردىم، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ساتماقچى بولغىنى كىيمەي تاشلاپ قويغان كىيىملەر

ئىكەن، شۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ ئۆيدە دوۋىلىنىپ كەتكەن بىر مۇنچە كونا كىيىملەر ئېسىمگە كەلدى دە، بىراق بۇ كونا نەرسىلەرنى كىممۇ ئالار دەپ تۇرسام بازار تازاقىزىغاندا بىر توپ خەق كېلىپ تالىشىپ ئېلىپ كەتتى، ھەممىسى سەھرالىق ئوخشايدۇ، ئاق دوپپىسى قاپقارا ئىكەن، يۈزىمۇ مەينەت... ۋاي ئاپا، زاڭلىق قىلمىدىم، راست شۇنداق، ۋاڭ جۇيجاڭنىڭ ھېلىقى بىزنىڭ مەكتەپتە ئىشلەيدىغان پاكار خانىمغىچۇ، سۆزلەپ ئۆلگۈرتەلمىدىم. قاراڭ ئاپا، خانىم باھانى بىراقلا ئۆستۈرۈۋەتتى، لېكىن ئۇلارمۇ بوش كەلمەي دېگىنىگە ئېلىۋەردى، بەك تالىشىپ كەتسە مەن خانىمغا سۆزلىمەي تۇرۇۋالدىم، ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى دە شۇ، كەچ بولمايلا خانىمنىڭ قولىغا پۇل توشتى. ھەممىسى قاسماق، پۇرلىشىپ كەتكەن پۇللار ئىكەن. كىيىمى كونا بولغاندىكىن كونا پۇل بەرگەن بولسا نېمە بوپتۇ دەپ ئويلاپ خانىمغا قارىسام ھېجىيىپلا كېتىپتۇ، شۇ خۇشاللىقىدا ماڭا بەش كوي تۇتقۇزۇپ، خالىغىنىڭىزنى ئېلىپ يەڭ دېدى. ئاپا بىزمۇ شۇنداق قىلايلىچۇ، ئاچام كىيىپ تاشلاپ قويغان، ئاكامغا كىچىك كېلىپ قالغان كونا ئىشتان، چاپانلار خېلى كۆپقۇ. بوپتۇ ئاچامنىڭ كۆڭلەكلىرىنىغۇ چوڭ بولغاندا مەن كىيەرمەن، لېكىن ئۇمۇ بەك جىققۇ ئاپا، ساتماي نېمە قىلىمىز، كۆيە يەمدۇ-يا؟ ئۇنى بۈگۈنلا ئەپچىقىپ ساتايلىچۇ ئۆيىنى پاخاللاشتۇرماي. . .

قىزىنىڭ ئەقلىگە نوخان خانىمنىڭ زوقى كەلدى. لېكىن «پىت بازىرى» دېگەن بۇ سەت ئىسىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھاقارەتلىك نامىدەك ئاڭلىنىدۇ، كونا كىيىملەرنى ئېلىڭلار دەپ خەققە تەلمۈرۈپ ئۇلارنىڭ كۆزىگە پەس كۆرۈنگىنىچە يېزىدىكى توغقانلىرىغا ئاپىرىپ بەرسە بولمامدۇ، ئەمما شۇنچە كۆپ كىيىم ھەم بىر-بىرىدىن چىرايلىق. سىناپ باقسا بولغۇدەك. راست، بۇنىڭ نەرى يامان، ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم بۇ ئىشنى قىلمىسۇن دەپتىكەنمۇ، ۋاڭ تەتەيمۇ ئوقۇتقۇچىغۇ، تېخى پېنسىيىگىمۇ چىقمىدى، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى تالىشىپ ئالغان يەردە بۇ كىيىملەرغۇ شاللىنىپ قالماس؛ ئادەم جىق يەردە، شۇنداق ئەمەسمۇ، قايسى دېھقان ئۇنى تونۇيتتى! مۇنبەردىن ئايرىلدى، دېمەك ئەمدى بالا ئوقۇتمىغاندىكىن مۇشۇ ئىشنى قىلىپ قويسا بولغۇدەك بىكار تۇرغىچە؛ ئەقلىمۇ شۇنداق ئويلايدۇ بەلكىم. . .

نوخان خانىم چوڭقۇر تىنىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، يۈرە ئەمىسە قىزىم دەپ ئۆيدىكى كىيمەيدىغان كونا كىيىملەرنىڭ ھەممىسىنى يىغدى، پاتقىنىنى بىر چىپتىغا چىگداپ تىقىپ پىت بازىرىغا ئېغىر قەدەم بىلەن يول ئالدى. بازار چىم-چىم قايناۋاتقان قازاندەك ئەمدىلەتىن جانلىنىشقا باشلىغانىدى. يىراقتىن قارىسا ئاشخانىلاردىن چىقىۋاتقان ئاپئاق ھور، كاۋاپدانىدىن چىقىۋاتقان كۆكۈچ ئىسلار قۇياش نۇرىدا ئېنىق ئەكس ئېتەتتى. كۆزنى يۇمۇپ دىققەت بىلەن قۇلاق سالسا، خېرىدار چىللاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئومۇمىي شاۋقۇننىڭ گويا سۇنىڭ ئېقىشىدەك بىر تەكشىلىكتە «پۇل، پۇل» دەپ چۇقان سېلىۋاتقانلىقى ئاڭلانغاندەك بولاتتى.

نوخان خانىم خۇددى قىز چاغلىرىغا ئوخشاش يولدىشى بىلەن تۇنجى قېتىم

كۆرۈشكىلى بارىدىغاندەك، دەرس مۇنبىرىگە چىقىش ئالدىدا سىنىپقا قاراپ كېتىۋاتقاندەك بىر خىل قورۇنۇش ۋە ئەندىكىش ھېسسىياتىدا قەدەملىرىنى ئاستا ئالاتتى. قىزى جاي قالمايدۇ دەپ قولىدىن تۇتۇپ سۆرەپ ئالدىرىتىپ تۇرمىسا بۇ قايناق بازاردىن ھازىرلا قېچىپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى. گويا ھەممە ئادەم ئۇنى قەلەندەر سىياقىدا كۆرۈۋاتقاندەك ئىچ-ئىچىدىن سىقىلاتتى. ئۇ ئەتراپقا ئەيمىنىپ قاراپ بۇ خىل ئوڭايسىزلىق بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايۋاتقانلىقىنى، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش چېپىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ھاماقەتلىكتە ئەيىبلىدى، كۆزى چاقناپ، ئەتراپ بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى ۋە بېشىنى تىك كۆتۈرۈپ، ياغلىقىنى راۋۇرۇس تۈزەشتۈرۈپ پەست بازىرىغا كەلدى. ۋاڭ تەتەي بۈگۈنمۇ بار ئىدى. ئۇ شۇنچە كۆپ كونا كىيىملەرنى نەدىن تېپىپ كېلىدىكىن، تېخى يۇيۇپ دەزماللاپ قويۇپتۇ. نۇخان خانىم ئۇنىڭدىن بۈگۈن بۆلەكچە ھال سوراپ كەتتى ۋە يېنىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ كىيىملەرنى ئېلىپ يايدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ قىزىغا، قىزىنىڭ ئۆزىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ھەممە ئىشنى قىزى ئورۇنداپ ئۆزىنىڭ بىر ياقتا ئۆتكەن كەچكەنلەرگە ھاڭۋېقىپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ بۇ ھالىتىدىن تۇرۇپ كۈلگىسى، تۇرۇپ ئۇيالغۇسى كەلدى، ئۇ شۇ مىنۇتتا ئۆز-ئۆزىنى تولىمۇ تەستە يەڭمەكتە ئىدى.

ئەھۋال دېگەندەك بولدى. ئېشەك ھارۋىلىرىنى تاراڭلىتىپ بازارغا كىرىپ كەلگەن دېھقانلار بۇ يەردىن ئايلىنىپ كېتەلمەيتتى، قىزى كىيىملەرنى ساتتى، ئۇ بىر چەتتە ئولتۇرۇپ باھاسىنى بەلگىلەپ بەردى، باھادا بەك تالىشىپ تۇرۇۋالمىدى، پېشىن ۋاقتى بولا-بولمايلا كىيىملەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ بولۇپ پۇلنى جەملەپ بېقىۋېدى، ساق بىر يۈز توقسان يۈەن چىقتى. ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ قىزىغا، نېمە دېسەڭ ئېلىپ بېرىمەن دەپ مەڭزىگە چوككىدە سۆيۈپ قويدى.

ئانا-بالا ئىككىسى قەدەملىرى يەڭگىل ھالدا ئۆيگە قايتتى.

— قالغان كونا كىيىملەرنى ئەمدى يۇيۇپ دەزماللايمەن، — دەيتتى نۇخان خانىم قىزىغا روھلۇق قاراپ، — بولسا ئاچىلىرىڭ تىككەن رەختى ئەرزان، پاسونى يېڭى، سۈپەتلىك كىيىملەرنىمۇ ئۆزۈم ساتىمەن، كېيىنچە تېخى داداڭ بىلەن مەسلىھەت قىلىپ بىر دۇكان ئاچىمىز، ئىچىنى ھەر تۈرلۈك ماللار بىلەن تولدۇرۇۋېتىمىز، خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇ ۋاقىتتا سىلەرمۇ گۈلدەك ياشايسىلەر!

## بىزنىڭ ھاكىم

ئەمەلدارلار تەنقىد قىلىنىدىغان ھېكايىلەرنى كۆپ كۆرگەنمەن، لېكىن ئويلاپ باقسام، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى «ئالدىراش» ، ژۇرنال ئۇياقتا تۇرسۇن، گېزىتمۇ كۆرمەيدۇ، ھېكايە دېگەن نەرسىلەرنى نەزەرىگە ئېلىپمۇ قويمايدۇ.

شۇڭا مەن كاللامغا كىرىۋېلىپ، ئىنسانىي گۈزەل تۇيغۇلىرىمغا چاڭ سېلىپ نەپرىتىمنى قوزغىغان بىر تىرىكتاپ ھوقۇقدارنى قەلىمىم ئاستىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەپتىنى كوچۇمنىڭ يېتىشىچە يۈرەكلىك بىلەن كۆرسىتەي دەۋاتىمەن. ئەمەلدارلارنى چوڭ بىلىش روھىمغا ئوغۇز سۈتى بىلەن كىرگەن تارىخىي چۆكمە، قارالاتقا، ئۇنى ھېچ تازىلىيالمايۋاتىمەن. بىچارە ھېسلىرىم ئاتا-بوۋامدىن قالغان بۇ روھىي گادايلىق، قۇلچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە قورقۇپ، كۆز يېشىدەك تىترەپلا تۇرىدۇ، شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈم يازمىغىچە قويمايدۇ.

خۇدارىسقىمىزنى يېزىغا چىچىپتىكەن. مەن شۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆستۈم. ئېسىمنى بىلسەم داداممۇ بىر ئەمەلدار ئىكەن. مەھەللىمىزدىكى دېھقانلار ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ سالام بېرەتتى. دادام كىچىكىدىنلا جاپا-مۇشەققەت تارتىپ چوڭ بولغاچقا، دېھقانلارغا كۆيۈنەتتى، سەمىمىي، كەمتەر ئادەم ئىدى. ئاڭلىشىمچە، دادام يىگىت چاغلىرىدا موللىدا ئوقۇپ قارىي بوپتىكەنمىش، دائىم تەمبۇر چېلىپ ئاپامنى قوشاققا قېتىپ غەزەلخانلىق قىلاتتىكەن، ئاتىسى ئاچچىقلىنىپ شاللىق ئىستىمىلىرىنى[1] كولاشقا بۇيرۇسا، سەھەردىن زاۋالغىچە ئىستىما كولايتتىكەن. شۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتقان كىشىلەر دادام يېزىغا باشلىق بولغاندىن كېيىن، خۇدا يەتكۈزدى دېيىشىپ ئاپئاق ساقىلىنى سىلايتتى.

بىراق دادامنىڭ باشلىق بولغاندىن كېيىن كۆپ يەپ-ئىچىشتىن ساقلىنالماي يۈرەك قان تومۇرلىرىغا ياغ تولۇپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن مەن تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەن يىلى قان تومۇر تولۇش خاراكتېرلىك يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى كېسەللىكى بىلەن ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قالدى. جان ئامان قالغانلىقى مۆجىزىسىدىن ئاللانىڭ قۇدرىتىنى قايتا تونۇغان دادام ھوقۇقتىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ، ئۆيدە ئۇزۇن مۇددەت داۋالىنىش تەلىپى بىلەن مۇددەتتىن بۇرۇن پېنسىيىگە چىقىۋالدى.

يىللار ناھايىتى تېز ئۆتتى، مەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئىچكىرىگە چاقىرىق كەلگىنىدە دادام بىلەن ناھىيىگە رەسمىيەت ئۆتەشكە باردۇق. ئورۇقلاپ كەتكەچكە تونۇش بۇرادەرلىرى ئۇنى تونۇيالماي قالدى. دادامنىڭ ئىلگىرىكى بەستى كىچىكلەپ، مەڭز سۆڭەكلىرى تومپىيىپ چىققان، كۆكۈچ كۆزى ئاپتاپتا ياشاڭغىرايتتى. ئۇنى ئەمىلى، تەققى-تۇرقى بارغانچە ھەيۋەتلىشىپ كېتىۋاتقان تونۇشلىرىغا سېلىشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ دادامغا ئىنتايىن ئىچىم ئاغرىپ كەتكەنىدى. شۇ ۋاقىتلاردا دادامنىڭ «كونا ساۋاقدىشىم، قەدىناس دوستۇم ھازىر ناھىيە ھاكىمى بولۇپ كەتتى» دەپ ماڭا دائىم ماختاپ بېرىدىغان ئاشۇ ھاكىم بىلەن ئۇچراشقان ھالىتى زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ: قاپىقى ئىششىق، مەڭز گۆشلىرى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان سوغۇق تەلەت بىر ئادەم پىخىلداپ تۇرۇپ خالار-خالىماس بىر قولىنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭ قوللىرى پارازىت قۇرتتەك يۇمشاق، ئاپئاق ئىدى، دادام ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنى

---

[1] سۇ تىندۇرىدىغان كۆلچەك

ئېغىر ئالمىغاندەك ئىككى قولىنى تەڭلا چىقىرىپ، ئۇنىڭ بىر قولىنى گويا قورتنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن قورققاندەك ئاۋايلاپ سىقتى. ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. دەماللىققا گەپ تاپالماي مېنى ماختىغىلى تۇردى. ھاكىمنىڭ چىرايى بۇتتەك قېتىپ تۇراتتى، شۇ مىنۇتتا ئۇنىڭ ھېس-تۇيغۇسى بار، گۆش ھەم قېنى بار نورمال بىر ئادەم ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم. ئىچىمدە ئۇنى مىڭنى تىللىۋەتتىم، دادامنىمۇ قوشۇپ تىللىدىم. ئەمما دادام بۇ ئويلىرىمدىن خەۋەرسىز ھالدا مېنىڭ تىرىشچانلىقىمنى، تالانتىمنى، پايتەختكە بارىدىغانلىقىمنى، ئۆزىنىڭمۇ بەللە بارغۇسى، ماۋجۇشى تۇرغان يەرلەرنى بىر كۆرگۈسى بارلىقىنى ۋە يەنە باشقا نۇرغۇن گەپلەرنى دەپ كەتتى. ھاكىم ئىپادىسىز ھالدا پۇشۇلداپ تۇرۇۋەرگەندىن كېيىن دەرھال سۆزىنى توختىتىپ ئۇنىڭدىن ئۇسسۇزلۇق ئىچەملا، يۇرسىلە، بەللە پاراڭلاشقاچ دەپ يېقىنچىلىق قىلدى. ھاكىم ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ، بولدى، رەھمەت، مېنىڭ يەنە باشقا ئىشلىرىم بار، ۋاقىت بولسا كېيىن يەنە قىلىشىۋالىمىزغۇ، دەپ پىكاپىغا تېزلا ئولتۇرۇپ سېسىق گاز قالدۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. دادام قولىنى ئۇزىتىپ ئاسمانغا قاراپ ئاشىقلاردەك بىر ئاھ چېكىۋېدى، ئاچچىقىمنى باسالماي: «مۇشۇ ئادەممۇ سىزنىڭ دوستىڭىزمۇ، يەنە نېمىگە ئاھ دەيسىز، دەپ ۋارقىراپ سالدىم. ــ دادام بوشقىنە، سەن بىلمەيسەن دەپ قولۇمدىن يېتىلەپ بىر يەرلەرگە بارغاندا ئاندىن قويۇۋەتتى. بىر نەچچە كۈن كۆڭلۈم غەش يۈردى.

دادام گېپىدە تۇردى. بېيجىڭغىچە مەن بىلەن بىرگە كەلدى، بىچارە دادام كېسەللى تېخى تولۇق ساقايماي تۇرۇپ يولدا كۆپ جاپا چەكتى، ئاددىي ۋاگوندا ئولتۇرۇپ پۇتلىرى ئىششىپ كەتتى. بىر نەچچە كۈنلا مەكتەپتە مەن بىلەن بىرگە بولۇپ، بار پۇلىنىڭ كۆپ قىسمىنى ماڭا قالدۇرۇپ، تيەنئەنمېنگە بېرىپ رەسىمگە چۈشۈۋالغاندىن باشقا شەھەرنىڭ ھېچقانداق يېرىنى ئايلىنالماي، قىسىنچىلىق ئىچىدە مەن بىلەن تېزلا خوشلاشتى. دادامنىڭ دىدارىغا ئايرىلىش ئالدىدا قارىغىنىمدا ھېلىقى ھاكىم يەنە خىيالىمغا كېلىۋېلىپ مېنى بىئارام قىلدى. دادامنىڭ مۇڭلۇق چىھرىگە تىكىلىپ، يىغىدىن ئۆزۈمنى تەستە بېسىپ ئارانلا خوش دادا، ئۆزىڭىزنى كۆپ قەدىرلەڭ دېيەلىدىم ...

مەكتەپكە كۆنۈپ كەتكەندىن كېيىن نەپرىتىممۇ، سېغىنىشىممۇ بىر ئاز سۇسلاپ قالدى. لېكىن تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە شۇنداق غەلىتە بولىدىكەن. 1-مەۋسۇم ئۆتۈپ 2-مەۋسۇملۇق ئوقۇش باشلانغاندا مەكتىپىمىزنىڭ كادىرلار تەربىيىلەش بۆلۈمىگە شىنجاڭدىن بىر تۈركۈم ھاكىملار ماركسىزملىق نەزەرىيە ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىدىن بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلدى. شۇ قاتاردا ناھىيىمىزنىڭ ھېلىقى غور قاپاق ھاكىممۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن نەق ياتاق بىناسى ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالدىم، ئەسلىدە كۆرمەسكە سېلىپ تۇرۇۋالغاندىم، لېكىن ئۇنىڭ خۇنۇك، روھسىز كۆزلىرى بۇ نۆۋەت بۆلەكچە يالتىراپ كەتتى:

ــ سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەنغۇ؟

- شۇنداقمۇ، نەدە كۆرگەنسىز، مەن ××لىق.

ئۇ دادىسى كەمپۈت بەرگەن كىچىك بالىدەك شادلىنىپ كەتتى:

- ھە، مەن شۇ ناھىيىنىڭ ھاكىمى، ھېلىلا تېخى ئايروپىلاندىن چۈشتۈم...

كۈلگۈم كېلىپ باشقا ياققا قارىۋالدىم، ئىچىمنى نەپرەت يەنە ئۆرتىمەكتە ئىدى. ئامالسىز قالدىم، ئېغىر سومكىلارنى كۆتۈرۈپ ھاكىملار ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ئازادە ياتاققا ئۇنى تىزىملىك بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، ئاشخانىغا، كىنوخانىغا، تانسىخانىغا بېرىش، كوچىلارغا چىقىپ نەرسە-كېرەك ئېلىش مېنىڭ بوش ۋاقتىمنى پايدىلىنىپ ئورۇنداشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىم بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ كالۋالىقى قەدەممۇ قەدەم ئاشكارىلىنىپ، نازۇك غورۇرى دەككە يېدى.

بىر قېتىم ئىككىمىز تيەنئەنمېن مەيدانىغا دۆلەت بايرىقىنى چۈشۈرۈش پائالىيىتىنى كۆرگىلى باردۇق. ئۇ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، تيەنئەنمېن راۋىقى ئالدىغا كېلىپ تەمكىن، داھىيانە قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتىگە قاراپ بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇردى. ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ مەيدان ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قىزىل بايراققا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئۇزاق تىكىلدى. كېيىن توپقا قېتىلىپ ھەربىيلەرنىڭ بايراق چۈشۈرۈش ھەرىكىتىنى كۆزەتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى شۇنچە تېز، تەرتىپلىك ئىدىكى، ھاكىمنىڭ قاتمال كاللىسىدىكى چېچىلاڭغۇ پىكىر ۋە ۋەزىيەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن قوللانغان كالاڭپاي ھەرىكەتلەرگە تۈپتىن ئوخشىمايتتى. ئۇ بۇلارنى ھېس قىلالىغۇدەك ئەمەس ئىدى، كۆز ئالدىدىكى ھەرىكەت گويا ئۇنىڭ كۆرۈشىگىلا قويۇلغان ياكى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا كۆرۈش نېسىپ بولغان ھەيۋەتلىك مۇراسىمدەك سەلتەنەتلىك تۇيۇلاتتى.

قايتىشىمىزدا ئۇنىڭ كىچىك تەرىتى قىستاپ، يولنىڭ چېتىدىرەك بىر يەردىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىغا قاراپ ناھايىتى تېز ماڭدى. كۈتۈپ تۇراتتىم، بىر كەمدە ئۇ يەردىن قاتتىق ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلار ئاڭلىنىپ قالدى. كىمدۇر بىرى يەنە بىرىنى ئەيىبلەۋاتقاندەك قىلاتتى، ئەنسىرەپ يېقىن باردىم، بىر ئايال تازىلىق ئىشچىسى ئۇنىڭغا قولىنى جوڭقۇپ ۋارقىراۋاتاتتى. ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ بىر قىزىرىپ، بىر سارغىيىپ ئەتراپقا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى. ئايالنىڭ ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيتتى:

- زادى نېمە غەرىزىڭ بار سەن ھايۋاننىڭ، ئېيتە، بۇنىڭ ئاياللار تەرەتخانىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كىرىپ كېتىۋاتسىنا چوشقا، بولمىسا پۇل تۆلەيسەن، پۇل تۆلە پۇل، ئاز بەرسەڭ بولمايدۇ، ئون يۈەن بەر.

- مەن تولىمۇ تەستە ئۇنىڭ خەت تونۇمايدىغانلىقىنى، بۇ يەرگە يات ئىكەنلىكىنى بىلمەي كىرىپ سالغانلىقىنى سۆزلەپ چۈشەندۈردۈم، لېكىن بۇ جاھىل، جاۋىلداق خوتۇن شۇنچە دېگىنىمگە ئۇنىماي، ساقچىغا ئاپىرىمەن دەپ قورقۇتۇپ يۈرۈپ ھاكىمدىن ناھايىتى تېزلا ئون يۈەن ئۈندۈرۈۋالدى. ئۇمۇ بۇ پۇل بىلەن ئۇ خوتۇننىڭ تىنچىغىنىدىن ھەم خوشال، ھەم

ھەيران بولۇپ گويا بىرى تۇتۇۋېلىشتىن قورققاندەك ئاپتوبۇس بېكىتىگە يۈگۈردى.

ئاپتوبۇستا ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خاتىرجەملىكىنى، خۇشاللىقىنى مەندىن يوشۇرۇپ، مەن تەرەپكە قارىماي، قاپىقىنى سىلىپ دېرىزە سىرتىدىكى مەنزىرىلەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى. شۇ ئەسنادا ئاپتوبۇسقا يەنە بىر توپ قىزلار چىقىپ ئادەمنى قىمىرلىيالماس قىلىپ قويدى. ئۇ قانداقتۇر بىر كۈچ ئۆزىگە تارتىۋاتقاندەك سېمىز بەدىنىنى ناھايىتى تەستە تولغاپ، قىزلارنىڭ تېنىگە چاپلاشتۇرۇپ، قولىنى يەنە بىر تۇتقۇچقا يۆتكەپ كېرىلىپ تۇردى. بايىقى ھارغىن، پەرىشان كۆزلىرى بۆلەكچە چاقناپ، سارغىيىپ كەتكەن چىرايىغا قان يۈگۈردى. بەلكىم، ئۇن مىنۇتلۇق يولنى ئاشۇ لەززەت ئىچىدە مەست بولۇپ ئۆتكۈزگەندۇ، لېكىن چۈشىدىغاندا قىزلاردىن بىر قانچىسى ئۇنىڭغا يات كۆزدە شۇنداق سەت ئالايدىكى، ئۇنىڭ ئۆڭگى ئۆچۈپ ئېغىزى غەلىتە قىيسىيىپ كەتتى. پەلەمپەيدىن ئەمدى چۈشۈۋاتقاندا قىزنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر ياش ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ پەسكە ئىتتىرىۋەتتى، مەن ئاللىقاچان پەسكە چۈشۈپ بولغانىدىم، دەلدۈگۈنۈپ كېتىۋاتقان مىنۇتتىلا چاققان تۇتۇۋېلىپ ئۇنى يىقىلىشتىن قوغداپ قالدىم. خەيرىيەت، باشقا چوڭ ئىش يۈز بەرمىدى، خۇداغا شۈكرى دەپ مەكتەپ دەرۋازىسىغا ئۇلىشىۋالدۇق. ئۇ تېخى بايىقى مەستلىكتىن يېشىلمىدىمۇ ياكى ئۆمرىدە كەمدىن كەم كۆرىدىغان بۇ ئاھانەتلەر ئېغىر كەتتىمۇ، ياتاققا بارغىچە ماڭا بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى.

ئەتىسى ئۇنى دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ باردىم. كېسىلىنىڭ تايىنى يوق ئىكەن، شۇنداقتىمۇ ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ئۇنىڭ خىزمىتىنى كۆپرەك قىلىشنى ئېغىر كۆرمىدىم.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ ئۆيدىن خالتا ھەم خەت كەلدى. دادام خېتىدە ھاكىمنىڭ مېڭىش ئالدىدا ئۆزى بىلەن كۆرۈشەلمەي قالغانلىقىنى، ماڭا بېرىدىغان خالتىنى ئاخىر پوچتىدىن سېلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى، ھاكىمنىڭ ئىشلىرىغا كۆپرەك ياردەملىشىپ بېرىشىمنى، ئۇنىڭ ئالدىدا تەنتەكلىك قىلماي سەل ئىتائەتمەنرەك بولۇشۇمنى تاپىلاپتۇ. بۇنىڭدىن كۆڭلۈم يەنە غەش بولۇپ قالدى، غەزىپىم ئۆرلەپ خەتنى يىرتىۋەتكۈدەك بولدۇم، ھاكىمغا يۇرتداشلارچە بولمىسىمۇ، ئادىمى شەپقەت يۈزىدىن ياردەم قولۇمنى سۇنسام بولمىدىمۇ، ئۇمۇ ئادەمغۇ، ئۆيدىكىلەرگە زادى كىم مۇھىم؟

كېيىنكى كۈنلەردە ھاكىم ساقىيىپ چىقتى. مەنمۇ ئۇ جەرياندا ھاكىمنى دەپ بەزىدە دەرس تاشلىدىم، تاپشۇرۇق ئىشلىيەلمىدىم، لېكىن بۇ ئۆزۈم خالاپ قىلغان ئىش بولغاچقا، ئۇنىڭدىن دادلاپ يۈرمىدىم.

ھاكىمنىڭ ئوقۇش مۇددىتى توشۇپ جەنۇبىي جۇڭگوغا ساياھەتكە مېڭىش ئالدىدا بىرلىكتە رەسىمگە چۈشتۇق، شۇ كۈنى، شۇ ئاخشىمى ئىككىمىز ئادەتتىن تاشقىرى يېقىنلىشىپ كەتتۇق، ئۇ ئۆزى زىياپەت قىلىپ ماڭا خوشلىشىش ھارىقى تۇتتى. ئاق ھاراقنى جاھىللىق قىلىپ ئەزەلدىن ئىچمىگەنىدىم، تۇنجى نۆۋەت ئۇنىڭ قولىدىن ئىچتىم، ئەمەلدارلارغا بولغان ئىختىيارسىز ھۆرمەتتىن، ئىختىيارسىز خۇشامەت ۋە ياسالمىلىقتىن ئۆزۈم چۈشۈشنى خالىمىغان ئېقىنغا سەكرەپ سالدىم. ھاكىم بىلىق

گۆشىدىن تويغۇچە يەپ، ھاراقنى قانغۇچە ئىچىپ مەست بولۇۋالغاندىن كېيىن ئەسلى ھالىتىنى ئاشكارىلاپ سادىدا، ئوچۇق-يورۇق، مۇلايىم بىر ئادەم سىياقىغا كىردى. ئارتۇقچە كېبىر يۈكىنى تاشلاپ، ئازادە ھالدا تەرىنى سۈرتۈپ، مەكتەپ ئاشخانىسىدا بىر قېتىم تاماق يەپ قويۇپ ئىككى كۈنگىچە قورسىقى ئاغرىغانلىقىنى، تانسىغا كىرىپ قىزلارنى تارتىسا قوپمىغانلىقىنى، ئايالىدىن خەت كەلمەيۋاتقانلىقىنى، بالىلىرىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى، يولداشلارنىڭ ئۆزى ئوقۇغان ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدە جىق ئىشلارنى قىلىۋەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ يەنىلا ئون ئېغىزلىق ئاددىي ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى، قايتىپ بېرىپ ھوقۇقنى قولغا ئېلىپ يېڭى ئىش باشلايدىغانلىقىنى دەپ كېلىپ ماڭا كەلگەندە كۆزىنى يوغان ئېچىپ: «ئۇكام سەنمۇ ياخشى ئوقۇ، ناھىيىمىز سەندەك ئىختىساسلىق خادىملارغا مۇھتاج. سېنى ئوقۇش پۈتتۈرسەڭ ئۆزۈمگە كاتىپ قىلىۋالىمەن، داداڭمۇ ئوبدان ئادەم، بىلەمسەن، بىز ئۆز ۋاقتىدا ياتاقداش ئىدۇق، مەنمۇ خۇددى داداڭدەك، قېنى مۇشۇ ھاراقنى...» دەپ بىر رومكا ھاراقنى ماڭا سۇنۇپ بولۇپلا ھۆ قىلىپ قۇسۇۋەتتى. ئىچىم ئېلىشىپ ھاراقنى تۆيدۇرماستىن تۆكۈۋەتتىم. ئۇ مەستلىكتىن سەل يېشىلگەندەك بولدى. ئارقىدىنلا تىلىنى چايناپ ئۇققىلى بولمايدىغان بىر نەرسىلەرنى دېگىلى تۇردى. ياتىقىغا يۆلەشتۈرۈپ ئاپىرىپ قويدۇم.

ئەتىسى ئۇنى سەھەردىلا ئويغىتىپ، يۈك-تاقىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بەردىم. بەزى ھاكىملارنىڭ كۆزىدىن چاپاق قايناپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ بەدىنى بىر-بىرىدىن سېمىز ھەم سومكىلىرىنى ماشىنىغا ئېلىپ چىقالمىغۇدەك دەرىجىدە زەئىپ، ئاجىز، يۇمشاق، نايناق ۋە ئەۋرىشىم ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ھاكىمنى ئاخىر ھاكىم ھەمراھلىرى بىلەن جەنۇبىي جۇڭگوغا ساياھەتكە ئۇزىتىپ قويدۇم.

مەنمۇ كۆپ ئۆتمەستىن مەۋسۇملۇق ئىمتىھاننى تۈگىتىپ، تەتىل كېلىشى بىلەنلا ئۆيگە ئاتلاندىم. گۈزەل تاغلار، دەريالار، پايانسىز قۇملار، سايلار، يېشىل بوستانلارنى ئارقامدا قالدۇرۇپ يۇرتۇمغا يېتىپ كەلدىم، قوينى كەڭ گۈزەل سەھرايىم گۈلزارلىق قۇچىقىنى كەڭرى ئېچىپ مېنى كۈتۈۋالدى. ھەممەيلەن بىلەن كۆز يېشى تۆكۈپ دىدارلاشتىم.

كۈنلەر بەكمۇ تېز ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. دادام: «ناھىيىگە بېرىپ ھاكىم بىلەن كۆرۈشۈپ كەل، سالىمىمنى ئېيتىپ قويغىن» دېيۇدى، شۇ باھانىدا ساۋاقداشلار بىلەن كۆرۈشۈش تەقەززاسىدا ناھىيىگە چاپتىم. ناھىيىنىڭ ياز مەنزىرىسىگە چۆمۈلگەن مەركىزىي بازارلىرى چاقنان، رەتلىك كوچىلىرى كۆزۈمگە باشقىچە يېڭى، گۈزەل، سۆيۈملۈك كۆرۈندى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپلا ھاكىمنى چېلىقتۇردۇم، ئۇنى بىر قانچەيلەن ئارىغا ئېلىۋالغانىدى، ئۇمۇ مېنى دەرھال كۆردى، كۆرۈپلا ساقچىنى كۆرگەن ئوغرىدەك كۆزىنى قاچۇرۇپ، باشقىلارغا گەپ قىلغان بولۇپ قېتىپ تۇرۇۋالدى، كېيىن بىرى مەجبۇرلىغاندەكلا پىكاپىغا كىرىپ ئىشكنى ياپتى ۋە يېنىمدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇرنۇمغا چالا كۆيگەن بېنزىننىڭ كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدىغان سېسىق پۇراقلىرى ئۇرۇلدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تۇرسۇنئاي ھۇسەين

# باتۇرلارغا بۆشۈك بۇ ماكان

## دىيارىم

1

كۆللىرىدە يانسا يۇلتۇزلار،
قىرلىرىدا چاقنايدۇ گۆھەر.
دەريالاردا ئاقسا قاشتېشى،
قۇملۇقلاردا كۆزنى چاقار زەر.

چاچسا ياقۇت تۇمەن دەرياسى،
يەر ۋە كۆككە چاچرايدۇ شولا.
يورۇڭقاشتىن سۇزسە قاشتېشى،
گۈزەللىككە پۈركىنەر دۇنيا.

ئالتاي تېغى تۆكىدۇ تىللا،
سايرام كۆلى چايقار جاۋاھىر.
دولقۇن ئاتار ئىلى دەرياسى،
باتۇرلارغا ماكاندۇر ھەر قىر.

ئۇيۇقتىكى قەدىم شەھەردىن
تېرىپ ئالار قۇياشنى ئاي.
قەدىم خانلىق، بايلىق، مىڭئۆيلەر
جەلپ قىلدى خەقلەرنى تالاي.

2

بۈركۈت كۆزلۈك باھادىر ھادىس،
بوۋىلاردا يولۋاستەك قامەت.
بەلبېغىدىن ئايرىلماس خەنجەر،
چەكمەن تونى ياراشقان غايەت.

ئەسىرلەردىن ياشايدۇ ھالقىپ،
تەن دورۇس ھەم زېھنىلىك ئەجەب.
بوۋىلىرىم تىرىك بىر تارىخ،
مومىلىرىم داستانچىدۇر زەپ.

3

تاغنى قازار گېئولوگ يىگىت،
تاش كالىلىدىن چىقتى بىر سادا.
بۇندىن ئوتتۇزمىڭ يىل مۇقەددەم
ئىدى گۈزەل مۇشۇ تاغ - دالا.

بۇ دىيارنى بولالماي ئۆلچەپ،
قالار ھېرىپ قۇياش بىلەن ئاي.
گەر مەغرىپتىن مەشرىققە يۈرسەڭ،
ئاي ۋە يىللار كېتەتتى تالاي.

شۇنداق جاي بۇ تۈگىمەس - پۈتمەس،
ئاتا قىلغان خەزىنە خۇدا.
ئەۋلادلارنىڭ غېمىنى يېگەن.
بولمىسۇن دەپ خەقلەرگە گادا.

4

شائىرلىرى ئەقىل دەرياسى،
مىسرالىرى نۇرىدۇ چاقناپ.
پەيلاسوپلار خۇددى ئەۋلىيا
سۆزى ئالەم چېھرىگە ئاپتاپ.

5

يالڭاياغ دېھقان بالىسى
ئېگىزلىكتىيا تېرىيدۇ باشاق.
ئۈچتى قانچە يىللار شاملى،
شۇ كۆرۈنۈش يەنىلا شۇنداق.

قايناق تېرى - ئەجرىنى خەجلەپ،
شاخلارئارا پىشۇرغان ھەسەل.
كۆپكە ئېغىز تەگكۈزمەك ئىستەپ،
بازارلارغا توشار دەرمەھەل.

خىزىردۇر ئۇ، ھاتەمدۇر گويا،
ئالقىنى كەڭ، مەردانە سېخىي.
تاپان يېرىق، قوللىرى قاداق،
تۈزلەلمىگەن بېلىنى تېخى.

6

شۇنداق قەدىم مېنىڭ دىيارىم،
ئەجدادلىرىم بۇ يەردە ئۆتكەن.
مومىلىرىم قەدىم - قەدىمدىن،
ئەللەي ئېيتىپ بۆشۈك تەۋرەتكەن.

بوۋىلىرىم باتۇر زەبەردەس،
ئېسىپ قىلىچ، چاپتۇرغان تۇلپار.
غەلىبە چېغى ئۆتكۈزۈپ مەشرەپ،
ئوغلاق تارتىپ قىزىتقان تويلار.

شۇنداق ئۇلۇغ مېنى تۇغقان يەر،
خۇددى ئانام چەكسىز مېھرىبان.
قەدىمدە تىترەتكەن تاغ - تاش،
باتۇرلارغا بۆشۈك بۇ ماكان.

## يالغانچى يار

يىمىرىلدى قەلب سېپىلى
شېرىن - شېكەر ئۇقلاردا ئاسان.
خىرەلەشتى ئەقىل چىرىغى،
ھېس - تۇيغۇلار بولۇپ ھۆكۈمران.

مۇستەملىكە قىلىندى بۇ دەم
نادان قىزنىڭ قەلب ۋە تېنى.
سولۇپ كەتتى كۆزكى ياپراقتەك
ئىشەنچ، ئۈمىد، مۇھەببەت گۈلى.

تۈگەپ قالدى چىرايلىق گەپلەر،
تۈگەپ قالدى تۈگىمەس ۋەدە.
ھەسرەت بىلەن ئالماشتى خۇشلۇق،
قالدى سۆزلەر دېيىشكەن يەردە.

ئىنتىزارلىق بېقىشلار پۈتتى،
بىر - بىرىگە بولۇشلار خۇمار.
كەتتى ئالداپ يالغانچى يىگىت،
ياش تۆكەر قىز ئۇيقۇدىن بىدار.

## باھار

چاقنار كۆكتە ئاپرېل قۇياشى
ئىزھار قىلىپ يەرگە مۇھەببەت.
شېرىن خىيال سۇرەر كۆكاتلار،
زەررە غەم يوق قەلبىدە پەقەت.

قايناپ كەتتى قۇشلار بەزمىسى
گۈل - گىياھلار ئېچىلغان يەردە.
بىردىن قۇياش ئۆرىدى يۈزنى،
ئاستى ئاسمان تۇماندىن پەردە.

جۇدۇن - چاپقۇن ئۇلغايدى بىردىن،
گۇل - گىياھلار قەلبىدە پىراق.
سىرىنگۇلنىڭ سۇسۇن بەرگىنى
سوغۇق شامال ئۇچۇردى يىراق.

تۇتۇرۇقسىز يالغانچى ياردەك
ئاھ شىمالنىڭ باھارى ئەجەب.
جەنۇب ياقتا ياز بولدى نەۋاق
قۇشلار سايراپ، مايسىلار كۆكلەپ.

## يالغان سۆز

ساپ ئالتۇندىن مىس بەك پارقىرار،
بەزەن راستنى يېڭىدۇ يالغان.
راست سۆز خۇددى ئېغىردۇر زەردەك،
تېز تارايدۇ يالغان سۆز ھەر يان.

كۆپلەر ئاڭا ئىشەنمىسمۇ
ئاڭلار ئۇنى يېڭىلىق بىلىپ.
يالغانغۇ بۇ، دەيدۇ-يۇ يەنە
يەتكۈزىدۇ باشقىغا بېرىپ.

شۇنىڭ ئۈچۈن يالغانغا ھەر دەم
بۇ ئالەمدە تېپىلار بازار.
شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلار دىلى
ئەلمىساقتىن يەپ كەلدى ئازار.

يالغانلارغا ياپىسا ئىشىك،
ئۇ دىللاردىن قاچۇرار ئىمان.
راست-يالغاننى ئايرىپ بولغۇچە
كۆپ رىيازەت چېكىدۇ ئىنسان.

## ئىشەنگۈم يوق بولغانغا جۇدا

كىرەرمۇ دەپ ئۈچۈپ ئاۋازىڭ
كۆزنىكىڭنى قويدۇممەن ئېچىپ.
كېچىكتىم دەپ كىرەرسەن بىر كۈن
كۈلۈمسىرەپ ئىشىكنى قېقىپ.

ئىشەنمەيمەن ھازىرغا قەدەر
ۋىسالىڭدىن بولغانغا جۇدا.
نېمە گۇناھ قىلغانغا مۇنداق
دىلغا ھەسرەت سالىدۇ خۇدا.

ئىشەنگۈم يوق باقىي دۇنياغا
قىلغىنىڭغا بالدۇرلا سەپەر.
كۆز ئالدىمدا تۇرسەن تىرىك
ئىللىق كۈلۈپ، قوۋناپ، شام-سەھەر.

ۋاراقلايسەن، ئاچىسەن بىللە
ئەگەر تۈندە ئوقۇسام كىتاب.
پۈتسە ئەگەر ئوتلۇق شېئىرلار
زوقلىنىسەن، تۇرسەن ئاڭلاپ.

ئوغۇللىرىڭ جۆنىسە ئىشقا
ئۈزىتىسەن سۆيۈنۈپ ھەر دەم.
خىزمىتىمگە ماڭسام ھەر مەھەل،
دەيسەن: ئامان كېلەرسەن ئەركەم.

ئېيتار گەپلەر يىغىلدى ساڭا،
ئۇنى قانداق ئېيتارمەن جېنىم.
سورار ئىدىم نۇرغۇن مەسلىھەت،
ئۇنى قانداق سورارمەن جېنىم.

خۇددى سەندەك كۈلۈپ مېھرىبان،
كەلدى مانا سەن سۆيگەن باھار.
گۈللىرىڭنى قىلماستىن پەرۋىش
نەگە كەتتىڭ ئەمدى بۇ ناھار.

## يىگىتلەر قەلبى

كارىۋاتلىق ئاپتوبۇس ماڭغىدۇ سىلىق،
توختىماي ھېچقايسى قونالغۇ، دەڭدە.
جانلارنى يۆشۈكتەك تەۋرىتەر ئىللىق،
ئۇيقۇنىڭ پەرىسى غالىپ بۇ دەمدە.

تۆت يىگىت پولدىلا قۇرۇپ باداشقان،
ئوقىتى، ئىشىدىن قىلىشار سۆھبەت.
كېچىكى ئۇخلىسا چوڭلىرى بىدار،
ئۆزئارا مېھرىبان، قەلبىدە شەپقەت.

قولىدا قۇلۇپلۇق سومكىلار، كۈندۈز
قولىدىن ئايرىلماس، كېچىسى باشتىن.
ئوتتۇزغا يەتمىگەن چوڭىنىڭ يېشى،
ئاشقاندۇر كىچىكى يىگىرمە ياشتىن.

ھەپتىدە غۇلجىدىن ئۈرۈمچى ياققا
سۆزلەيدۇ تۆت مەرتە قاتنىغىنىنى.
مال يۆتكەپ، پۇل يۆتكەپ ئاجايىپ چاققان
مۈشكۈللەر ئۈستىدىن ھالقىغىنىنى.

سۆزلىرى يۇمۇرلۇق، ئۆتكۈردۇر شۇنداق،
ئۆزى ھەم ئۆزگىنى قىلىشار مازاق.
باشقىلار بىر ئۇخلاپ قېنىشقان دەمدە
قىسقارتار يولىنى قىلىشىپ چاقچاق.

بىر قىزىق سۆھبەتنىڭ بولدى ماۋزۇسى،
بوش زۇكتۇڭ ۋە ھەتتا سادام ھۇسەيىن.
يەنە بۇ تېمىدىن قالمىدى چەتنەپ،
پەلەستىن، كوۋەيت ۋە قاتار، بەھرەيىن.

داۋۇتجان دېگىنى سورايدۇ مەندىن
- قارايسىز سىز قانداق بىزنىڭ مىللەتكە.
مەن دېدىم: ئوغۇزخان، مەھمۇد قەشقىرى
كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ كۆمگەن ئىززەتكە.

دېدى: بىز ئوقەتچى پۇلنىڭ كويىدا،
جاننى ھەم ئالقانغا ئېلىپ يۈرۈيمىز.
ھەر يەردە ھەر كويدا تەمترەپ يۈرگەن،
تۇغقانۇ، يۇرتداشنى كۆرۈپ تۇرىمىز.

ياپياش قىز- يىگىتلەر يەم بولۇپ «ئاق» قا[1]
كوچايۇ كويلاردا بولۇشار خار - زار.
يۈزلىرى زەپىرەڭ، خارابتۇر ھالى،
چاچلىرى چۇۋۇلغان، يىغلىشار، قاقشار.

بىر چېكىم زەھەرگە تېگىشەر ھەتتا
نومۇسنى، ئارنى ئەزىز تېنىنى.
ئەي خۇدا بۇنداق خار قىلماي ئىنسانىنى،
بىر يولى ئالساڭچۇ دەيمەن جېنىنى.

باشقا چوڭ ئىش، ئەمەل كەلمەس قولۇمدىن،
مەنپەئەت بېرىشكە بىزنىڭ مىللەتكە.
چەكلەشكە ئەپيۈننى بەرسەممەن مەبلەغ ،
ئەۋلادىم قالمىسا زىيان-زەخمەتكە.

قورسامەن بىر پەرھىز دوختۇرخانىسى،
زەھەردىن ئەۋلادنى قۇتقۇزسام دەيمەن.
كېچەيۇ كۈندۈزى خىيالىم شۇنداق،
ئاداشقان ياشلارنىڭ غېمىنى يەيمەن.

---

① ئاق — خىروئىن

ئوقەتنىڭ يولىدا ھەر جايدا يۈردۇم،
ئاپىرىن دېدىمەن ئىلغار مىللەتكە.
ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم ئىلىم بابىدا
ئۈتسىدى جاھاندا ئالدىنقى رەتكە.

ئابدۇللا سۇلايمان

كارۋانلىق ئاپتوبۇس ماڭدى سىلىق
توختىماي ھېچقايسى قونالغۇ دەڭدە.
يىگىتنىڭ سۆزلىرى ياڭراپ قۇلاقتا،
ئاجايىپ بىر تۇيغۇ قوزغىدى مەندە.

1992 - يىل، غۇلجا

# خاتىرەمدىن خاتىملەر

## بىغەم يارغا

قاچان بىلدىڭ كۆيگەنلىكىمنى،
شۇندىن بېرى يۈرۈيسەن بىغەم.
كىرپىكىمدە يەتتە ئەختەر بار،
يۈرىكىمدە قانچە دەپتەر بار،
يازدىم ھىجران، كۆزلىرىمدە نەم،
بولۇۋالدىڭ شۇنچىلىك بىغەم.

تەبەسسۇمىڭ ئىزدەر نىگاھىم،
دوزىخىڭدا چەكسەمۇ سىتەم.
ئۇچراشقاندا تىلىم تۇتۇلدى،
كىم باغلىنىپ، كىم دەل قۇتۇلدى؟
ئۇھ تارتىمەن، دېدىم: ھەسسىنەم...
دوزىخىڭدا چېكىپ دەرد - سىتەم.

سۈرىتىڭنى چاپلاپ قويۇپتۇ
بوستانلارغا كەپسىز شاماللار.
سەن ئۆگدەيسەن قۇشلار پىيىندە،
ئۈنلەپ يېتىم بالا نېيىدە.
يولغا ياساپ توساق - قاماللار،
قامالىڭنى بويلار شاماللار.

قويۇن مېنى ئېلىپ كەتمەسمۇ،
تىنىقىمنى ھىدلىمىساڭ بىر؟
ئىنسان دېگەن ئازغاق بەندىنى،
سالسا شەيتان دىلغا رەندىنى،
سۆيگۈمىزگە يوقماسمۇ داغ - كىر،
تىنىقىمنى ھىدلىمىساڭ بىر.

شاماللارغا پۈتلىشىپ شۇ كەچ،
قامالىڭدىن بۆسۈپ ئۆتەرمەن.
دەپ سۆزۈمنى ئەپسۇس ئىچىمدە،
كارتوچكام بار جىگدە تۈۋىدە،
بىغەم دىلىڭ، لېۋىڭ ئۆپەرمەن،
قامالىڭنى بۆسۈپ ئۆتەرمەن.

## تەنھا جىلغا

تىنىشلەردىن سىزىمەن تاڭ - كەچ،
تۇمان چايقاپ تۇرار شور جىلغا.
قارايتىدۇ قۇياش چىققى چۈش،
ئاي لېۋىدە يېنىك بىر ئۆپۈش،
ئولاشقاندا كۆزلەرگە يىغا.

ئىزىقتۇرغان سۆيگۈمنى بۇ جاي،
بېرىپ كۆلگە ساتقان ھەر يىلغا.

ئىزىم چۈشكەن چىغىنلىق تۇۋىدە،
كۆكۈم قاتقان كۆزنىلىك تۈنىدە،
ئىزتىراپلار ئۇرنىتىپ دىلغا.

كۆتۈشلەردىن قاتتى قامىتىم،
سىڭىپ قىرىق يارغان بىر قىلغا.
سۈرگۈنلىكىم - تۈرگۈنلىكىمدە،
ناخۇش، گاھى گۈلگۈنلىكىمدە،
بولدۇم بىر تال شىرشىم تېۋىلغا.

ياردانلىقتىن ئىزدەپ سورايمەن،
كىرەرمۇ دەپ بىر كۈنى تىلغا.
ئېزىققان شۇ سۆيگۈم قەيەردە؟
توسما ياساپ تۇماندىن پەردە،
مەنمۇ، سەنمۇ بىر تەنھا جىلغا.

## قاراقات دانىسى

ئىلاھىي قۇدرەت، دېدىلىق، ھېكمەت دېدىلىق،
ئاق تىكەن چېچەكلىگەن جايىنى كۆرۈپ.
تۆكۈلسە تۆكۈلگەندۇ كۆكتىن يامغۇر،
پايانى يوق قۇملۇق بۇ، بورىنى زور...
تاشلاپ كەلك نەزەر، كەتتىم خىيال سۈرۈپ،
ئاق تىكەن چېچەكلىگەن جايىنى كۆرۈپ.

ھېكمەتمۇ ئاق تىكەننىڭ چېچەكلىشى؟
مېۋىسى سانجاق - سانجاق، ئۇيۇل قاندەك.
يەرە قۇياش، ئاي تىمسالى ھەر بىرى دەل،
(چۆل كۆركى)، ئۇنىڭ تەمى خۇددى ھەسەل،
شاخ، غولغا زىننەت بەرگەن قارا خالدەك.

ئوخشاتتىم قارىچۇقىمغا شۇ مېۋىنى،
ئالدىراپ باقتىم ئوتلۇق كۆزلىرىڭگە.
قارىچۇقتىن قارا قاتقا پىكىر ئۇلاپ،
قاراقات قارىسىدىن سوئال سوراپ،
زەن قويدۇم سېھىرلىك تىرەن سۆزلىرىڭگە،
ئالدىراپ باقتىم ئوتلۇق كۆزلىرىڭگە.

سۆزۈڭدىن بىلدىم، ھەر تال قاراقاتتىن
قارىچۇقلار ئالغانىكەن نۇسخا، ئەندىز.
كۆيۈكتىن قارىيىپتۇ ئۇنىڭ ئەپتى،
ئىككىمىز قارىچۇقىدا كۆيۈك تەپتى،
باغلاپتۇ بىزنى بىر يىپ، باشتىن بىر ئىز،
قارىچۇقلار ئالغانىكەن نۇسخا - ئەندىز.

خۇشالمەن، ئاق تىكەننى كۆرۈپ بۇندا،
قارىچۇقنى قاراقاتقا قىلدۇق تەققاس.
تەبىئەت بىلەن ئىنسان تۇتاش ئەسلى،
ھەممىمىز كۆرۈش، كۆيۈش، ئۆلۈش نەسلى،
ئارىلىقى پەقەت بارلىق، يوقلۇققا خاس،
قارىچۇقنى قاراقاتقا قىلدۇق تەققاس.

## ئەل تالىشى ھېساب ھەممىدە

رايىم قايتتى پۇچەك كويلەردىن،
ئاچقان كۆڭلۈم تاپمىدى تەسكىن.
ھاردۇقۇمغا ھارغىنلىق قوشقاچ،
روھىي لەززەت ئېلىشنى توسقاچ،
تالىلىشىمدا رەت قىلدىم كەسكىن.

گومبورلەيدۇ ئىزما دۇمباقلار،
گويا قايناق جەڭگاھتۇر سەھنە.
ئالا - تاغىل ۋارقىراق كويچى،
تاماشىبىن قويدۇر، ئۇ قويچى،
تولغىنىشتا قىلار تەنتەنە.

چىڭقالغاندا تەرلەپ ھەم پىشىپ،
ئاۋازىدىن يادايدۇ قولاق.

بەسلەشكەندەك گۈردەك ھەم غازلار،
بېسىپ چۈشەر سۆزلەرنى سازلار،
يوق نەپىسلىك، نە گۈدار - تۇراق.

دېتسىسگە بۇلبۇل قوندۇرغان
تەمبۇر، ساتار كۆرسەتمەس دىدار.
مۇڭ بەرمىسە ھوزۇرلانغۇدەك،

دىللار سەمرىپ پوزۇرلانغۇدەك،
ئۇنداق كۈيدىن كىم بولماس بىزار؟

دوراش دېگەن بەربىر دوراش،
ئەنئەنىدىن ئۆزمىگۈلۈك قول،
ئەل تالىلىشى ھېساب ھەممىدە،
نەپىس، ئۈز كۈي بولسا سەھنىدە،
ھاردۇق ئېلىپ كۈلەر قىز - ئوغول.

غەنى رەشىدى

## سەھرا، كېچە، چاقنىغان يۇلتۇز

### بولدى، قوي، چۈشۈمگە بەرمىگىن تەبىر

بولدى، قوي، چۈشۈمگە بەرمىگىن تەبىر،
نە كېرەك ئۆكسىگەن يۈرەكنى ئالداش.
جايىدا تۇرۇپتۇ چىدام ۋە سەبىر،
قويۇلۇپ تۇرسىمۇ كۆزلىرىمدە ياش.

ئېھ چۈشلەر، ئېھ چۈشلەر نەقەدەر گۈزەل،
تېگىشىپ بولمايدۇ ئالەمگە ھەتتا.
چۈشۈمگە سىغدالغان شۇ مۇڭلۇق غەزەل
ئوڭۇمدا ئېسىمگە كەلمىدى ئەستا.

تەبىرچىلەر نە كېرەك، خەقلەر نېمە دەر؟
بايقىلىپ چىقارمۇ چۈشلەردىكى سىر.
ئېيتىلغان تەبىرلەر راست بولسا ئەگەر،
مۇنچىلىك مۇڭلىنىپ يازماستىم شېئىر.

### ياشلىق

سەن دېڭىزنىڭ جۇشقۇن دولقۇنى
خادا تاشقا ئۇرۇلغان تۇرگۇن.
سەن سۈبھىدە ئۆرلىگەن شەپەق
قارا تۈننى ئەيلىگەن سۈرگۈن.

شارقىراتماجىرالاردا سەن
ھەم دېڭىزدا چوخچايغان ئارال.
تاڭ سەھەرنى پارلاتقان نۇرسەن،
بار گۈزەللىك بىرلا ساڭا لال.

سەن تۈيۈقسىز ئۈزۈلگەن بىر چۈش
ئاخىرىنى كۆرۈشكە تەشنا.
سەن چاقناپلا ساقىغان يۇلتۇز،
بەختنى ئېيپ يوقالغان ئەسنا.

### تەسرات

ياشىماقچى بولساڭ ھەقىقىي
ياشاپ كۆرگىن يالغۇز بىر قېتىم.
كەچمىشىڭنى ئۈزۈڭ بىل پەقەت،
دېمە زىنھار چاك - چاك يۈرىكىم.

قېرىشقاندەك سىلجىسۇن ۋاقىت،
ئۆزۈڭنى سەز ئالەمدە تەنھا.

كىتاب ئوقۇ، ئىجاد قىل، ئىشلە،
يولاتىمىغىن شارابنى ئەمما.

ياشالىسالڭ شۇنداق بىر قېتىم،
يولۇڭ ئوچۇق هاياتتا چوقۇم.
ياشالايسەن دوزاختىمۇ هەم،
كار قىلالماس قېنىڭغا زوقۇم.

## سەهرا، كېچە، چاقنىغان يۇلتۇز

سەهرا، كېچە، چاقنىغان يۇلتۇز،
ئوچۇۋاتقان سوغ، سەلكىن شامال.
ئايسىز تۈنمۇ ئايدىڭ كەبى ئۈز،
غۇلىچمىنى يايدىم بىمالال.

مۇڭلۇق، لەرزان سۆيگۈ ناخشىسى
يۈرىكىڭنى قىلار يالىڭاچ.
ئېھ شىمالنىڭ سەهرا قىزلىرى،
سۆيۈش ئۇلۇغ، ئىشىكىڭنى ئاچ.

تارىماقتا يېقىن بىر ئۆيدىن
سەهرا ئۈزرە تەمبۇرنىڭ كۈيى.
كۈندۈزدىكى هاردۇق، خىيالدىن
بوشىماقتا دېهقاننىڭ روهى.

«قاپقارا قوي كۆزلىكىم» شۇنداق
كۈيلەنمەكتە، يىگىتى ئۇتتۇز.
خاتىرەمگە چۆكمەكتە ئاستا
سەهرا، كېچە، چاقنىغان يۇلتۇز.

## خىيال كىرگەن بەلكىم ئۇ قىزغا

گاهى ئۆزاق ئولتۇرۇپ قالار
ئىگىكىنى تىرەپ قوش تىزغا.
ۋۇجۇدىغا تاتلىق هېس تارار،
خىيال كىرگەن بەلكىم ئۇ قىزغا.

تىنىق، ئايدىڭ، گۈزەل ئاخشىمى
پىنهان جايدا باقار يۇلتۇزغا.
زېرىكىدۇ، كۈتەر بىر كىمنى،
خىيال كىرگەن بەلكىم ئۇ قىزغا.

تۇۋلاپ قويار ئۆزىچە ناخشا،
جۈپ كۆز گاهى ئوخشار دېڭىزغا
سۆيگۈمىكىن تەشنا بولغىنى،
خىيال كىرگەن بەلكىم ئۇ قىزغا.

مەسئۇد مەرۇپ

# هايات تەمەچلىرى

### ئاه، مېيىپلىق

سۆزلىگۈسى كېلەر گاچىنىڭ،
لېكىن سۈكۈت قىلار ئەلەمدە.
پەمسىز دېمەڭ قولسىز ئادەمنى،
خەت يازغۇسى كېلەر قەلەمدە.

يېقىن تۇتار قۇلىقىنى گاس
ئاڭلاش ئۈچۈن سادانى پۈتۈن.
تاتىلاپ كېتەر كۆزىنى ئەما
كۆرۈش ئۈچۈن دۇنيانى پۈتۈن...

### تەسەۋۋۇر

يوق دەپتىمەن سۆيگۈدە تەمە،
بولغاچ ئۆزۈم سادا، كۆڭلۈم تۈز.
لېكىن كۆرۈپ ئۇنىڭ ئىشىنى،
سالماپتىمەن ئەستىرىگە كۆز.

مەن ھەق بىلدىم ئۇنىڭ ئىشىنى،
سۆيگۈ ئىكەن ئاددىي بىر ھامال.
ئارتىپ قويسام ھىجران يۈكىنى،
سوراپ ئالدى ھەققىگە ۋىسال.

## پارچىلار

### غەيرەت

مەن بىر توكۇر، قىسمىتىمگە ئاھ،
نە قىلاي شۇ يەرگە يەتكۈچە.
ھېچ بولمىسا، ماڭاي ئۆمىلەپ،
يۈگۈرگەنگە قاراپ تۇرغىچە.

### سۈيىقەستچى

سۈيىقەستچى بولسا ياغاچچى
ياسار ئىكەن قانداق جاھازا؟
– ياسار بەلكى بىر شۇملۇق بىلەن
ساڭا چۈماق، ماڭا جىنازا.

### دەرەخكە

بېرىپتۇ بوي - قامەتنى ساڭا،
سانسىز نوتا، ياپراقلارنى ھەم.
لېكىن سەندە سۆلەتكە لايىق،
يوق نېمىشقا ئاياغ ۋە قەدەم.

### بىر بەڭگى

قاراڭ دوستۇم، باغچىدا بىر گۈل
ئەتىر - ئىپار پۇرقۇتۇپ ھەلەك.
لېكىن ئاڭا قاراپ بىر بەڭگى
پۇۋلىدى ئىس پەرۋايى پەلەك.

### غەيۋەتخانا

قۇرۇق ئەمەس بۇ غەيۋەتخانا،
چىن تىلەك يوق،
يوق ھەتتا ئىش - پىش.
پەقەت باردۇر ئۆزىدىن بۆلەك
نىزاھ، مەزھەپ،
سۆز - چۆچەك مىش - مىش.

**ئابدۇلھېكىم مەخسۇت**

## ئىككى شېئىر

### چوپان ناخشىسى

يېشىل ۋادا ئەقىدەمگە ھامىي بولغان يەر،
بار ھاياتلىق ماكانى سەن جەننەتكە يېقىن.
يۈرىكىمنىڭ سوقۇشلىرى تىنغانغا قەدەر
تومۇرۇمدا مۇھەببىتىڭ ياسايدۇ ئېقىن.

1

تۇغۇلدۇممەن يېشىللىقتا بولۇپ قوشكېزەك،
ئانا بولدى ماڭا ھەمدە بۇ يېشىل دۇنيا.
پەپىلىدى، باقتى مېنى ئانامدىنمۇ بەك،
ھەرنە چاغدا تىلىكىمنى قىلدى ئۇ بەجا.

ئارمان بەردى، دەرمان بەردى يىگىت بولغۇچە،
قۇچاق ئاچتى مۇشۇ يەردىن ماڭا كېلىچەك.
ئېھ ياشلىقنىڭ قىيانىغا چۈمۈلگەن كېچە،
ئىككى يۈرەك ئارىسىدىن ئېچىلدى چېچەك.

2

ناخشا ئېيتسام جور بولىدۇ تۇلپارلار ئاڭا،
بۇلاقلارنىڭ دىلى ئېرىپ تۆكىدۇ كۆز ياش.
كۆيلىرىمنى شوخ شاماللار ئېپكېتەر ئاستا،
تىكىلىدۇ مەپتۇن بولۇپ ئۈستۈمدە قۇياش.

چۈشۈپ كېتەر ئۇسسۇللارغا بۆرە ۋە قاۋان،
ئېيىق - بولۋاس بۇ يايلاقتا ئەسلى پەرىشتە.
ھەر بىر يۈرەك يارىتىدۇ ئۆزىدە ئىمان،
يېشىل ۋادا جەننەت دائىم شۇنداق رەۋىشتە.

3

ئانا قىلدى ئېگىز تاغلار ماڭا زور قامەت،
كۆك قەرىدە ئارغىماقنى ئۇچۇردۇم راسا.
چوپان بولۇپ يارالغىنىم ماڭا زور ئامەت،
گۈلدەك ھايات قۇچىقىدا بولۇتمەن گويا.

شۇڭا تاغلار مۇھەببىتى ئاقىدۇ دىلغا،
ئۇنىڭ بىلەن بولغاچ مېنىڭ تەقدىرىم تۇتاش.
يايلاق دېگەن ئەزىز نامىڭ باغلانغان تىلغا،
ئېھ، نەقەدەر شېرىن سېنىڭ قوينۇڭدا ياشاش.

يايلاق - يايلاق ئەقىدەمگە ھامىي بولغان يەر،
چەكمەي كەلدىم قۇچىقىڭدا قىلچە نادامەت.
ئېھتىرامدا بەستىم ماڭا يادەك ئېگىلەر،
چوپان بولۇپ يارالغىنىم ماڭا چوڭ ئامەت.

## ئىنتىلىش

يۈكسەكلىك تالاشتى زېمىندىن تاغلار،
ھەممىدىن مەن ئېگىز دېدى كۆرەڭلەپ.
يۈكسەكلىك تالاشتى بىر نىمجان قۇرت،
ئېگىز تاغ ئۈستىگە چىقتى ئۆمىلەپ.

ئوسمان قاۋۇل

# كۆيۈۋاتقان قۇياش

(نەسىرلەر)

## بەختلىك ئادەم

ئۆينىڭ ئائىلىسى يېزا دەرەخلىرى غوۋا قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئەڭ چوڭ بىر توقايلىقتا يەككە- يېگانە چوقچىيىپ تۇراتتى. ئەتراپىنى پۈتۈنلەي قىزغۇچ چۆپلۈك ۋە شور ئۆرلەپ تۇرىدىغان نەم تۇپراق ئوراپ تۇراتتى، لېكىن ئۇ بەختلىك ئىدى. چۈنكى ئۇ ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بىللە ئەڭ ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالاتتى. قۇياشنىڭ يۈزىنى ئەڭ ئاۋۋال كۆرەتتى. تاڭ سەھەردە ھويلا چېتىدىكى يۇلغۇن شاخلىرىدا قورشالغان قوتاندىكى كالىلارنىڭ سوزۇپ مۆرىشى بىلەن سۆگەت شېخىدا تۈنىگەن خورازنىڭ ياڭراق چىللىشىلا بۇ خانىداننىڭ سەلتەنەتلىك ھايات ناخشىسىنى ئەۋجىگە چىقىراتتى. ئۇ ھەممە تەرەپكە شۇنچىلىك بەختىيارلىق، خاتىرجەملىك بىلەن سەپسالاتتى. كۆزلىرى پەقەت مۇشۇ بىر بۆلۈك تۇپراقنىڭ خوجايىنىغا خاس تەمكىنلىك بىلەن چاقنايتتى. ئەتىگەننىڭ ساپ ھاۋاسى ئۇنىڭ مۇسكۇللىرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەنىدى. يىراقتىكى جان يايراتقۇچى يېزا ناخشىسى، تورغۇنلاردىن ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆتۈرۈلگەن ئاقۇش ئىس، سەھەردىكى تورغايلارنىڭ جاراڭلىق سايرىشى ئۇنىڭ دائىملىق ھەمراھى ئىدى. ئۇ كۈچلۈك ئۇكۈزنى ئېغىر يارىيار ھارۋىغا قېتىپ، نامەلۇم يېزىقتا ئوخشاش ئەگرى - بۈگرى ھارۋا يولى بىلەن شورلۇق نەم تۇپراقنى يېرىپ سىرتقا ماڭغاندا خوتۇن - بالىلىرى كۆزلىرىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ قاشا ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ كېلەتتى. ئۇ قوپال بىر ھەرىكەت بىلەن ھارۋىغا ئىرغىپ چىقىپ قايسىدۇر بىر ناخشىغا غىڭشىغىنىچە يۈرۈپ كېتەتتى. بۇ ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى چوڭ سەپەر ئىدى. كەچ بولاتتى، ئۇ يەنە بالىلىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ ئولتۇرۇپ قىزىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. كاللىنىسىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق شەھەر ھاياتى، ھىيلە- مىكىر، ئالدامچىلىق، بوزەكلىك دېگەنلەرنىڭ ئىزناسىمۇ يوق ئىدى. ئۇ بۇ يەردە ھەممىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق خوجايىنى ئىدى. ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى كىچىك بۇلاق، ئەتراپتىكى سۆگەتلىك، قوتاندىكى كالا، پۈتكۈل توقايلىقتا كېزىپ يۈرگەن ساپ ھاۋا، كۆز يەتكۈسىز

گۈزەل ئاسمان، ئالتۇندەك چاقناپ تۇرغان قۇياش، ئاپئاق بۇلۇتلار، تۈندىكى كۈمۈش لېگەندەك ئوماققىنە ئاي، سانسىزلىغان يۇلتۇزلار پەقەت ئۇنىڭ، پەقەت ئۇنىڭلا ئىدى. مەخمەلدەك تاۋلىنىپ تۇرغان قىزغۇچ چۆپلۈك، تورغايلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ئۇنىڭ مۈلكى — بايلىقى ئىدى. ئۇ ھەممىدىن ئۇڭچە بەھرىمەن بولاتتى. كۈندۈزلىرى قۇياشنىڭ يالقۇنلۇق سالىمىنى، كېچىلىرى تولۇنئاينىڭ تارتىنىپ بېقىشلىرىنى تاماشا قىلاتتى. ھەئە، ئۇنىڭ بەختىگە ھېچقانداق بەخت تەڭ كېلەلمەيتتى. دۇنيادىكى ئەڭ يۈكسەك مەدەنىيەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن شەھەرلىكلەرمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنەرسىگە ئەرزىمەس، گاداي ئىدى.

شۇنداق، ئۇ ھەممىدىن بەختلىك ئىدى!

## چۈشتىكى تاتلىق خىيال

چۈشۈم.

شۇنچىلىك ئىسسىپ كەتتىمكى، ھېچبىر نەپەس ئالالماي قالدىم. پۈتكۈل ئالەم چوغ تەپتىدە لاۋۇلداپ، ھەممە ياقتىن دەھشەتلىك يالقۇننىڭ كۈچلۈك ھارارىتى ئۇرۇلاتتى. جاھان گويا قوقاستەك لوغولداپ، ئەتراپتىن قويۇق تۇمان كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. شۇ چاغ خىيالىمغا ئاجايىپ شېرىن بىر تۇيغۇ كېلىپ قالدى... بۇ باللىقتىكى سېھرىي كۈچكە ئىگە ئەڭ تاتلىق ئەسلىمىلەرنىڭ بىرى ئىدى...

ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر، رەڭدار گۈل - گىياھلار بىلەن قاپلانغان بىر گۈزەل تۆپىلىكتە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ، كۆككە بوي سوزۇپ تۇرغان بىر توپ قېرى ئۈجمە دەرىخى ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟ دەل ئاشۇ يەر مېنىڭ تەڭداشسىز ئېسىل تۇرالغۇم ئىدى. سىز شۇ ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى ئارامبەخش سالقىن ھاۋانى ئالەمنىڭ ھېچقانداق يېرىدىن تېپىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان بولاتتىڭىز... شۇنداق، بۇ مەن ئۈچۈن كارامەت مۆجىزە ئىدى. شۇ ئۈجمە تۈۋىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىڭىزنى يەلپۈپ راھەتلىنىسىز، دىمىغىڭىزغا ئوت - چۆپلەردىن چاچرىغان چۈچۈمەل بىر خىل سېھىرلىك پۇراق ئۇرۇلۇپ تۇرسا، سول تەرىپىڭىزدىكى ئاھۇنىڭ كۆزىدەك مۆلدۈرلەپ تۇرغان بۇلاقنىڭ يېقىملىق ناخشىسى قۇلىقىڭىزنى يېنىك سۆيۈپ، سىزنى ئايلىنىپ ئالدىڭىزدىكى يارلىققا چۈشۈپ كەتسە، نېرىدىكى كۆپكۆك چۆپلۈكتە سىزگە دەخلى - تەرۇز قىلمىدىغان ھېچقانداق نەرسە بولمىسا، كۆك ئاسماننىڭ ئاستىدا بىر ئۆزىڭىز راھەتلىنىپ ئولتۇرسىڭىز، بۇ نەقەدەر بەخت-ھە! مەن ئاشۇنداق خىياللارنى دائىم سۈرەتتىم، بولۇپمۇ يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقلىرى جاندىن ئۆتكەندە مېنىڭ ئويلايدىغىنىم ئاشۇ سۆيۈملۈك ئۈجمە دەرىخى بولاتتى. ئۇ گويا ماڭا پەرىشتىدەك پاك بوۋامنىڭ ئۇچتەك ساقىلىنى يەلپۈتۈپ ماڭا ھاياتنىڭ سىرلىق كارامەتلىرىدىن ساۋاق بېرىۋاتقاندەك، قامەتلىك ئاتامنىڭ ئىشچان گەۋدىسى تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىپ مېنىڭ بەختىم، كەلگۈسۈم ئۈچۈن تەرئاققۇزۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. سانسىز

يوپۇرماقلارنىڭ مەيىن شامالدا يېنىك يەلپۈنۈشى ئاق رومىلىنى ئارتىپ چىرايلىقنىنە ساپلىقتا ھېلى كۆيۈغان قېتىقنى سورۇپ ماڭا ئاتاپ ھېجىر تاۋاقتا مۇزدەك دوغ كېتىۋاتقان باغرى يۇمشاق ئانامنىڭ مېھرىبان سىماسىنى ئەسلىتەتتى. ئاھ، مەن ئاشۇ ئۈجمە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ بۇلۇتلارنىڭ يىراق - يىراقتا پەرۋاز قىلغىنىنى، بۇلاق سۈيىنىڭ يەر كۆكسىدىن توختاۋسىز ئېتىلىپ چىقىشىنى، يىڭناغۇچلارنىڭ ئەينەكتەك قاناتلىرىنى لىپىلدىتىپ گۈللەر ئۈستىدىن ئەگىشىنى، تۆپىلىكتىن سوزۇلغان يولنىڭ ئاخىر بېرىپ ئۆپۈقتا سىڭىپ كېتىۋاتقىنىنى، ئىشچان ئۆمۈچۈكلەرنىڭ ئۈجمە ئاچىسىغا تىنىمسىز ھەرىكەت بىلەن تور توقۇشىنى قانماي تاماشا قىلاتتىم. يەنە قۇشلارنىڭ شوخ پەرۋازى، قۇياشنىڭ مىنىنەتسىز نۇرى ھەمدە تاغلارنىڭ قۇدرەتلىك يەلكىلىرىدە ئۆزىنى چېنىقتۇرغان ئەركە شامالارنىڭ چۆپلەرنى ئەركىلىتىپ تۈۋەنگە چۈشۈپ شوخ مەھەللە باللىرى بىلەن ئويناش ئۈچۈن ئالدىراپ ئۇچۇشلىرىنى كۆرەتتىم. بۇلار مېنىڭ ئەڭ تاتلىق ھوزۇر - ھالاۋىتىم، ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىم، شۇنداقلا ئەڭ ئۇنتۇلماس چاغلىرىم ئىدى. مەن بۇ بەختلىك چاغلىرىمنى ئەسكە ئالساملا، ئۆزۈمنى شۇنچىلىك راھەتلىك، شۇنچىلىك ئەركىن - ئازادە سېزەتتىم. ھېلىمۇ شۇ چاغلىرىم كۆز ئالدىمدا سۈزۈك كۆل سۈيىدەك زاھىر بولماقتا، راھەتلەنمەكتىمەن. تاتلىق بىر تۇيغۇ يۈرىكىمنى چىرماپ مېنى ئۆز باغرىدا ئەللەي ئەتمەكتە. ئاھ، ئانام ئەتكەن مۇزدەك دوغنى ھوزۇرلىنىپ سۈمۈرۈپ، جەننەتنىڭ راھىتىنى كۆرمەكتىمەن...

مەن ئاغزىمنى چاكىلداتقانچە ئويغىنىپ كەتتىم. شۇنچىلىك ئىسسىپ كەتكەن ئىدىمكى، ھېچبىر نەپەس ئالالماي قالدىم. ئاھ، ئەمدى چۈشۈمدىكى شۇ راھەتبەخش جاي بولىسچۇ؟!...

## قۇياش بالىسى

سەن تەڭداشسىز پارلاقلىقىڭ بىلەن مېنى ئۈزلۈكسىز جەلپ قىلىپ، كۆز ئالدىمدا گويا گۈلزارلىقتىكى ئەتىرگۈلدەك چاقنايتتىڭ، كۆزلىرىڭ بەختىيارلىق ئىلكىدە ئويناپ، قۇدرەتلىك بىلەكلەر ئارىسىدا مەستخۇش بولغان تېنىڭ يۈرىكىڭنىڭ مۇھەببەتلىك سوقۇشىنى نامايان قىلاتتى. سەن جۇشقۇن بىر روھ بىلەن ئالەمنى ئۇنتۇپ، ئۆزۈڭنى ئەركىن تاشلاپ پىرقىرايتتىڭ. پىرقىرىشىڭ بەجايىكى بۇلۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىۋاتقان ئاق كەپتەردەك ئوماق ئىدى. سەن بەختىيار ئىدىڭ.

تۇرۇپلا گىلاستەك لەۋلىرىڭگە قېنىپ - قېنىپ سۆيگۈم كېلىپ كەتتى. خۇددى سۆيۈشۈمنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈۋاتقاندەك، ھەر بىر ھەرىكىتىڭ، لەۋلىرىڭنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى مېنى ئەقلىدىن ئازدۇراتتى. كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلۈۋاتقان شولا ئۇدۇل كۆكرىكىمنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىشقىڭدا پۇچۇلىنىۋاتقان يارىدار يۈرىكىمنى جۇپتىدىن ئايرىلغان كەكلىكتەك بوقۇلدىتاتتى. . خىيال ئېكرانىم ئاجايىپ رەڭدار گۈللەر بىلەن بېزەلگەن چەكسىز دالىدەك تۈس ئېلىپ، سېنى باغرىمغا چاقىراتتى. يۇمشاق چاچلىرىڭنى يەلپۈپ سېنى خۇشاللىق بىلەن ئەركىلىتەتتى، قۇياش كۈچلۈك ھارارەت بىلەن نۇر چېچىپ، بىزنىڭ جەننەتكە ئايلانغان

ماكانىمىزنى سۆيۈپ تۇراتتى. دىماغلارنى غىدىقلىغۇچى خۇشبۇي پۇراقلار پۈتكۈل ۋۇجۇدىمىزنى بوشاشتۇرۇپ يۇمران چۆپلۈك ئوتلۇق تەن، يالقۇنلۇق تىنىقلىرىمىزنى ئەسىرگە ئالاتتى. سەن بىھوشلۇق ئىلكىدە ئۆزۈڭنى ئىختىيارىمغا تاشلاپ، مېنىڭ بەرجەس كۆكرىكىمدە ئىڭرايتتىڭ. ئۆزۈڭنىڭ ئەڭ قىممەتلىك دەملىرىڭنى ماڭا سېخىيلىك، رازىمەنلىك بىلەن تەقدىم قىلاتتىڭ. بىز بەختلىك ئىدۇق. تۇرۇپلا سەن قۇياشقا ئايلىنىپ كەتتىڭ، سەن شۇنچىلىك ھارارەتلىك، شۇنچىلىك سۆيۈملۈك، شۇنچىلىك رەھىمسىز قۇياش ئىدىڭ. بارا- بارا ئارىلىقىمىز يىراقلاپ، كۆز يەتمەس بوشلۇقتا كۆتۈرۈلۈپ كەتتىڭ، مەن ئىككى قولۇمنى سوزغانچە چۆپلۈكتىكى ئۆزىمىز ئىجاد قىلغان دائىرە ئىچىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. كۆز ياشلىرىم تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى. . . سەن ئوماققىنە جىلمىيىشىڭ بىلەن جاھاننىڭ پۈتكۈل بايلىقىغا تېگىشكۈسىز دەرىجىدە يۈكسەكلىشىپ، بىر نارەسىدە بالىدەك كۆرۈنۈپ كەتتىڭ. سەن قۇياشنىڭ بالىسى ئىدىڭ. . . لەۋلىرىڭدىن، زىناقلىرىڭدىن، پېشانەڭدىن مېنى ئۆزۈڭگە مايىل قىلغۇچى چەكسىز نۇر دەستىسى تۆكۈلۈپ، مېنىڭ ھالسىز گەۋدەمنى ئىسكەنجىگە ئالغانىدى! . . .

ئۆزۈمگە كەلدىم. قۇياش ۋە بالا دېگەن ئۇقۇم مېڭەمدە ئالمىشىپ، ماڭا بىر خىل ئارامبەخش سايىسىنى تاشلايتتى. سەن قۇياش شەكلى بىلەن ئالدىمدا، يېنىمدا، باش ئۈستۈمدە پىرقىراپ مېنى ھالسىزلاندۇرۇپ ئۆزۈڭگە تارتاتتىڭ. كۆزلىرىڭ بىلەن كۆزلىرىمگە، لەۋلىرىمگە، يۈرىكىمگە سۆيەتتىڭ، سۆيەتتىڭ. . .

سەن قۇياش بالىسى ئىدىڭ، ئەي گۆھەر،
ئۇچاتتى جان قۇشۇم ساڭا دەربەدەر!

## قارگۈگۈمى

(قارامايدا يۈز بەرگەن «8 ـ دېكابىر» ئوت ھادىسىسىدە قازا قىلغان سۆيۈملۈك بالىلارغا بېغىشلايمەن)

قار گۈگۈمىدىكى دالىنى ئاپئاق كېپەن بىلەن ئورىغانىدى. ئەتراپتىن ئۆرۈلگەن توزۇندىلار ئالەمگە ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى سېلىپ، يۈرىكىمنى مۇزلىتىشقا باشلىدى. تەنھا ھالدا دەريا بويىنى بويلاپ مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈرۈشنى خالاپ قالدىم. يىراقتىن بىر قۇشقۇراقنىڭ غېرىبانە ئاۋازى بوغۇق - بوغۇق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆز ئالدىمدا ئىڭراپ ياتقان قارلىق دالا تىنىمسىز چۈشۈۋاتقان ئۇششاق قار توزۇندىلىرى ئاستىدا ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. تۇرۇپلا كۆڭلۈم غەشلىككە تولۇپ، مۇڭلۇق بىر تۇيغۇ ۋۇجۇدۇمنى چۇلغاپ، تېنىمنى مۇزلۇق دەريادەك چوڭقۇرلۇقتا تولغىتىپ قويدى. يۈزلىرىمگە ئۇرۇلغان ئاچچىق شامال گويا نامەلۇم بىر پاجىئە ئۈچۈن چېلىنغان ماتەم كۈيىدەك ئاڭلىناتتى. . . قار توختىماي ياغماقتا.

نېرىدىن بىر كىچىك بالىنىڭ ئاياغ ئىزى مەن تەرەپكە كېلىپ يەنە غايىب بولغاندەك ئىدى. كۆزۈم ئاشۇ ئىزدا قېتىپ قالغان مۇز شارچىدەك، كۆرۈنمەس نۇر دەستىسى بىلەن

ئۇنى سۆيۈشكە ئىنتىلەتتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭەم قوپقۇرۇق ھالدا ئالدىمدىكى قارلىق دالىدەك بىر خىل يېتىمسىرەش ھېس قىلىپ قالدىم. يىراقتىن كۆكۈچ قانىتىنى يېيىپ گۈگۈم پەسلەپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ ئاستا - ئاستا بېسىلىپ قارلارنىڭ ئۈستىدە كېلەڭسىز گەۋدىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ زېمىنغا، دەرياغا، دەل - دەرەخلەرگە، روھىمغا سىڭمەكتە، ھەممىنى قامال قىلماقتا. . . قار كەسكىن رەۋىشتە گۈگۈمغا ئۇرۇلماقتا.

ئۈستىبېشىمنى قاپلىغان قاردا گويا يېتكەن روھىمنى ئىزدەپ كېتىۋاتقاندەك ئىپادىسىز ھالدا نا ئېنىق نىشانغا قاراپ مېڭىۋەردىم. كۆڭلۈم ھېچنېمە خالىمايتتى. ئايغىمدىن چىققان ئاۋاز پۈتۈن روھىمغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك بىر ياتسىراش ئىچىدە ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۆتكىنىنى تۇيمايتتىم. كۆز ئالدىمغا قاچاندىدۇر يوقىتىپ قويغان چۈشۈمدەك بىر ئۈلۈمسىمان پەردە تارتىلدى. . . كىچىك بالىنىڭ ئاياغ ئىزى ئالدىمدا يوگۇرۇپ قېچىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. ئۆلگەن مەۋجۇتلۇققا قېتىلىپ مەنمۇ ئۆلۈپ كەتكەندەك بولدۇم.

قارلىق گۈگۈم يېپىلماقتا ئىدى.

## ئارمانلىق تەبەسسۇم

تەنھالىق ساھىلىدا كېتىۋېتىپ، ئەسلىمە مۇنارىغا تىكىلىپ قالدىم. راست، كونىلار ئەسلىمە ئۇچرىشىشنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى دېگەن ئەمەسمىدى؟! بىر ئادەمنىڭ يالغۇز قالغاندا ئۆزىگە ھەمراھ بولغۇدەك شېرىن ئەسلىمىسى بولمىسا، ئۇ سېلىشتۇرغۇدەك روشەن تۇرمۇش كارتىنىسى بولمىسا، بىر خىللا رىتىمدا كېتىۋاتقان تۇرمۇشنىڭ نېمە لەززىتى؟...

مېنىڭچە، دۇنيادا ئازابلاش ھەم ئازابلىنىشنى، سۆيۈش ھەم سۆيدۈرۈشنى بىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئادەم ئۈچۈن زور خۇشاللىق بولسا كېرەك. مانا بۇ بىزنىڭ بۇ دۇنياغا ئادەم بولۇپ تۇرەلگىنىمىز ئەمەس، بەلكى ئارمان بولۇپ تۇرەلگىنىمىز. . . ھەئە، مەن دەسلەپ ھاياتنىڭ باھاسى يەتتە موچەن دېگەن سۆزنى مەشىتىمگەن ئىكەنمەن، لېكىن نېمىشقىدۇر ھازىر بۇ سۆزگە ئامراق بولۇپ قالدىم. بىرەر ئىشتا كۆڭلۈمگە غەشلىك يەتسە، شۇ سۆزنى ئەسكە ئالىمەن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ھايات خۇددى قۇۋ قىزدەك ئۆزگىرىپلا تۇرىدىكەن. بىر قارىسا، يەتتەموچەنگە يارىمىغۇدەك، بىر قارىسا، ئۇنىڭ باھاسىغا ھېچنېمە توغرا كەلمىگۇدەك. . . شۇنداق ھامىلدار خىياللار يەنە كۆڭلۈمدىكى ئۇماق ئەسلىمىلەرنى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغاتتى...

شۇ خىياللار تۇرتكىسىدە كۆڭلۈمدىكى مەبۇدىگە چەكسىز مەكتۇپلەر يازدىم. بەلكىم بۇ خىيالىمدىكى ئەڭ تاتلىق بىر تۇيغۇ بولسا كېرەك، شۇنداق قىلىپ تالاي تاڭلارنى ئاتقۇزدۇم، ئەپسۇسكى، سەھەردىلا بۇ خىياللار بەربات بولدى. لېكىن كۆڭلەرنى يېڭى نەتىجە، يېڭى مۇھەببەت بىلەن كۈتۈۋالدىم ھەمدە رېئاللىق قوشغۇرىقى بىلەن ئەسلىمىگە قايتتىم، مەبۇدەمنىڭ ئۆتمۈشىدىن خەۋىرىم بولسىمۇ، ھازىرىدىن خەۋىرىم يوق ئىدى. بىراق ئۇنىڭ بۇرۇنقى تەمكىن ھەم ناتىقلىقى بىخلىنىپ ۋايىغا يەتكىنىگە چەكسىز ئىشىنەتتىم. ئۇنىڭ يالقۇنلۇق ھېسسىيات بىلەن سۇغىرىلغان گۈزەل لىرىكىلىرى گۈزەللىكنى سۆيىدىغان،

ھاياتنى قەدىرلەيدىغان ھەم ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلالايدىغان بىر پەخىرلىك سىماسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ چاڭ - توزان قونمىغان روھىيىتىدىكى پاك سۆيگۈ ۋاپادارلىق كۆكىدە جەۋلان قىلاتتى. مەن شۇلارنى ئويلاپ، بۇ رەھىمسىز ۋە سۆيۈملۈك ھاياتقا كىچىككىنە تەبەسسۇم ئاتا قىلدىم. بۇ مېنىڭ ئارمان بىلەن تولغان كۆڭلۈمدىكى ئەڭ ئاخىرقى قىممەتلىك سوۋغات ئىدى. . .

## كۆيۈۋاتقان قۇياش

ھويلامدا ئېچىلغان قىزىلگۈل ماي قۇياشىدا چوغدەك تاۋلىناتتى. ئۇنىڭ ھەر بەرگىدىن بەرق ئۇرۇپ تۇرغان تەڭداشسىز بىر قىزىللىق، بىر يالقۇن، بىر نۇر ماڭا پۈتكۈل مەۋجۇدات شۇ يالقۇننىڭ باغرىدا ئۆزىنى تاۋلاۋاتقاندەك، شۇ يالقۇن گوياكى بىر قۇياشقا ئايلىنىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر تالاسىدا ئۆزۈمنى پاكلاپ، ئۇنىڭغا چەكسىز مېھرىم بىلەن قاراپ ئولتۇرغىنىمدا، ھايات سەپىرىدە ھەقىقىي بەخت تەمىنى تېتىغان بولسىمۇ، كېيىنلىكتە بەخت تەمىنى تېتىتقۇچىدىن مەھرۇم قالغان بىر دوستۇم مېنى يوقلاپ كېلىپ قالدى. ئۇ ئالدىمدىكى قىزىلگۈلنى كۆردى - دە، كونا ئەسلىمىلىرىنى ئېسىگە ئالدىمۇ:

- چوغدەك پارلاپ تۇرغان بۇ گۈلنى كۆرۈپ قۇياشىم ئېسىمگە كېلىپ قالدى، - دەپ سۆزلەپ كەتتى ئۇ، - كۆزلىرى بۇلاقتەك، لەۋلىرى گىلاستەك، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن يالقۇن چېچىپ ئوتۇمدا كۆيۈپ كۈل بولغان قۇياشىمنىڭ مۇھەببەتلىك سۆزلىرى زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ، - بۇ بىچارە دوستۇم دىلدارىنىڭ ئەينى چاغدا ئۆزىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلغان جەريانىنى ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆز يارىنى تەرىپلەشلىرى ھەقىقەتەنمۇ تەسىرلىك ئىدى،- ئۇنىڭ ئاۋازى گويا كۈمۈش پىيالىدەك يېقىملىق جىرىڭلاپ، ئىشق ئازابىدا قان قۇسقان كەكلىكنىڭكىدەك لەۋلىرى ئارىسىدىن ئۈنچىدەك سۆز دۇردانىلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى. . . كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى. . . شۇ ھالەتتە ئۇ ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلاتتى.

... شۇ تاپتا كۆزلىرىم تورلىشىپ قېلىۋاتىدۇ، بىلەمسىز؟ مەن ئەزەلدىن يىغلاپ باققان ئەمەس ئىدىم. لېكىن سىز مېنىڭ ئەزەلدىن يىغىغا كۆنمىگەن مەغرۇر روھىمنى، غۇرۇرۇمنى يارىلاندۇردىڭىز، بەلكىم بۇ يارا مەڭگۈ ساقايماس. مەن مەڭگۈلۈك بىر ئازابقا قالغاندىمەن. . . بەزىدە ئازاب ئىچىدە ئۈمىدلىنىپ قالىمەن. چۈنكى سىز مېنىڭ بىر ھېسسىياتچان، پاك ئىنسان ئىكەنلىكىمنى تونۇتتىڭىز. كەچتە ھېرىپ - چارچاپ كارۋىتىمغا ئۆزۈمنى تاشلىغىنىمدا، ئەتىگەندە ھەر قېتىملىق ناشتىدا، توپىلىق ۋە تاش - شېغىللىق يېزا يوللىرىدا ئۆزۈمدىن - ئۆزۈم سەپەر قىلغىنىمدا شۇنداق بىر ئىزگۈ خىيال سىز بىلەن رەڭلەنگەن. خىياللار مېنى مەستخۇش قىلىدۇ. ھەقىقىي مۇھەببەت - مەن بەرداشلىق بېرىشكە ئامالسىز قېلىۋاتقان، مەن چوقۇنۇۋاتقان، مەن سېغىنىۋاتقان، ئازابلىنىۋاتقان، ھېسسىيات قامۇسى يارىتىۋاتقان بۇ مۇھەببەت مېنى غاپىللىقتىن ئويغاتقان سىگنال، مېنىڭ

يېڭى ھايات ئىدرىكىم! روھىم چۇقان ئىچىدە، ھېسسىياتىم كەلكۈن سۈيىدەك يامرىغان، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلغان، قارىچۇقلىرىم قېتىپ قالغان. كەيپسىز قەدەم، ناخۇش تاشلانغان سوغۇق نەزەرىم بىلەن تىقما - تىقما، ئالدىراش گەۋدىلەر ئارىسىدىن يۈگۈرۈپ - يۈگۈرۈپ بىرىنى ئىزدەيمەن. لېكىن تاپالمايمەن. . . يىراق ئىككىمىز دەسلەپ ماڭغان جىمجىت يول، ئىككىمىز سۆيۈشكەن، سىز مېنى جەننەتكە ئېلىپ كەتكەن چېچەكلىك ئارىسى، سىز مېنى لەرزىگە سالغان، يۈرىكىمنى سەكرەتكەن بەختلىك مىنۇتلار ئېسىمدىن زادى چىقمايدۇ. . . شۇ چاغلارنى ئويلىسام، قۇچىقىڭىزدا يېتىپ بىھوش بولۇۋاتقاندەك، تىنىقىڭىزدا ئۇخلاپ قېلىۋاتقاندەك، كۆزلىرىڭىز ئالدىدا مەست بولۇپ قېلىۋاتقاندەك مۇرەككەپ ۋە سىرلىق ئەسەبىيلىك ئىچىدە قالىمەن. لېكىن سىز مېنىڭ تۇيغۇمدا خۇددى ماڭا پەرۋا قىلمىغاندەك، مېنىڭ ھالىمغا ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراۋاتقاندەك تۇيۇلىسىز. كېچىلىرى كارىۋىتىمدا ئىگراپ كېتىمەن. كۆزلىرىمدىن ياشلار توختاۋسىز ئېقىپ كېتىدۇ. قانداق ئازاب -ھە؟! نېمىشقا مۇشۇنداق كېچىلەر يارىلىپ قالىدۇ؟ ئاھ، مۇشۇ تاپتا قوللىرىم بىلەن بويىنىڭىزغا گىرە سېلىۋالدىم. سۆيۈملۈكۈم، رەسىمىڭىزگە قاراپ قېتىپلا قالدىم. ئازابلىرىم يەنىمۇ كۆچىيىپ كەتتى. ماڭا بۇ دۇنيانىڭ كۆلكىلىك قىسمەتلىرى ھەمدە روھىمدا خازاندەك ئۇچۇپ يۈرگەن مەنىسىز ۋە ئىزغىرىن چۈشكۈنلۈكمۇ يېتەرلىك ئىدىغۇ؟! مەن ئۆتمە - تۆشۈك تورۇستەك چىرايلىق، تازىلانمىغان ھۇجرىدەك يېقىملىق، پاسكىنا ھويلا- ئارامدەك ئازادە، ئازابلىق قارىچۇقلاردەك رەھىمسىز چۈشلەرنى ئەسلەشنى قانچىلىك ياخشى كۆرەتتىم-ھە؟! گەرچە ئۇ بىر قېتىملىق ئېغىر ئوپېراتسىيەدەك مۇدھىش بىلىنىدىغان بولسىمۇ! رەسىملىرىڭىز بىلەن مۇڭدىشىپ كېتىمەن. سىزنىڭ رەسىملىرىڭىز بەك ئىزگۈ، ئادەمنىڭ ئازابىنى، ھەسرىتىنى قوزغاپ تۇرىدۇ. ئاھ، سىز نېمانچە تاش يۈرەك- ھە؟ نېمىشقا بىر ئاجىزەنى ئۆزىڭىزگە شۇنچە مەھكەم باغلىۋالدىڭىز، نېمىشقا ئىلاھتەك چوقۇندۇرۇۋالدىڭىز؟ مەن تا ھازىرغىچە ئۆزۈم ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ بۇنچىلىك سوغۇق، كۆڭۈلسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىغانىكەنمەن، ئۆيمۇ، كوچىمۇ، ئىشخانىمۇ، پۈتكۈل كائىنات شۇنچىلىك كۆرۈمسىز، زېرىكىشلىك، ئادەمنى بەكلا بىزار قىلىدۇ. ئۆزۈمنىڭ چىن ئەقىدەم ۋە سۆيگۈمنىڭ باھار مەزگىلىدە چېچەكلەپ، خازاندەك بىچارە ۋە ئېتىبارسىز قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. مۇھىتمۇ، خازان كۆڭلۈممۇ، يۈرىكىممۇ خازاننىڭ ئازاب بىلەن ئېچىنىشلىق شىلدىرلاپ ئىڭرىشىدىن مۇجۇلىدۇ. مېنىڭ بارلىق روھىي پائالىيىتىم سىز بىلەن ئەمىن تاپاتتى، سىز بىلەن خاتىرجەملىككە ئېرىشەتتى. بۇ خىل «كېسەللىك» مېنى ئورغۇنلىغان ئۈمىدسىزلىك، روھىي چۈشكۈنلۈك، تەنھالىق، بىچارىلىك، خاپىلىق ۋە زېرىكىشلەردىن قۇتۇلدۇراتتى. مەن چۈشلەردىكى كۆڭۈللۈك مىنۇتلاردىن ئايرىلىپ، يىراق- يىراقلارغا بېرىپ، ئويقۇسىز كېچىلەرنى، سوغۇق مۇساپىلەرنى بېسىپ گۈزەل خىياللىرىمنى، ئازابلىق، شېرىن سۆيگۈمنى يىتتۈرۈپ قويىدىغانلىقىمنى، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى چىن سۆيگۈنىڭ قوپال مۇئامىلىلەرگە ۋە سوغۇق نەزەرلەرگە مۇپتىلا بولىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدىم! قېنى مېنىڭ سۆيگۈم، يۈكسەك مۇھەببىتىم، چىن

ئەقىدەم؟! قېنى سۆيگەن ھېلىقى يۈرەك، قېنى مېنى بىھوش قىلغان سۆيۈملۈك گەۋدە، قېنى مېنى ئالداپ كەتكەن، مېنى قاغجىراتقان قىزغىن يوللار؟!...

تولۋا، مەن تەقدىرگە نارازىلىق بىلدۈرىمەن! مەن سىزنى شۇنچىلىك چىن ۋە مەڭگۈلۈك ياخشى كۆرەتتىم. مەن بۇ خىل «كېسەللىك»كە ھېچقاچان داۋا ئىزدەپمۇ يۈرمەيمەن. بۇ خىل ھېسسىيات ئەرزىمىگەن، گوڭگا بىر يۈرەككە رىشتە باغلىغان بولسىمۇ... لېكىن ئۇنىڭ ۋاقىتسىز شېھىت بولۇشىغا يول قويالمايمەن!

قېيداش، رەنجىش باشقا قەلبلەرنىڭ ئەركىسى، لېكىن مېنىڭ يۈرىكىم پەقەت سۆيگۈ ئۇچۇنلا ئازابلىق تولغىنىدۇ. مەن ھازىر تىنىمسىز ئۆكسۈيمەن، ئۆكسۈيمەن! مۇڭلۇق ناخشىلارنى، مۇزىكىلارنى ئاڭلىسام، كۆزۈمگە ئاچچىق ياش، يۈرىكىمگە ئاچچىق بىر نەرسە كەپلىشىدۇ. بەلكىم تۇيغۇم مېنى ئالدىمىسا كېرەك. مەن ھازىر بۇ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن، ئەڭ قىممەتلىك، سۆيۈملۈك نەرسەمنى يوقاتتىم! بەلكىم كەيپىياتىمدىكى ئاشۇ جانجىگىرىمنىڭ، يىتتۈرۈۋەتكەن سۆيگۈمنىڭ ماتىمى، قارىلىقى، ھازىسى بولسا كېرەك. رەھىمسىز رېئاللىق ئاپىرىدە قىلغان روھىيەت مېنى گاراڭ، گۇمۇش قىلىپ قويدى... ئاھ، خۇدا!

دوستۇم ئۇ قىزنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتىپ كېلىپ شۇ يەردە توختاپ قالدى. ۋۇجۇدىدىكى پۈتكۈل يىغا، ھەسرەت، پۇشايمان ئۇنىڭ كېلىغا قاپلىشىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ، بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۇ قىزغا قىلغان ۋاپاسىزلىقى ئۈستىدە توختالدى. «ئۇ مېنىڭ قۇياشىم ئىدى. ئۇ كۆيۈپ كەتتى» دېگەن سۆزنى بوش ئاۋازدا قايتا - قايتا تەكرارلىدى. ئاندىن ئۇ قىزنىڭ ھازىرمۇ يىراق بىر ماكاندا تەنھا ياشاۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ، ھەقىقىي لاۋۇلداپ تۇرغان بىر قۇياشتەك ھامان نۇر چېچىپ تۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بىز ئۇنى «كۆيۈۋاتقان قۇياش» دەپ ئاتىدۇق. مەن دوستۇمنىڭ كەچمىشلىرىگە كۆڭلۈمدە قاتتىق ھېسداشلىق قىلدىم ھەم ئۇنىڭمۇ كۆيۈۋاتقان بىر قۇياش ئىكەنلىكىنى، ئۆزى سۆزلەپ بەرگەن قىزنىڭ - كۆيۈۋاتقان قۇياشنىڭ بىزگە زاھىر بولمىغان يەنە بىر يۈزى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئالدىمىزدىكى بۇ قىزىلگۈل چوغدەك يالقۇنجاپ تۇراتتى...

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم



نۇرىيە ئابدۇكېرىم

# غەلىتە بوۋاقلار

(ھېكايە)

بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئاياللار بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقىنىغا 25 يىلچە بولۇپ قالغان ئايال پروفېسسور قوللىرىنى سۈرتكىنىچە ئۆزىنىڭ كۆكۈم پەردىسى يېپىلغان خاس بۆلۈمىگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھارغىنلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ ئۈستەل ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۇ تېخى يېڭىلا بىر نورمالسىز تۇغۇتنى قوبۇل قىلىشقا قاتناشقان ئىدى. بەش سائەتتىن ئوشۇقراق جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئانىنىڭ ھاياتى ساقلاپ قېلىنىش بىلەن بىللە دۇنياغا يېڭى بىر جان كۆز ئاچتى. ئۇ تۇغۇلۇش بىلەنلا ئانا بولغۇچىدىنمۇ بەكرەك جىددىيلىشىپ كەتكەن پراكتىكانت قورقۇنچلۇق توۋلىۋەتتى. چۈنكى دۇنياغا كۆز ئاچقىنى ئادەتتىكى بىر بوۋاق بولماستىن، بەلكى ئادەم دېسە ئادەمگە ياكى باشقا بىرەر نەرسىگە ئوخشىمايدىغان غەلىتە بىر جان ئىدى. باش دوختۇر ئۇنىڭ ئۈستىبېشىنى تازىلىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىپقىزىل پولتىيىپ تۇرغان كۆزى كىشى ئەيمەنگۈدەك لىپىلداپ كەتتى. ئايال پروفېسسور بوۋاقنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئاغزى-بۇرنى، ھەتتا قاشلىرىغىچە جاي-جايىغا ئورۇنلاشقان، ئەمما بىر جۈپ كۆزىنىڭ ئورنى پۈتۈك ئىدى، ئىككى كۆز چوڭلۇقىدىكى بىر دانە يوغان كۆز بېشىنىڭ نەق چوققىسىدا پارقىراپ تۇراتتى.

تۇغۇتتىن كېيىنكى قۇتقۇزۇش ۋە باشقا ئىشلار ئىشلىنىپ بولدى. دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى بوۋاقنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىشسىمۇ، لېكىن ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىپ، بوۋاقنى سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ يۈرەك رىتىمىنى بىر قەدەر نورمال ھالەتكە كەلتۈردى.

ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى ئاللىقاچان توشۇپ كەتكەن، قورساقلارمۇ ئېچىپ ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، پروفېسسور تېخىچە قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. زالدا

سېستىرالارنىڭ ئالدىراپ چۇۋۇرلاشقىنىچە كىيىم يۆتكەۋاتقىنى، قايسىبىر دوختۇرنىڭ «بالىلىرىم تاماقسىز قالدى-دە» دەپ ۋايساۋاتقىنى ئاڭلىنىپ جىمىپ قالدى. پروفېسسور ئۇستەل چىرىغىنى ياندۇرۇپ سائىتىگە قارىدى. سائەت يەتتىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ، راست، شۇ تاپتا ئۇنىڭ بالىلىرىمۇ يولغا قاراپ تىت-تىت بولۇشۇپ ئولتۇرغاندۇ. بىر نەچچە يىل ئىلگىرىكى چاغلار بولغان بولسىغۇ، بۇ ۋاقىتتىچە ئۇنىڭ ئۆيىدىن چوقۇم بىرى ئىزدەپ كەلگەن بولاتتى، لېكىن مۇشۇ يېقىندىن بۇيان بۇنداق كەچ كىرىپ كېتىشلەر ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى، ھەتتا بىر قانچە قېتىم ئۇ يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ياكى تاڭ يورۇشقا يېقىنلا ئۆيىگە قايتتى. تېخى پات-پاتلا ئۇنى يېرىم كېچىلەردە ئۆيىدىن چاقىرىپ كېلىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇردى. بۇرۇنمىغۇ بۇنداق ئىشلار يوق ئەمەس ئىدى. بىراق بىر نەچچە ئايدا پەقەت بىر-ئىككى قېتىملا يۈز بېرىپ قالاتتى. ھازىر بولسا ھەپتە ئىچىدىلا بىر نەچچە قېتىم يۈز بېرىدىغان بولدى. ھەي، جەمئىيەت قانداق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ-ھە؟! ئۇ مۇشۇ بىر يىل ئىچىدىلا ئۇچراتقان بىنورمال بوۋاقلارنىڭ سانى ئۇ خىزمەتكە چىققىلى 20 يىلغىچە ئۇچراتقان بىنورمال بوۋاقلار سانىدىن بىر ھەسسە ئېشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ تېخى ئۈچ كۈن ئىلگىرىلا قاتناشقان بىر قېتىملىق نورمالسىز تۇغۇت ۋاقتىدا، تويۇقسىز ھېلىقى ئايالنىڭ بەدىنى تارتىشىپ، چىشلىرى كىرىشىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن دوختۇرلار «ئۇنىڭ ئۇتتقاقلىق كېسىلى بولسا كېرەك» دەپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن ئادەم چاقىرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. كەلگەن ئادەم دەسلەپ تىلىنى چايناپ، ئۇنى-بۇنى دېگەن بولسىمۇ، كېيىن ئەھۋالنىڭ خەتەرلىكلىكىنى بىلگەندىلا ئاندىن ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىر يىلدىن بېرى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئاخىرى قوتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي بارلىق تىرىشچانلىقلار بىكار كەتتى.

بىر ئاي ئىلگىرى كېچە سائەت 12 لەر ئەتراپىدا يەنە بىر قېتىم ئۇنى ئۆيىدىن چاقىرتىپ كېلىشتى. ئۇ كۈنكى ئايالنىڭ قان بېسىمى بەكلا چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، قان بېسىم ئۆرلەتكۈچى ئوكۇللار سېلىنغان بولسىمۇ، ئۈنۈمى بولماي، ئاغىرىق شوك ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا جىددىي قان سېلىش لازىم بولۇپ قالدى ۋە دوختۇرلار چىقىپ ئۇنىڭ يولدىشىغا ئەھۋالنى ئېيتماقچى بولدى. بىراق بۇ چاغدا ئۇنىڭ يولدىشى جالاقلاپ تىترىگىنىچە زالدىلا يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قالغان ئىدى. ئۇ قورسىقىنى مەھكەم تۇتقىنىچە ئاغزى-بۇرۇنلىرىدىن شۆلگەي ئېقىتىپ توختىماي، «ھېلىقى تاماكىدىن... خىروئىندىن ... خىروئىندىن ئازراق...» دەپ ئىڭراۋاتاتتى، ئۇ دوختۇرلارنىڭ سۆزىگە ئىنكاس قايتۇرالىغۇدەك ھالدا ئەمەس ئىدى، ئاقىۋەت دوختۇر، سېستىرالارنىڭ زور تىرىشچانلىقلىرى ئارقىلىق ئايال قوتقۇزۇۋېلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئىككى تىمزى ئارقىغا قاراپ تۇغۇلغان بىنورمال بوۋاق. بۇ دۇنيادىكى قۇياش نۇرىنى بىر قېتىممۇ كۆرۈشكە ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا ئۇ ئالەمگە كەتتى.

ئەلۋەتتە، ئۇ تۇغدۇرغان ئاشۇنداق غەلىتە بوۋاقلار ئىچىدە ھايات قالغانلىرىمۇ يوق ئەمەس، لېكىن ئاشۇ بىگۇناھ ئاجىز بالىلارنىڭ ھايات ياشىشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ئۇلار چوڭ بولۇپ ئەقلىنى بىلگەندە روھىي ئازابتىن، كۆڭلى سۇنۇقلۇقتىن خالىي بولالمايدۇ، ئەگەر ئۇلار ئۆز ئاتا-ئانىلىرىنىڭ خاتالىقى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىنى بىلسە، ئاتا-ئانىسىدىن، ئۇلار ياشىغان ئاشۇ مۇھىتتىن قانچىلىك يىرگىنەر، نەپرەتلىنەر-ھە؟!

بۇنداق بالىلارنىڭ بەزىلىرى تۇغۇلغاندا ساغلامدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن جىسمانىي قۇۋۋىتى ئاجىز ياكى نېرۋا سىستېمىلىرى تولۇق تەرەققىي قىلمىغانلىقى ئىسپاتلانماقتا. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغان، كۆرگەندىن كېيىن ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ، «تۇۋا خۇدايىم، بۇ بىز بەندىلىرىڭگە كۆرسەتكەن نېمە كۈنلىرىڭدۇ؟» دېيىشمەكتە. بۇنىڭ ھەممىسى قانداقمۇ خۇدانىڭ مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرغان تراگېدىيىسى بولسۇن؟! كونىلاردا «ئاللامۇ يارىتىش مەندىن، يارىلىش ئۆزۈڭدىن، دەپتىكەن»، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېلىقى قىممەت باھالىق «ئىبلىس» چېكىملىك «ئاق ئالۋاستى»نىڭ ئۆز چوقۇنغۇچىلىرىغا قىلغان ئاجايىپ قالتىس «ئىلتىپاتى» بولماي نېمە؟

پروفېسسور دېرىزە ئەينىكىدىكى بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. ئۇ گەرچە دېرىزىگە قاراپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، سىرتتىكى قاراڭغۇلۇقنى ۋە سائەتنىڭ قانچە بولغىنىنىمۇ سەزمەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭ قەلبى ئېچىنىش-تۈگىشىپ كېتىۋاتقان مىللەتنىڭ تەقدىرىگە بولغان ئېچىنىش، ئاشۇ مىللەتكە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭغا يوشۇرۇن ھەم ئاشكارا زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان دۈشمەنلەرگە بولغان نەپرەت بىلەن تولغان ئىدى. ئۇ ئۆز مىللىتىنى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئاشۇ سۆيۈملۈك، سەبىي پەرزەنتلىرىنى قانداق قىلىپ قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئويلايتتى. يۈرەكلىرىنى تۈز سەپكەندەك ئېچىشتۇرۇۋېتىدىغان بىر ئازاب ئۇنىڭ گېلىنى بوغاتتى. ئۇ بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك قىينىلىپ نەپەس ئالاتتى.

ئاخىرى ئۇ مىدىرلىدى. قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئالدىدىكى قەغەزگە نېمىلەرنىدۇر يازماقچى بولدى. ئۇ بىرەر مىنۇتچە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قەغەزنىڭ بېشىغا مۇنداق بىر جۈملە سۆز يازدى: «سۆيۈملۈك ياش ئاتا-ئانىلار، سىلەر بالىلىرىڭلارنى، ئاشۇ ئوماق، سەبىي جانلارنى ئويلاڭلار!» بۇ سۆزگە بىر ئانىنىڭ نەسىھىتى، ئۆتۈنۈشى ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتى سىڭگەن ئىدى.


مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

مامۇت زايىت

# شەرتاغدا بالقىدى قۇياش

1

بەزمىدە مەن، ئۇلۇغ بەزمىدە،
بەزمىگە جەم تۆت بۈيۈك ئوكيان.
ھەممە شائىر تىلى نەزمىدە،
ئىپتىخارىم، شادلىقىم قىيان.
تەرەققىيات، تىنچلىق كەپتىرى
تىك ئۆرلەيدۇ كۆكنىڭ قەرىگە.
بەش قىتئەنىڭ تەبرىك خەتلىرى
قاردەك ياغار بەزمە ئەھلىگە.
بۇ خەتلەردە گۈل - ئىپارھىدى،
بۇ خەتلەردە تىلەك، مۇھەببەت.
بۇ خەتلەردە جاھان ئۈمىدى،
بۇ خەتلەردە قۇياشقا ھۆرمەت.
بۇ خەتلەرگە باتۇر شەرقنىڭ
ئىختىراسى، ئەجرى پۈتۈلگەن.
بۇ خەتلەرگە بۈيۈك خەلقنىڭ
كېلىچىكى، بەختى پۈتۈلگەن.
ئوقۇسامۇ بولمىدى تامام
جۈپ كۆزۈمگە مىڭ جۈپ كۆز قوشۇپ.




يۈرىكىمدە پارتلىدى ئىلھام،
ۋۇجۇدىمغا يىغا ئولىشىپ.
تەبرىك خەتلەر مەزمۇنى ئوخشاش،
جەملىنىپتۇ بىر ئۇلۇغ سۆزگە.
ئاتاپ ئۇلار خەلقىمنى قۇياش،
بەخت، قۇدرەت تىلەپتۇ بىزگە.
بەزمىدە مەن، قەلبىم بەختىيار،
كۆككە يەتكەن نىگارنىڭ بويى.
شائىر نىچۈن سەزمەس ئىپتىخار،
بولسا قۇياش مەرىكە - تويى؟!
بەزمىدە مەن مېنىڭ تۆر - ھۆرمەت
قولۇمدا مەي، كۆڭلۈمدە خىيال.
كۆردى خەلقىم بىھېساب قىسمەت،
چۆرگىلەيدۇ كاللامدا سوئال.
بۇنى يازماق قەلەمگە قىيىن،
چېھرىمدە نۇر - كۈلكە، گاھى ياش.
ئەقىل تاپتۇق كېچىكىپ — كېيىن،
كۆتۈرۈلدى قايتىدىن قۇياش.
تەرەققىيات، تىنچلىق كەپتىرى
كۆككە ئۆرلە، ئەمدى پەسلىمە.
خىرەلەشمە قۇياش دەپتىرى،
كۆز ئالدىمدا ئېكران - ئەسلىمە...

**2**

تۈنجى تارىخ بولۇپ ئىپتىدا،
تالاي ئەسىر باستى بۇ شەرق.
قەۋم، تۈرمۇش، غايە، ئىقتىدا
قىسمىتىدە كۆپ خىللىق - پەرق.
چاپتى بۇندىن ھەر ياققا تىنماي
ھۈنەر، سودا، ئىرپان دۈلدۈلى.
زېمىندا چاقناپ يۇلتۇز - ئاي،
مۇقام تارتتى سەنئەت بۇلبۇلى.
غاپىللارغا نۇر مۇنبىرىدە
پەيغەمبەردەك ئېيتتى ۋەھىي - سۆز.
كەشپ - ئىجاد، پەن گۆھىرىدە
بولدى جاھان ئۆزۈكىگە كۆز.
بىراق، تېپتىنچ ئۆتمىدى شەرق،
ئاپالىتا - تىغ تۇتقاچ ئەسىرلەر.
بولدى شەھەر - باغلار قۇمغا غەرق،
ز)قۇشقا جاي بەردى قەسىرلەر.
تولدى قىرغىن جاھالەتكە
چىڭگىزخاندىن كېيىنكى دەۋران.
ئاھ، قۇياشنىڭ بۇ ھالىتىگە
ھازا ئاچتى تەشۋىشتە جاھان.
جازالاندى ھۈنەر - كەشپىيات،
ئۆششۈك تەگدى سەنئەت گۈلىگە.
پەن گۆھىرى بولۇپ تىلسىمات،
يوشۇرۇلدى تارىم چۆلىگە.
زەڭگەر كۆكتە، زېمىندا سۈكۈت،
قالدى قۇياش ئۆزاق تاشلىنىپ.
تىلىمىدى ئۆزگىدىن شان - قۇت،
مۇڭلانمىدى كۆزى ياشلىنىپ.
ئەسىرلەرنىڭ چاپقۇنلىرىدا
ئۇردىسىمۇ كەتتى تۈزلىنىپ.
قەۋمى پىتنە يالقۇنلىرىدا
غاپىللىقتا قالدى يۈزلىنىپ.
قۇمغا چۆكتى ئىپتىخار، ئۈمۈد،
تەتۈر پېتى ئايلاندى پەلەك.
تۇپراق، ئاسمان يىغلىدى يۇم - يۇم،
ئۆخلاۋەرگەچ ئىنسان ۋە مەلەك.
بولدى ياقا پەش،
پەشلەر ياقا،
تۇلپارلارنى باشقۇردى ئېشەك.
ئەزىزلەندى بۇلبۇلدىن پاقا،
چۈشتى زېمىن ئادىمگە شەك.
ئىناقسىزلىق بولۇنۇش، نىزا
دانىش خەلقنى ئەيلىدى نادان.
سالدى دەۋران تۈپلەپ جازا،
بولدى غەنىي يۇرت - دىيار ۋەيران.
ياتلىشىشتى ئاخىرى ئىنسان
بىر - بىرىگە بولالماي قاياش.
مەجرۇھلىنىپ، كۆتۈرۈپ پىغان،
خارابىگە يىقىلدى قۇياش.

**3**

كۆكنى تۇتۇپ زېمىننىڭ ئاھى،
توشتى قانغا شۈكرى تاۋقى.
ئويغاقلاردىن ياغدۇردى ۋەھىي،
چاقتى چاقماق دۈلدۈل تۇيىقى.
نۇر ۋە زۇلمەت ئېلىشتى ئۆزاق،
يازدى تارىخ بۇ ھەققە قىسسە.
«ئاتلار ئورۇق، يوللار تېيىلغاق»①
سالدى پەلەك جىق ئەلەم - غۇسسە.
جەڭگاھلاردا چاپتى توختىماي
گاھى تۇلپار، گاھىدا قەلەم.
مەردلىك، ئىجاد قوبىسىدە ئاي،
چۈمدى ئىشەنچ - ئۈمىدكە ئالەم.
تۈت چوك تاغنىڭ ئاستىدىن ۋۇلقان

---

① بۇ مىسرا ناۋائىنىڭ

تاپتى ئاخىر چىقىش يولىنى.
سۇبھى يورۇپ، چاقنىدى چولپان،
قۇچتى بۇلبۇل قىزىلگۇلنى.
ۋىسال تاپقان سانسىز پەرھادلار
چاھار باغدا مەشۇقنى سۆيدى.
روھى تىرىك قۇتسىز ئەجدادلار
ئۆز بەختىنى نەسلىدە كۆردى.
تەڭرىتاغدا قىزىدى مەشرەپ،
ناخشا - مۇقام كۆكتىن ھالقىدى.
پاك دىللاردا ئىشەنچ ئۆركەشلەپ،
كۆز ئالدىدا ئۈمىد بالقىدى.
يۇرت ئاسمىنى،
تاغۇ دەرياسى
ئەرك زوقىغا چۆمۈلدى تۇتاش.
كۈچ بېغىشلاپ ئىقبال ناۋاسى،
كۆتۈرۈلدى قۇملۇقتىن قۇياش.

4

سۇبھى قۇچقان ئەسىر دەرىخى،
ئالدى نۇردىن رەڭ ۋە ئەندازىنى.
قامۇس تۈزۈپ غولى - ياپرىقى،
ئۆزلىتى كۆپ قىش، باھار، يازنى.
گاھ كۈچ تاپتۇق ئازماي نىشاندىن
راستچىللىق ۋە ئىشچانلىق بىلەن.
ئۇماچ ئىچتۇق گاھ داشقازاندىن
غورىبەتتىمۇ توۋلاپ ھاي يولەن.
باشلاپ كەلدى ئەما ئېتىقاد
غاپىللارنى يارنىڭ لېۋىگە.
قارىلاندى ئەجداد، كەشپ - ئىجاد،
تىمساھ خىرىس قىلدى كېمىگە.
چوققىلارغا ئۆرلىگەن تۇلپار
قالدى گاھى بوران - قۇيۇندا.
يېشىل تونلۇق ئۇماق گۈلباھار
گاھ ياش تۆكتى ئۇششۇك - جۇدۇندا.
بۇرچ ئارتىلغان يىللار كارۋىنى
توختىمىدى ئەمما يۈرۈشتىن.
ئەۋلاد بەختى، ئەجداد ئارمىنى
ئالدى لەززەت تىكلەش، قۇرۇشتىن.
جاكارلىدى بىر يېڭى ئىرا
يول كۆرسىتىپ قۇتۇپ يۇلتۇزى.
ئويغىنىپ چۆل، شەھەر، تاغ - سەھرا،
يىراقلارغا تىكىلدى كۆزى.
كەڭ ئېچىلدى ئىشىك - دېرىزە،
كىردى ئۆيگە يېڭى نۇر - ھاۋا.
كۆرسەتتى خەلق يېڭى مۆجىزە،
تەڭرىتاغدا تەنتەنە، ناۋا.
گۈللەپ - ياشناپ نۇرغۇن دەشت - سايلار،
قامەت تۈزدى قۇدرەت، غۇرۇردىن.
چىقتى يەنە تالانتلار، بايلار
يەن، سودىغا ماھىر ئويغۇردىن.

5

ھايات يولى كۆپ قىرلىق ئاخىر،
ئۇ ئىتتىكتۇر چاقلانغان بىستىن.
بولسا رولچى - شوپۇرى ماھىر،
پويىز چاپار چىقماي رېلىستىن.
ئاۋات بۈگۈن يۇرتنىڭ بازارى،
ئۈمىد - ئارمان ئۈپۈقىدا كۈن.
كۆز چاقنىتار ھەر خىل تاۋارى،
شۇنچە نەپىس، رەڭدار ۋە گۈلگۈن.
قايتىپ كېلىپ بايلىق ئىلاھى،
رىقابەتتە زەپەرلەر قۇچتى.
نامراتلىقنىڭ چۆچۈپ ئەرۋاھى،
نۇر - ئېلېكتىر ئۆيلەرگە كۆچتى.
پۇرسەت كېلىپ قەدىم شەرققە،
يېشىلمەكتە نۇرغۇن سىر - تۈگۈن.
ئەڭگۈشتەردۇر جىمى خەلققە
تەرەققىيات، ھەمكارلىق بۈگۈن.
ئەمما كۈنمەك ئەمەستۇر ئاسان
يېڭى يولغا، يېڭى ئادەتكە.

بىرى بولسا يەر بىلەن يەكسان،
ئېرىشىدۇ بىرى ئامەتكە.
تۇرمۇش قولى رەھىمسىز، قاتتىق،
بەزى ئاپتاپ، بەزىدە تۇمان.
گاھى دىلنى يوقلىسا شادلىق،
گاھى دىلدا ئەندىشە، گۇمان.
ھەر كۆڭۈلدە ھەر خىل ئوي - ھېسلار:
تۈز ۋە قىڭغىر، پاكىز ۋە كىرلىك.
ئادەم دېگەن ئاشۇنداق، دوستلار،
ئاق كۆڭۈل - مەرد، ھىيلە - مىكىرلىك.
ۋۇجۇدىمدا ئىزتىراپ، تىترەك،
تەپەككۇرۇم يۈگەنسىز قىيان.
ئېزگۈ خىتاب ياڭرىتار يۈرەك،
كۆز ئالدىمدا مۇرەككەپ جاھان.

6

ئاق لېنتىدەك سوزۇلغان يوللار
تۇتىشىدۇ ئوكيانغا قەدەر.
تېنىمەستىن كارۋان ئۇدۇللا
قىلالايدۇ ھەر ياققا سەپەر.
ئېچىۋېتىش - يىقىلماس تۈۋرۈك،
كەلمەك شۇنچە ئەركىن، قولايلىق.
داغدام ئوچۇق دەرۋازا، كۆۋرۈك،
ساھىبخانلار كۈتەر چىرايلىق.
يۈكسىلىشنىڭ پەلەمپىيىدە
قىسقارتىلغان تۇسالغۇ، باسقۇچ.
باي بولۇشنىڭ ھەممە پىيىدە،
تەلەيلىكلەر قولىدا ئاچقۇچ.
ئاچقۇچىلار جاسارىتىگە
مەرد ساھىبخان ياڭرىتار ئالقىش.
باقماس غاپىل كىشى ئەتىگە،
يۈرىكىنى كەزمەيدۇ تەشۋىش.
بايلىق ئۆتكەن تونىلدىن، يولدىن
قىممەت باھا تاۋار ئاقىدۇ.
خوجايىنلار مەي غىزا - پۇلدىن
كەيپ سۈرىدۇ، مېغىز چاقىدۇ.
قېدىرىش ۋە سودا قاينىمى
قاپلىغان بۇ گۆھەر زېمىننى.
كېڭىشىش ھەم مېۋە بايرىمى
ئاشۇرماقتا تاشقى كىرىمنى.
ئۈلگۈرەلمەس پۇل ساناپ كۈن - تۈن
پوچتىخانا، بانكا، باجخانا.
جەنۇب - شىمال ئېچىلغان رايون،
ھەممە ياقتا قۇرۇلۇش - بىنا.
گاھى كەنتلەر بولغان باي شەھەر،
نامراتلىقتا خېلى كۆپ سەھرا.
بولۇپ قالغان ئەمدى سودىگەر
تۈنۈگۈنكى قەرزدار پۇقرا.
بېخىل ئەمەس ئىكەن كەڭ زېمىن،
رىيازەتتىن قاچمىسا ئىنسان.
يېتىشمەكتە جىق كىرەم ئىمىن،
ئاشۇلاردا ئىقبالدىن نىشان.
بۇرۇنقىدەك نادانلىق، غۇربەت
ئىگە ئەمەس ھوقۇق، ھۆرمەتكە.
تاپالمايدۇ روناق، مەنپەئەت
قول سوزغانلار پەقەت دۆلەتكە.
تۆت دوقمۇشتا سەپەرنىڭ ئېتى،
قايسى يولغا چاپقىن ئىختىيار.
بولسا كىمنىڭ جاسارەت، دىتى
راۋاج تېپىپ، بولغاي بەختىيار.

7

كەلگۈسىدىن ئۈمىدۋار قۇياش
تەڭرىتاغدىن بالقىدى ئاستا.
مىليون كۆزدە ئىپتىخارلىق ياش،
ئىشەنچ بېغى جۇتتىن مۇستەسنا.
جۇلالاندى شەپەقتىن بۇلۇت،
رەڭگى قىزىل، سېرىق ۋە ئاپئاق.
دۇلدۇل، بەيگە مەيدانىدۇر يۇرت،
ھەرقامچىدىن چېقىلار چاقماق.

يۈرەكلەردە بىر ئىزگۈ يالقۇن
تەرەققىيات، بايلىق ئىستىكى.
ئاق نىيەتلىك كىشىلەر ئۇچۇن
تەڭرىتاغنىڭ ئۇچۇق ئىشىكى.
ئانا يۇرتنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە
ئىشەنچ بىلەن تىكىمەن كۆزنى.
تەپەككۇرۇم ئەرش ئۈستىدە
ئايلىنىدۇ ئاينى، يۇلتۇزنى.
ئىشەنچتە مەن ئىقبالدىن ھەر چاغ،
كەمبەغەللىك ئەمەستۇر باقىي.
يىراق ئەمەس ئۇ كۆرۈنگەن تاغ،
شاراب تەڭلەپ تۇرۇپتۇ ساقىي.
قىسمىتىگە بىزنىڭ قۇياشنىڭ
ئالەم گۇۋاھ، ئەسىرلەر گۇۋاھ.
باشقىلاردەك قۇتتا ياشاشنىڭ
تىمسالىغا قەسىرلەر گۇۋاھ.
چۈشەنمەكتە ئۆزنى ئىنسان،
ئورنىنى ھەم قىممەت، بۇرچىنى.
ئۇزاق ئۆتمەي كۆرىدۇ جاھان

تەڭرىتاغنىڭ قۇدرەت - كۈچىنى.
ئاڭا يۈلەك دەۋر پەرمانى،
راۋاجىغا خەزىنە كىپىل.
يولغا چىقتى قۇياش كارۋىنى،
ئۇنىڭدا نۇر، شىجائەت، ئەقىل.
يىللار ماڭار ئۇرىيېتىمىزدا،
ئۆلگىيدۇ بىزنىڭ تۇپىمىز.
رىقابەتنىڭ كەڭ دۇنياسىدا
يىقىلىمىز، گاھى قوپىمىز.
ھامان قۇدرەت، پەن، ھۆرلۈك تۇغى
قۇيبىسىدا بىزنىڭ قەسىرنىڭ.
ۋۇجۇدىمىدا ئوت - ئارمان چوغى،
خوجىسى بىز يېڭى ئەسىرنىڭ.
بىر جۈپ ئىزنى باسار مىڭ جۈپ ئىز،
بىر دولقۇنغا مىڭ دولقۇن تۇتاش.
ئارزۇلارغا جەزمەن يېتىمىز،
مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىلا قۇياش.

1993 - 1995 - يىل، ئۈرۈمچى

## نىياز ئىمىن قۇربانى

# شېئىرلار

### ئۇنتۇلغان سۆيگۈ

ئۇنتۇغانتىم سېنى ئەي نىگار،
ئەمما بۈگۈن قالدۇق ئۇچرىشىپ.
ئوتلۇق كۆزلەر يېقىشتى قانىماي،
تۇرۇپ قالدۇق بىردەم مۇڭدىشىپ.

تۇرۇپ قالدۇق بىردەم مۇڭدىشىپ
شۇ تونۇشقان كۈنلەرنى ئەسلەپ.
ئاشۇ چاغدا سۆيمىگەنىمدىم
ئەي نىگارىم، مەن سېنى دەسلەپ.

لېكىن تەقدىر باقماي ئوتلۇق كۆزدە،
تىنىقمىز بولالمىغان بىر.
بولدۇق ئەمدى ئۆزگىگە تالىق،
پاك سۆيگۈمىز بولۇپ قالدى سىر.

### چۈشلىرىمدە ئىزدەيمەن سېنى

ئەزىم دەريا ساھىللىرىدىن
چۈشلىرىمدە ئىزدەيمەن سېنى.
لېكىن قاراڭ كۆرۈنمەيدۇ ھېچ،
تەشۋىش بىلەن كېتىمەن نېرى.

مەجنۇن تالدىن سورايمەن گاھى،
سۆيگۈلۈمنى كۆردۈڭلارمۇ دەپ.
ئۇلار يەڭگىل چايقىغاندا باش
ئويغىنىمەن مۇڭلۇق ئىسەدەپ.

**يەر تېگىدىن باقمىغىن جانان**

يەر تېگىدىن باقمىغىن جانان،
يۈرىكىمگە مۇنچە ئوت سېلىپ.

**ھاشىمجان قادىر**

يېتەر ئاشۇ قىيىنغىنىڭمۇ
مېھرىڭ بىلەن يۈرەكنى تىلىپ.

چېھرىم سولغۇن، ھالىمدىن كەتتىم،
قالمىدى ھېچ تەندە ماجالىم.
تاپقىن ئۆزۈڭ دەردىمگە داۋا،
ئەي باغرى تاش ساھىبجامالىم.

# ئوتەقتاس پاك دىلغا، بىر سۈزۈك ئاسمان

## بۇلاق

قاقاس چۆل باغرىدا بىر چەشمە بۇلاق،
چاڭقىغان جانلارغا-كۈچ-قۇۋۋەت، دەرمان.
شىلدىرلاپ بىر كۈينى كۈيلەيدۇ ھەر ۋاق،
كۈيلىرى بىر ھېكمەت، بىر ئىزگۈ ئارمان.

تۈنلىرى ئۆتتى ئۇ يېگانە پەقەت،
بولۇپ ئاي، يۇلتۇزنىڭ ھۆسنىگە ئەينەك.
بەرسىدى ئۈستىگە سېخىي تەبىئەت
باغلارغا ياپقان شۇ رەخلەردىن كۆڭلەك.

كەچمىشى ئۇنىڭدا ئۇزاق يىللارنىڭ،
تاش بولغان لېۋىدە قالغان تالاي ئىز.
تورۇپتۇ شۇڭغىچە يەنە مەردانە،
جۇدۇنلار زەربىدىن ۋايسىماي ھەرگىز.

تامچىسى بىباھا زەمزەمۇ كەۋسەر،
ئۇ تەقتاس پاك دىلغا، بىر سۈزۈك ئاسمان.
تالايلار ئۇنتۇيدۇ ئىچىپ سۈيىنى،
ۋە لېكىن شائىرغا تۈگمەس داستان.

**ئابدۇۋەلى جارۇللاغا**

ئادەملەر ياشايدۇ تاللاپ خاس يولنى،
ھەر كىمنىڭ ئاڭ - ئىدراك، خىيالى باشقا.
تارىختا سالايلى ئەبەدلىك ئۇلنى،
ئادەمىز، ئادەمدەك كەلدۇق ياشاشقا.

ئىلىدا دۇنياغا كەلدى بىر ئادەم،
سەنئەتكە باغلىدى ۋە زور ئىشتىياق.
ئۇستازلار يېتەكچى بولدى پېشقەدەم،
ئۈمىدتە باستى ئۇ بۇ يولغا ئاياغ.

ۋەسپىدىن تاڭ قالار ئېھ، بۈگۈن ھەر كىم،
ناخشىسى كۆڭۈللەر تۈگۈنىن يېشەر.
جارۇللا ئاكىدۇر، دېسىڭىز ئۇ كىم،
ناخشىسى شائىرنىڭ ئىلھامى - زەپەر.

ئېيتسا، ئۇ كۈيلىسە خاس ئاۋاز بىلەن،
دىللاردا ئىزگۈ ھېس ياسايدۇ ئۆركەش.
ئىلىمنىڭ سەنئەتتە ئۇ گۈل تاجىسى،
بىز ئۈچۈن تەۋەررۇك ئەڭ يېقىن دىلكەش.

ئېيتماقتا ناخشىنى ئۇ بۈگۈنگىچە،
كۈمۈشتەك چېچىدا يىللار قىسمىتى.

سەنئەت دەپ ئىزلەندى كۈندۈز ۋە كېچە،
نەقەدەر بۈيۈك ھە قىلغان خىزمىتى.

ئادەم ئۇ، ئادەمدەك ياشىدى شۇنداق،
ئۇ ئېيتقان ناخشىدا ئۇزاق ئۆتمۈشلەر.
نامايان خەلقنىڭ قايغۇ - شادلىقى،
ئاھ، زارى، نەپرىتى، ئىزگۈ كەچمىشلەر.

قالغۇسى ئىزلىرى ئابىدە بولۇپ،
خەلقىمىز قەلبىدە، تارىخ بېتىدە.
غايىسى، ئۈمىدى نۇرىدۇ تولۇپ،
ھېلىمۇ ئۇ يەنە سەنئەت غېمىدە.

ئۆمەرجان مۇھەممىدى

# باھارمۇ سەنسىز ماڭا زىمىستانكەن

## شەپسىز كەتكەن باھار كەلدى قايتىپ

شەپسىز كەتكەن باھار كەلدى قايتىپ،
خۇشلۇقتىن رەڭ تۈزەشتى ئېتىز - قىرلار.
بارماقتا تەبىئەتتە شادلىق ئارتىپ،
يېشىلىپ زىمىستاندىن قالغان سىرلار.

ۋە لېكىن ئازاب لەيلەر يۈرىكىمدە،
باھارمۇ شاد قىلالماس مېنى شۇتاپ.
ۋىسالىڭ ئەلەم ئىدى تىلىكىمدە،
شۇ سەۋەب ئۆزۈم مىسكىن، روھىم بىتاپ.

شەپسىز كەتكەن باھار كەلدى قايتىپ،
كېلەي دەپ كەلمىدىڭغۇ گۈل نىگارىم.
ھىجرانىڭ دەردلىرىمگە دەردلەر ئارتىپ،
جاھاننى قاپلاي دېدى ئاھۇ زارىم.

جۇدالىق چۈشەندۈردى ھەممىنى يار،
باھارمۇ سەنسىز ماڭا زىمىستانكەن.
كەل، جېنىم ئاشىقىڭغا قىل ئېتىبار،
مەشۇقسىز ئاشىق جېنى يوقلا جانكەن.

## جاي

ئاھ، ئەجەب ماڭا ئىللىق تۇيۇلىدۇ
تۈنجى رەت سۆيگۈ بەرگەن ئېرىق بېشى.
ھەر كەلسەم دىلغا سۆيگۈ قۇيۇلىدۇ.
تۆكۈلگەچ بىر چاغ بۇندا ۋىسال يېشى.
تۆكۈلگەچ ئۇندا بىر چاغ ۋىسال يېشى،
سۆيىمەن، سېغىنىمەن ئاشۇ جاينى.
چۈنكى بىز دىدارلىشىپ تۈنجى قېتىم،
ھەسرەتتە قويغانىدۇق-
تولۇن ئاينى...

## سەنمۇ شۇ مىنۇتلارنى تىلەرسەنمۇ؟

ئاھ! ئەجەب ئىت ـ ئىت قىلدىڭ مېنى جېنىم،
جۇدالىق دەشتلىرىدە ئەنتىرىتىپ.
ئىزلىدىم ۋىسالىڭنى تاپماي تىنىم،
گاھ ئۆلۈپ، گاھ تىرىلىپ، ھالدىن كېتىپ.

قېرىشتى (دەردىم ئازدەك) ھىجران چۆلى،
ئازدۇرماق بولدى ھەتتا ئالۋۇنلىرى.
ۋە لېكىن سۇلاشمىدى ئۈمىد گۈلى،
كۆچەيگەچ دىلدا سۆيگۈ يالقۇنلىرى.

كۆچەيگەچ دىلدا سۆيگۈ يالقۇنلىرى،
نۇر بەردى كۆزلىرىمگە، ئاداشمىدىم.
ياڭرىدى پەرىشتىنىڭ زىل ئۈنلىرى،
ئازمىدىم، كۆلكىلەرگە يانداشمىدىم.

ئېيتقىنا، ئوماق جېنىم، ئېيتقىنا بىر
ئاشىقنىڭ كۆڭلىنى بىر بىلەرسەنمۇ؟
چۈشلىرىم ئالار قاچان سەندىن تەبىر،
سەنمۇ شۇ مىنۇتلارنى تىلەرسەنمۇ؟!

**ھەسەنجان بوساق**

# گەر نېسىپ بولغاندا قايتا بىر سۆيۈش

تاقەتسىز تەلمۈرۈش، زارىقىپ كۈتۈش
قالدۇرغان سوۋغاڭمۇ ئېيتقىنا گۈلۈم؟
گەر نېسىپ بولغاندا قايتا بىر سۆيۈش،
رازىدىم قوينىغا ئالسىمۇ ئۆلۈم.

تاڭلارنى كۈتمەن تۈندە ئۇخلىماي،
تاڭ ئاتسا تىلەرمەن تۈنلەرنى يەنە.
كەل نىگار، سۆيگۈ ئېپ كىرگىن قەلبىمگە،
بىلىنەر سېنىڭسىز ھايات بىمەنە.

ئاھ، ئەجەب لەززەتلىك شۇ دەقىقىلەر،
كۈتۈمەن، قاچانمۇ كېلەر قايتا دەپ.
مەندىكى ساڭلا خاس ئەقىدىلەر
ئۆتەرمۇ ھەمىشە شۇنداق دەشنەم يەپ؟

نەدىندۇر ئاڭلانسا ئاشۇ ئاخشىمى
ئىككىمىز ئاڭلىغان ناخشىنىڭ ئۈنى:

خىيالغا چۆمۈلۈپ ئۇشبۇ ناخشىنى،
يادلايدۇ يۈرىكىم كۈنى ۋە تۈنى.

بىلمەيمەن قانچە رەت سۆيگەنلىكىمنى
سەن ماڭغان يوللارنىڭ گىرۋەكلىرىگە.
قانداقمۇ دادلايمەن كۆيگەنلىكىمنى،
ئېسىلىپ خەقلەرنىڭ بىلەكلىرىگە؟

سېغىندىم مەن سېنى سېغىندىم ئەجەب،
ھەر دەقىق مىڭ يىلدەك بىلىنەر گويا.
تاقەتنى تۈگەتتىم سەن ئۈچۈن خەجلەپ،
سېنىڭسىز تار ئىكەن ماڭا كەڭ دۇنيا.

ئازابلىق بولسىمۇ تەلمۈرۈپ كۈتۈش،
ئۈمىدىم روھىغا بېرىدۇ مەدەت.
ئوتۇڭدا مىڭ يىلچە كۆيۈپ، بىر ئۆچۈش،
مەن ئۈچۈن شەرەپتۇر ئەبەدىلئەبەد.

ئوبۇل ئىمىن (شاۋقۇن)

## شائىر

سۈكۈت باردۇر كۆزلەردە بۇ دەم،
چەكسىز دالا تۇرار خىيالچان.
يەر شارىنىڭ نۇر بوشلۇقىدا
ئۇچۇپ يۈرەر چاقنىغان بىر روھ
گۈزەللىككە تەلپۈنۈپ ھامان.

كۆركەم ۋۇجۇد پەيدا ھەر كۈنى
مۇشۇ يولنىڭ يۈرەك قېتىدا.
ئىسمى نېمە ئاشۇ ئادەمنىڭ،
باركەن ئۇنىڭ قانداق سىرلىرى،
خىيال قىلماس ھېچ كىشى ئەسلا،

بىلەمدۇ ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى،
مەنسۇپ ئۆزى قايسى، دۇنياغا.

گەر سۆزلىسە شۇ ئۇلۇغ ئادەم
ئۇنىڭ كۆكتە تەبەسسۇمىغا
جور بولىدۇ تىنىق يېشىللىق،
جور بولىدۇ قۇشلار كۈلكىسى،
ئۇچۇش ئۈچۈن بېرىپ پەي - قانات.

يېگانە شائىر،
كەلدى يەنە ئاشۇ يول بىلەن،
كېلىۋاتقان ئەسىر قوينىغا.

ئىمىن راشىدىن

## گۇمان

قات - قات بولۇپ ياپراقلىرىڭ
گۈلتاجىنى تۇتتى پىنھان.
شۇ تۇرقۇڭغا مۇشتاق بولۇپ،
بۇلبۇل سايراپ ئۆردى خەندان.

تۈزدى سەندە ھالرەڭ شەپەق
شەرم - ھايا ھەم خىجالەت.
بىر كۈن كېلىپ پورەكلىسەڭ،
ساقلىنارمۇ ئاشۇ ھالەت؟

جاببار ئەمەت

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

1945-يىلى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى كۈرىشىدە ئىككى چوڭ سەپ بويىچە شانلىق غەلىبە قازىنىلىپ، 2-دۇنيا ئۇرۇشىغا خاتىمە بېرىلدى، يەنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو، ئامېرىكا، ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاق گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيەدىن ئىبارەت فاشىزم كۈچلىرى ئۈستىدىن ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە قىلىپ، 5-ئاينىڭ 8-كۈنى ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانىدا گېرمانىيە، 8-ئاينىڭ 15-كۈنى ئاسىيا-تىنچ ئوكيان ئۇرۇش مەيدانىدا ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن سەككىز يىل داۋام قىلغان جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشى، ئالتە يىل داۋام قىلغان دۇنيا خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشى تولۇق غەلىبە قىلىپ، دۇنيا تىنچلىق، دېموكراتىيە دەۋرىگە قەدەم قويدى.

بىز بۇ ئۇلۇغ غەلىبىنىڭ 50 يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئېلىمىز خەلقىنىڭ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، گېرمانىيە، ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى ئۆز زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، باشقا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە دۇنيا تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچقانلىقىنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز. جۈملىدىن ئاشۇ جاپالىق يىللاردا ئەمدىلا شەكىللىنىپ ۋايىغا يېتىشكە باشلىغان يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ، بۇ ئەدەبىياتقا ۋەكىللىك قىلغۇچى پېشىۋالارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزم تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى ياقلاپ، خەلقىمىزنى جاھانگىرلىك ۋە فاشىزمغا قارشى كۈرەشكە قوزغاپ ۋە ئۇيغىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇرۇش يىللىرى ئەدەبىياتى ۋە ئىنقىلابىي ئەدەبىياتى سەھىپىسىگە قوشقان شانلىق تۆھپىسىنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز.

* * *

ئىنسانىيەتكە زور بالايىئاپەت كەلتۈرگەن 1-دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يېڭىدىن ئۆسۈپ يېتىلگەن گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيەدىن ئىبارەت ئۈچ جاھانگىر دۆلەت

دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈشۈۋېلىش غەرىزىدە فاشىزم يولىغا مېڭىپ، 2-دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىدى، جۈملىدىن ياپونىيە جاھانگىرلىكى 1931-يىل 9-ئاينىڭ 18-كۈنى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكىسىنى بېسىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تاجاۋۇزچىلىق قەدىمىنى تېزلىتىپ، جۇڭگو زېمىنىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىشكە باشلىدى. قەدىمى يەتكەنلا يەردە قىرغىنچىلىق ۋە زوراۋانلىق يۈرگۈزۈپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. 1937-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى بېيجىڭغا ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى لوگوچياۋغا ھۇجۇم قىلىپ، «7-ئىيۇل قانلىق ۋەقەسى»نى تۇغدۇردى. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا جۇڭگو قىسىملىرى باتۇرلۇق ۋە پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولىدىكى ئىرادىسىنى ۋە جاسارىتىنى ئىپادىلىدى. ئەنە شۇ كۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغان كۈنى بولۇپ قالدى.

ھايات-ماماتلىق ئالدىدىكى مۇنداق بىر جىددىي پەيتتە، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ياكى تۇرماسلىق — كىمنىڭ ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر ياكى ۋەتەن ساتقۇچ ئىكەنلىكىنى، قايسى پارتىيە-گۇرۇھنىڭ راست ئىنقىلابچى يا يالغان ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشنىڭ سىناق ئۆلچىمى بولۇپ قالغانىدى. دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، خەلقنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ زور ئىشتا، ئالدى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىپ، «ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ھەمكارلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش»نى تەلەپ قىلدى. بۇ چاقىرىق پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېگە بولدى. بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ۋە كومپارتىيە ھەمكارلىقىنى ئاساس قىلغان ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇلۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى جۇڭگو زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، جۇڭگونى مۇقەررەر بولۇش ۋە مۇستەملىكىگە ئايلىنىشتىن قۇتقۇزۇپ قېلىش يولىدىكى كەڭ دائىرىلىك كۆرەش باشلىنىپ كەتتى.

1935-يىلى ئىتالىيە جاھانگىرلىكى ئېفوپىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇرۇش ئوتىنى ئافرىقىغا قاراپ كېڭەيتكەن بولسا، گېرمانىيە، ئىتالىيە 1936-يىلى 3-ئايدا ئىسپانىيىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا قوراللىق ئارىلاشتى. 1937-يىلى 11-ئايدا گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيىدىن ئىبارەت ئۈچ جاھانگىر دۆلەت «بېرلىن-رىم-توكيو» ئوق مەركىزىي دۆلەتلىرى بىرلىشىپ، فاشىزمدىن ئىبارەت تاجاۋۇزچىلىق گۇرۇھىنى قۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار تاجاۋۇزچىلىق قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ، گېرمانىيە 1938-يىلى 2-ئايدا ئاۋستىرىيىنى يۇتۇۋالدى. 9-ئايدا چېخ ۋە سلوۋاكىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، كېيىنكى يىلى 3-ئايدا چېخ ۋە سلوۋاكىيە زېمىنىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى. 1939-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنى گېرمانىيە ئارمىيىسى پولشىغا ھۇجۇم قىلىپ، 2-دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىدى. 1940-يىلى 4-ئايدىن 1941-يىلى 4-ئايغىچە بولغان بىر يىل ۋاقىت ئىچىدە گېرمانىيە ئارمىيىسى «چاقماق

تېزلىكى»دە يۇرۇش قىلىپ، دانىيە، نورۋېگىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، فرانسىيە، يۇگوسلاۋىيە ۋە گرېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى بېسىۋېلىپ، ئۇرۇش ئوتىنى ئەنگلىيىگە قاراپ كېڭەيتتى. كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۈزۈشكەن «ئۆز ئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق» شەرتنامىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، 1941-يىل 6-ئاينىڭ 22-كۈنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىدى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىمۇ جۇڭگونىڭ شىمالى ۋە شەرقىدىكى كۆپ قىسىم رايونلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، 1941-يىلى 12-ئايدا تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنى قوزغاپ، ئۇرۇش ئوتىنى ۋيېتنام، تايلاند، بىرما، مالايا، فىلىپپىن، ھىندونېزىيە، ھىندىستان، يېڭى زېلاندىيە، ئاۋستىرالىيىلەرگە قەدەر كېڭەيتتى. شۇنداق قىلىپ گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە فاشىستلىرى قوزغىغان 2-دۇنيا ئۇرۇشى ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىكى 40 نەچچە دۆلەتكە كېڭىيىپ، يەر شارى خاراكتېرلىك ئۇرۇشقا ئايلاندى. 1942- يىل 1- ئاينىڭ 1-كۈنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو قاتارلىق 26 دۆلەت بىرلىكتە «بىرلەشكەن دۆلەتلەر خىتابنامىسى»نى ئىمزالىدى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ يۇقىرىدىكى تۆت چوڭ دۆلەتنى يادرو قىلغان دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقى شەكىللەندى. بۇ ئىتتىپاق ئىچىدە فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ قىزىق نۇقتىسى جۇڭگو ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىدى. بۇ مەزگىلدە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ياپون فاشىستلىرىغا قارشى كۈرەشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، ھەم مۇنتىزىم ئارمىيە، ھەم پارتىزانلارنى ئىشقا سېلىپ، پىداكارلىق ۋە جاسارەت بىلەن كۈرەش ئېلىپ بارغاچقا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھېسداشلىقىغا ئىگە بولدى.

* * *

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قوتقۇزۇش، فاشىزمنى يوقىتىپ، دۇنيا خەلقىنى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئوخشاشلا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خىتابنامىسىگە قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، شىنجاڭنى جاھانگىرلىككە قارشى مۇستەھكەم ئارقا سەپكە ئايلاندۇردى.

شىنجاڭنىڭ بۇ چاغدىكى ئومۇمىي ۋەزىيىتى مۇنداق ئىدى: 1933-يىلىدىكى «12-ئاپرېل ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي تەختكە چىققان بولسىمۇ، ۋەزىيەت يەنىلا مۇرەككەپ ۋە تۇراقسىز ئىدى، ماجوڭيىڭ بىلەن جاڭ پېييۈەن بىرلىشىپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. قۇمۇلدىن باشلانغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئوت ئۇچقۇنى تۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغىچە تارىلىپ، شىنجاڭنى ئۇرۇش تۇتەكلىرى قاپلىغانىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا شېڭ شىسەي ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، شىنجاڭنى كونترول قىلالمايتتى. شۇڭا ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقە باغلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، كومپارتىيە بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئۆزىگە چېگرىداش بولغان شىنجاڭ رايونىدا سوۋېت

ئىتتىپاقىغا پايدىلىق بولمىغان ھەر قانداق غەيرىي ھاكىمىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى خالىمايتتى. شۇڭا شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللاندۇردى. كېيىن يەنە ھاۋا ئارمىيىسى، تانكا-برونېۋىك قىسىملىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى چوڭ قوشۇننى كىرگۈزۈپ، «تازىلاش ۋە يوقىتىش جېڭى» ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىدى. شېڭ شىسەينىڭ «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش» تىن ئىبارەت «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى يولغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى. 1935 ـ، 1936 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال نامىدا سوۋېت كومپارتىيىسى ئەزالىرىدىن ۋاڭ شۇجىڭ، ۋاڭ باۋچەن، ليۇبىنچۇڭ ۋە ئىنژېنېر-مۇتەخەسسىسلەردىن 30 نەچچە كىشىنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. جۇڭگو كومپارتىيىسىمۇ 1935 ـ يىلىدىن باشلاپ شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، چېن تيەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق 100 نەچچە پارتىيە ئەزاسىنى شىنجاڭدا ئىشلەشكە ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا مەدەنىي-مائارىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى چىقارتىش ئارقىلىق ھەر مىللەت ياشلىرىدىن زور بىر تۈركۈم ئىلغار يېڭى كۈچلەر يېتىشتۈرۈلدى. شۇڭا گەرچە ھاكىمىيەتنىڭ باش كاللىسىدا شېڭ شىسەي بولسىمۇ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى رەھبەرلىك خىزمەتلىرىدە كوممۇنىزمچىلار ۋە يېڭى ئىلغار كۈچلەر مۇھىم سالماقنى تەشكىل قىلاتتى. بۇنداق پايدىلىق ۋەزىيەت ۋە ئىلغار ئېقىمنىڭ تەسىرى ئاستىدا شىنجاڭ رايونى مەملىكىتىمىز بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇستەھكەم ئارقا سېپى بولۇپ قالدى.

شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق خەلقئارا دوستلارنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا بېرىدىغان ھەربىي ۋە ماددىي ياردەملىرى ئىلى-ئۈرۈمچى-شىڭشىڭشا يولى ئارقىلىق ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈلەتتى. يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ ياردىمىدە قۇرۇلغان ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىدە تەربىيىلەنگەن بىر قىسىم ياش كۈچلەر يەنئەنگە ئەۋەتىلىپ، ئايروپىلان ۋە تانكا ھەيدەيدىغان تايانچ كۈچلەردىن بولۇپ قالغانىدى. 1934 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست كۈنى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ نامى «جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە» گە ئۆزگەرتىلدى ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. 1938 ـ يىلى بۇ ئۇيۇشما تەرتىپكە سېلىنىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى خۇاڭ خوچىڭ قاتارلىق كوممۇنىستلار ئۈستىگە ئالدى. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ شۆبىلىرى ھەرقايسى نازارەت، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ، ۋىلايەت، ناھىيە ۋە رايونلارغا قەدەر قۇرۇلۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، فاشىزمغا قارشى تۇرۇش تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ھەممە جايلاردا كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىپ، ئاممىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭى زور دەرىجىدە

ئۇستۈرۈلدى. بۇ ئاساستا «ئىئانە توپلاپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش»، «ئالدىنقى سەپكە ئايروپىلان تەقدىم قىلىش»، «ھەربىي ئات تەقدىم قىلىش» ھەرىكەتلىرى قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەر يىلى توپلانغان ئىئانە ۋە ماددىي بۇيۇملار ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ تۇرۇلدى. مەسىلەن، 1937-يىل 9-ئايدىن 1938-يىل 9-ئايغىچە توپلانغان ئىئانە سوممىسى 2 مىليارد 412 مىليون سەر شىنجاڭ پۇلىغا يېتىپ، ئۇنىڭغا 17 ئايروپىلان سېتىۋېلىنىپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلدى. 1938-يىل 10-ئاينىڭ 22-كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان بىر خەۋەردە: «4 مىليون نوپۇسى بار شىنجاڭ خەلقى ئالدىنقى سەپكە 4 مىليون كىشىلىك قىشلىق جىلىتكە، 5 مىليون قۇر كىيىم-كېچەك ئەۋەتتى» دەپ يېزىلدى. 1943-يىلى توپلانغان ئىئانىگە 144 ئايروپىلان سېتىۋېلىنىپ، ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلگەن بولسا، 1944-يىلى ئالدىنقى سەپكە تەقدىم قىلىنغان ھەربىي ئات 10 مىڭ تۇياقتىن ئېشىپ كەتتى. مۇشۇنداق زور نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى شۇ چاغلاردا شىنجاڭدا قۇرۇلغان ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ، ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئامما ئىچىدە ئېلىپ بارغان تەشۋىقىي پائالىيەتلىرى، كەڭ يازغۇچى، شائىرلارنىڭ قەلەمنى قورال قىلىپ، خەلقنى ئويغىتىش ۋە تەربىيىلەش جەھەتتە ئوينىغان ئىجابىي رولىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

* * *

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ھارپىسىدا ئەمدىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان شىنجاڭ يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى قاتارلىق ئەڭ ئاۋۋال ئويغانغان بىر تۈركۈم ۋەكىللىرى بىلەن شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ دېموكراتىك ئىدىيىسىگە ياندىشىپ، سوۋېت ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تاڭ نۇرىغا ۋە لېنىن يولىغا تەلپۈنۈپ، يورۇقلۇق ئىزدەش ئارقىلىق دېموكراتىك ئەدەبىياتنىڭ باشلانمىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان بولسا، 30-40-يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋە فاشىزمغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت جەڭگىۋار تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىكنى، فېئوداللىزمغا، خوراپاتچىلىققا، كونىلىققا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ بەدىئىي يۈكسەكلىككە ۋە مۇرەككەپلىككە، شەكىل جەھەتتە خىلمۇ خىللىققا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى بىلەن ھەقىقەتەن ئىلغار ئەدەبىيات تۈسىنى ئېلىشقا باشلىغانىدى.

مەلۇمكى، رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولغان ئەدەبىيات-سەنئەت ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، دەۋر روھىنى، خەلقنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى توغرا ۋە راستچىللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئاممىنى ئويغىتىش ۋە تەربىيىلەش رولىنى ئوينىغاندىلا، ئۇ ھەقىقىي ئىنقىلابىيلىققا ۋە خەلقپەرۋەرلىككە ئىگە بولالايدۇ، جۈملىدىن ھەر بىر يازغۇچى، شائىرمۇ ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، خەلق بىلەن قەلبداش، مۇڭداش بولالىغاندىلا، خەلق قەلبىگە ياقىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالايدۇ.

بىز مەسىلىگە مۇشۇ نۇقتىدىن قارايدىغان بولساق، 30_40-يىللار جۇڭگو خەلقىنىڭ بېشىغا ئېغىر بالايىئاپەت كەلگەن، دۆلەت مۇنقەرز بولۇش، خەلق قۇل بولۇش خەۋپىگە، يېزا-قىشلاقلار ۋەيران بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن؛ دۇنيا مىقياسىدىن ئالغاندا، فاشىزىم كۈچلىرى دۇنيادىكى ئىلغار كۈچلەرنى قىرىپ تۈگىتىپ، بىگۇناھ خەلقلەرنى ئۆلتۈرۈپ ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈشۈپ، دۇنيادىكى چوڭ-كىچىك دۆلەتلەرنىڭ بويىنىغا مۇستەملىكىچىلىك بويۇنتۇرۇقىنى سالماقچى بولغان ئېغىر يىللار ئىدى. شۇڭا تاجاۋۇزچىلارنى ۋە فاشىزىم كۈچلىرىنى يوقىتىش پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، ئورتاق ۋەزىپىسى ئىدى.

يولداش ماۋزېدۇڭ «فاشىزىمغا قارشى خەلقئارا بىرلىكسەپ توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە: «ھازىر كوممۇنىستلارنىڭ پۈتۈن دۇنيا بويىچە ۋەزىپىسى ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، خەلقئارا بىرلىكسەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، فاشىزىمغا قارشى تۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىشتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوغداش، جۇڭگونى قوغداش، بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى ۋە مۇستەقىللىقىنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتكەن بولسا، «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»تا: «بۈگۈنكى ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك توپ مەسىلە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش» دەپ كۆرسەتكەنىدى. 30_40-يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ دەل مۇشۇ نىشاننى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، فاشىزىمغا قارشى تۇرۇشنى ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار تېمىسى قىلدى. شۇ ۋاقىتتىكى ئەدەبىيات قوشۇنىمىزنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى، پۈتۈن دۇنيا خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قەلىمىنى قورال قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا ۋە فاشىزىم كۈچلىرىگە قارشى ئوت ئاچتى، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ «قىرىپ تۈگىتىش، ئوت قويۇپ تۈگىتىش، بۇلاپ تۈگىتىش»تىن ئىبارەت جىنايى قىلمىشلىرىنى، ناتسىستلارنىڭ ئۆزىنى مۇقەددەس ئىرق ھېسابلاپ، باشقا مىللەتلەرنى پەس كۆرۈپ، دۇنياغا ئۆز مىللىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتماقچى بولغان ياۋۇز نىيىتىنى پاش قىلدى. ۋەتەن خائىنلىرى ۋە ساتقىنلارنىڭ تەسلىمچىلىك، سۇلھپەرەسلىك قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى؛ دۇنيا خەلقىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان جۇڭگو خەلقى، قېرىنداش سوۋېت خەلقى ۋە باشقا ئىلغار كۈچلەرنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرىنى، ئارقا سەپتە جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىۋاتقان پۇقرالارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى مەدھىيىلىدى. بۇ ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش، ئالدىنقى سەپكە ئايروپىلان، ئات تەقدىم قىلىش ھەرىكىتىنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇردى. شۇڭا 30_40-يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى يوقىتىپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، فاشىزمنى يوقىتىپ، دۇنياغا تىنچلىق ئورنىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىشنى ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار تېمىسى قىلالىغانلىقى بۇ ئەدەبىياتنىڭ توغرا نىشان ۋە ئىلغار يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز.

* * *

بىز ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلىنغان «شىنجاڭ گېزىتى»، جاھانگىرلىككە قارشى ئويۇشمىنىڭ نەشىر ئەپكارى بولغان «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» ژۇرنىلى، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ «يېڭى نۇر» ژۇرنىلى ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ شۆبىسى ئاتالغان ئىلى گېزىتى، تارباغاتاي گېزىتى، ئاقسۇ گېزىتى، قەشقەر گېزىتى ۋە خوتەن گېزىتىنىڭ 1946-يىلدىن ئاۋۋالقى سانلىرىنى ئاقتۇرۇپ كۆرسەك، يازغان ئەسەرلىرى بىر قەدەر كۆپرەك بولغان مەرۇپ سەئىدى، زۇنۇن قادىرى، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەھمەد زىيائى، ئارمىيە داموللا (نىمشېھىت)، لۇتپۇللا مۇتەللىپ (قاينام ئۆركىشى)، ئابدۇرېھىم تىلەشۇۋ (ئۆتكۈر)، ئابدۇرېھىم ئەيسا (دەردمەن)، ئەنۋەر ناسىرى، ياسىن خۇدابەردى، نۇرمۇھەممەت بوساقوۋ، داۋۇت تورەخمەتوۋ، ئابلىمىت مەخسۇدوۋ، ئىمىن تۇرسۇن (دەۋرانى)، ئىبراھىم قۇربان، ئەمەت غوپۇرى، خېلىل ساتتاروۋ، تۇرسۇن ۋاھىدى (قىزىق)، ئابلىز نازىرى، ئابدۇكېرىم ساغادەتوۋ، قۇربان ئىمىن، ئابدۇساتتار مۇخپۇل (بۇلبۇل)، خۇدابەردى سېلىم ۋە ئۆز ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلغان ئۆزبېك يازغۇچى، شائىرلىرىدىن شۇكۇر يالقىن، بىلال ئەزىزى، نۇرمۇھەممەت ئېركى قاتارلىق پېشقەدەملىرىمىزنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋە فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا يازغان سەھنە ئەسەرلىرى، ھېكايە، فېلىيەتون، داستان، شېئىر، ناخشا تېكىستى، ئوبزور، ئىلمىي ماقالە قاتارلىق ئەسەرلىرىنى؛ ئەدەبىي تەرجىمانلىرىمىزدىن ئۇيغۇر سايرانى، خېمىت ھەكىمى، ئابدۇباقى ئابباسوۋ، ھاجى ياقۇپلارنىڭ خەنزۇ ۋە رۇس تىللىرىدىن تەرجىمە قىلغان ئەدەبىي ئاخبارات، ئوچېرك، ماقالە، ئوبزورلىرىنى ئۇچرىتىمىز. شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، شۇ چاغدا ئەدەبىياتقا قەدەم قويغان يازغۇچى، شائىرلار ۋە ھەۋەسكارلار ئىچىدە مۇشۇ جەڭگىۋار تېمىدا ئەسەر يازمىغان بىرەر كىشىمۇ يوق دېيەرلىك.

بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېخى ياشلىق، ئۇسۇپ يېتىلىش دەۋرىدە تۇرغاچقا، يېزىلغان ئەسەرلەر كالبىندارچىلىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش، شوئارىبازلىق خاھىشلىرىدىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇن جەھەتتە ۋەتەنگە، خەلققە، مىللەتكە، ئىنسانىيەتكە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت، جاھانگىرلىك ۋە فاشىزم زوراۋانلىقىغا بولغان كۈچلۈك غەزەپ، خۇراپاتلىق ۋە نادانلىققا بولغان ئۆتكۈر نەپرەت، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان جەڭگىۋار روھقا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى، لىرىك ھېسسىيات ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر يولىنى بويلاپ ماڭغانلىقى، تىلىنىڭ راۋان ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى، شەكىل جەھەتتە ئارۇز ۋەزنى، بارماق ۋەزنى ۋە چاچما شېئىردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ تەڭ راۋاجلىنىشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

* * *

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى ئۇيغۇر

ئەدەبىياتى ئۈستىدە توختالغاندا، سۆزنى ئالدى بىلەن تارقىلىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ، تەشۋىقات رولى بىر قەدەر چوڭ بولغان سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ چاغدا شىنجاڭ سەھنىلىرىدە ئازاد رايونلاردىن كەلگەن مەشھۇر يازغۇچى ۋە دراماتورگلاردىن ماۋدۇن (شېڭ يەنبىڭ)، جاۋدەن قاتارلىقلار يازغان «كۈرەش»، «18-سېنتەبىر پاجىئەسى»، «نەننىڭ ھارپىسىدا»، «يېڭى شىنجاڭ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى خەنزۇ تىلىدا ئوينالغاندىن تاشقىرى، بۇ ئەسەرلەر خەمىت ھەكىمى، ھاجى ياقۇپ قاتارلىق ئەدەبىي تەرجىمانلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر سانائى نەفىسەلىرىدە (سەنئەت ئۆمەكلىرىدە) ئۇيغۇر تىلىدا ئوينالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىمۇ بەس-بەس بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىپ، كەڭ سەھنىلەرنى ئىگىلىگەن ئىدى. بولۇپمۇ شۇ چاغدىكى دراما ئىجادىيىتىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى ئاساسىي تېما قىلغان سەھنە ئەسەرلىرى خېلى كۆپ ئىدى. بۇ جەھەتتە مىسال تەرىقىسىدە شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىكى تىياتىر سەھنىلىرىدە ئوينىلىپ، ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن ئەسەرلەردىن شائىر ۋە دراماتورگ شۈكۈر يالقىننىڭ «شاڭخەي كېچىسى»، «ئاخىرقى ئوق»، «شانلىق غەلىبە» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى، ئەھمەد زىيائى يازغان «ۋاڭجىڭۋېي»، «قارا كۈنلەر، نۇرلۇق ھايات»نى، شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئوپېرا شەكلىدە يازغان مۇزىكىلىق ئەسىرى- «كۈرەش قىزى»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»نى، مويدىن خوجىنىڭ «پارتىزان قىزى» ۋە قۇربان ئىمىننىڭ «توكيونىڭ تەقدىرى» ناملىق درامىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، ھەرقايسى ئىلغار پارتىيە، گۇرۇھلار، جۈملىدىن گومىنداڭ پارتىيىسى ئىچىدىكى سول قاناتلار پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش، تاجاۋۇزچىلارنى جۇڭگودىن تولۇق قوغلاپ چىقارمىغىچە توختىماسلىق مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، «ئۆلسەكمۇ تىز پۈكمەيمىز» شوئارى ئاستىدا باتۇرلارچە كۈرەش قىلدى. لېكىن يەنە بىر قىسىم ئىرادىسىز كىشىلەر چىش-تىرنىقىغىچە قوراللانغان، ۋەھشىيلىكتە ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ياپون ئالۋاستىلىرى ئالدىدا لاغىلداپ تىترەپ، ئۇلارغا سېتىلىپ، ۋەتەن خائىنلىرىغا ئايلاندى. بەزىلىرى قانداقتۇر «تەسلىم بولۇش»، «سۈلھى قىلىش» سەپسەتىسىنى بازارغا سېلىپ، جاھانگىرلارغا تىز پۈكمەكچى بولدى. شۈكۈر يالقىننىڭ «شاڭخەي كېچىسى» درامىسىدا بىر ئائىلىدە ئۆسكەن ئۈچ كىشىدىن چوڭ ئاكىسى ياپونلارغا سېتىلىپ، خائىنلىق يولىغا ماڭىدۇ. ئۇنىڭ ئۇكىسى جىڭ گوپىڭ بىلەن سىڭلىسى جىڭ گۈلەن كۈرەش يولىغا مېڭىپ، ياپون ئالۋاستىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىدۇ. دراما ۋەقەلىكى ئاكىسىنىڭ ياپون گېنېرالى ۋىناكوئانى ئۆز ئۆيىگە زىياپەتكە چاقىرىش بىلەن باشلىنىپ، ئاكا-سىڭىل جىڭ گوپىڭ بىلەن جىڭ گۈلەننىڭ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەم خائىن ئاكىسىنى، ھەم ياپون گېنېرالىنى

ئۆلتۈرگەنلىكى بىلەن ئاياغلاشىدۇ. ۋەتەن مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، خائىن ئاكىسىغا قىلچە رەھىم قىلماسلىقتەك مۇنداق قەتئىي روھ تاماشىبىنلارنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ ۋە ئۇلارغا «دوستلارغا چەكسىز مېھرىبان بولۇش، دۈشمەنگە شەپقەتسىز بولۇش، ۋەتەن خائىنلىرىغا رەھىم قىلماسلىق»تەك جەڭگىۋار روھ بېغىشلايدۇ. ئەھمەد زىيائىنىڭ «ۋاڭ جىڭۋېي» درامىسىدا ياپون جاھانگىرلىكىگە سېتىلىپ، قورچاق «مانجۇ ھۆكۈمىتى»نى قۇرغان ۋە دۈشمەنگە قول-چوماق بولۇپ، جۇڭگو خەلقىنى قىرىپ-چاپقان ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق ئەپتى- بەشىرىسى ئېچىپ تاشلىنىدۇ.

كىرىپىك قاقماي ناخشا ئېيتىپ ئۇزۇن تۈنلەردە،
مەن قەھرىمان جەڭچىلەرگە تىكىمەن كىيىم.
ئۇ جەڭگىۋار باتۇرلارنى يادىمغا ئالسام،
كۆتۈرۈلەر ۋۇجۇدۇمدىن ھارغىنلىق سېزىم.

ل. مۇتەللىپنىڭ مانا مۇشۇ مۇزىكىلىق ناخشا بىلەن باشلىنىدىغان «كۆرەش قىزى» ئوپېراسىدا ئاددىي دېھقان قىزى يولەننىڭ ئاۋۋال ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرگە كىيىم-كېچەك تىكىپ ئەۋەتكەنلىكى، دۈشمەنلەر بۇ ئىشنى سېزىپ قېلىپ تۇتماقچى بولغاندا پارتىزانلار بازىسىغا قېچىپ بېرىپ، ئايال پارتىزانلار ئەترىتى قۇرغانلىقى، كېيىن ياۋۇز دۈشمەن ئوفىتسېرىنى «ھاراق زىياپىتى» بىلەن ئالداپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قورالىنى تارتىۋېلىپ، مۇھاپىزەتچىلەرنى بىر-بىرلەپ ئۆلتۈرگەنلىكى، ئاخىرىدا مۇنتىزىم قوشۇنلار بىلەن ئايال پارتىزانلار ئەترىتى بىرلىشىپ، دۈشمەننىڭ بىر ئۇرۇش مەيدانىنى تىرە-پىرەڭ قىلىۋەتكەنلىكى قاتارلىق ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق پارتىزان قىز يولەننىڭ باتۇرلۇق ئوبرازى يارىتىلىدۇ. دۈشمەن ئوفىتسېرىنىڭ «يولەننى تېپىپ بەر» دەپ قىيناپ ئۇنىڭ ئانىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكى، يەتتە ياشلىق سىڭلىسىنى قىيناپ، چېتىنى يىرىپ ئۆلتۈرگەنلىكى، دادىسىنىڭ بىر كۆزىنى ئويۇۋالغانلىقى قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ ۋەھشىيلىكى ئېچىپ بېرىلىدۇ. بۇ ئوپېرانى كۆرگەن ھەر بىر كىشىدە ئىنقىلابىي قوشۇنغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت، دۈشمەنگە بولغان كۈچلۈك نەپرەت تۇيغۇسى قوزغالماي قالمايدۇ.

«بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»تا مەلۇم قىسىمنىڭ ئالاقىچىسى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغاندا، قىيىن-قىستاقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، مەخپىي ئالاقە خەتنى ساقلاپ قالغانلىقى، كېيىن دۈشمەن تۈرمىسىدىن قېچىپ پارتىزانلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى شەرەپ بىلەن ئورۇندىغانلىقى قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ئەقىللىق، جاسارەتلىك بىر جەڭچىنىڭ ئوبرازى يارىتىلىدۇ. ئوپېرانىڭ مۇزىكا ۋە ناخشىلىرى «12 مۇقام» ئاھاڭلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەچكە، ئەسەرنىڭ جەزبىدارلىقىنى ئاشۇرغان. ئەسەر سوئال- جاۋاب شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل قىياپىتى، ۋەتەنپەرۋەر جەڭچىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئېچىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن:

پارتىزان بوۋاي:

ئۇ نېمىدۇر دۈگىلەك گۈل- غۇنچىغا ئوخشىغان؟
ئۇ نېمىدۇر كۈمۈش، ئالتۇندەك پارقىرىغان؟
ئۇ نېمىدۇر ھېسابسىز مىليونلىغان؟
سادىق جەڭچى بولساڭ، ماڭا جاۋاب بەر.

جەڭچى:

ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنى گۈل-غۇنچىغا ئوخشىغان،
كۈمۈش دەريالىرى، ئالتۇن تاغلىرى پارقىرىغان،
تۆت يۈز ئەللىك مىليون ئەل ئۈستىدە مىليونلىغان،
پارتىزان بوۋاي بولسىڭىز جاۋابىم شۇدۇر.

«ئابۇچەشمە» ئاھاڭىغا سېلىنغان بۇ ناخشا خەلققە مۇنداق بىر ھەقىقەتنى يەنى پەقەت قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، قولغا قورال ئېلىپ، باتۇرلارچە جەڭ قىلغاندىلا ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن، خەلقنى قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ، دېگەن داۋلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

پارتىزان بوۋاي:

ئۇ نېمىدۇر دۈشمەنگە قۇل بولماسلىقنىڭ ئاساسى؟
ئۇ قانداق چارىدۇر ئازادلىقنىڭ ئاساسى؟
ئۇ قانداق ئۇسۇلدۇر شاد-خۇراملىقنىڭ ئاساسى؟
سادىق جەڭچى بولساڭ ماڭا جاۋاب بەر.

جەڭچى:

ئازادلىق ئۇرۇشتۇر ئازادلىقنىڭ ئاساسى،
غەيرەت بىلەن چېلىشتۇر ئازادلىقنىڭ ئاساسى،
بىر ياقىدىن باش چىقىرىشتۇر زور شادلىقنىڭ ئاساسى،
پارتىزان بوۋاي بولسىڭىز جاۋابىم شۇدۇر.

قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، شۇ يىللاردىكى سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، سەھنە ئەسەرلىرىدە رول ئېلىشتا داڭق چىقارغان بىر تۈركۈم تالانت ئىگىلىرىمۇ يېتىشىپ چىقتى. قاسىمجان قەمبىرى، قەمبەر خانىم، ئابدۇۋەلى جارۇللايېۋ، سىراجىدىن زەپەر، ئەمەت ئۆمەر، مەمتىمىن نورۇز، يولۋاسخان، ئابلىز ئاقچى، ئابدۇگۈل، ئابدۇكېرىم رازى، يۈسۈپ زىيا قاتارلىق پېشقەدەملەر ئەنە شۇ چاغدىكى ياش ئارتىسلار ئىدى.

* * *

30ـ40ـ يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت ژانىرى ھەم كەڭ كۆلەمدە، ھەم تېز سۈرئەتتە راۋاجلانغان بىر ساھە ئىدى. مۇشۇ چاغدا گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرلار ئىچىدە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش، فاشىزمغا قارشى تۇرۇپ، دۇنيانى ئۇرۇش ئاپىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش تېمىسىدا يېزىلغان

شېئىرلار چوڭ سالماقنى تەشكىل قىلاتتى. بىز يېڭى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ھەقىقىي ئاساسچىلىرىدىن بولغان ئەھمەد زىيائى، نىمشېھىت، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈردىن ئىبارەت پېشىۋالارنىڭ ئىجادىيىتىدىنلا ئەمەس، بەلكى شۇ چاغدا قولىغا قەلەم ئالغان ھەر بىر شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدىنمۇ يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان جەڭگىۋار تېمىدا يېزىلغان شېئىرلارنى ئۇچراتماي قالمايمىز.

بىز 40-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بارلىققا كەلگەن بەش چوڭ داستاننىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قوغداش تېمىسىدا يېزىلغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ بەش داستان 1942-يىلى شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «مۇھەببەت ۋە نەپرەت» داستانى؛ شۇ يىلى دېكابىردا شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» ناملىق لىرىك داستانى، 1943-يىلى شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ئەھمەد زىيائىنىڭ «كۆك ئاسمان، ئاق كۈن مېدالى» ناملىق داستانى (كېيىن بۇ داستاننىڭ نامى «پىداكارلىق مېدالى»غا ئۆزگەرتىلگەن)، ياپونغا قارشى ئۇرۇش يىللىرىدا يېزىلغان بولسىمۇ، 1947-يىلى ئۈچ ۋىلايەت مەتبۇئاتىدا ئېلان قىلىنغان ئابلىمىز نازىرىنىڭ «شانلىق قۇربان» داستانى، قۇربان ئىمىننىڭ «قىرىلىش ۋە تىرىلىش» داستانىدىن ئىبارەت. بۇ داستانلار شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ داستانچىلىق ساھەسىدىكى تۇنجى مېۋىلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئارقا سەپتىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى قەھرىمان-باتۇرلارنىڭ پىداكارلىق روھىغا ئوقۇغان قەسىدىسى، مەدھىيىسى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋە فاشىزمغا قارشى ھەققانىي كۈرەشنى قوللاشنىڭ ياڭراق ساداسى ئىدى.

چاچما شېئىر شەكلىدە يېزىلغان «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا»نىڭ پرولوگ (كىرىش) قىسمى مۇنداق باشلىنىدۇ:

كۆز ئاخشىمى،
ھاۋا بەك سۈزۈك،
خۇددى شىشىدەك.
قېدىرسامۇ كۆك يۈزىنى
تاپالمىدىم زادى
دانچە بۇلۇتنىڭ ئەسىرىنى،
كۆك دېڭىزنىڭ تىنچ قوينىدا
كۈمۈش ئاي شوخ ئۈزىدۇ.
خۇددى مېنى قۇتلىغاندەك
نازلىقىنە كۈلۈپ باقىدۇ،
كەتكۈسى كەلمەي ياتىقىغا.
شادلىنىدۇ، نۇر سېپىدۇ،
ئاسمان چىراغلىرى پىلىلدايدۇ.

چىمىر-چىمىر ۋىلىلدايدۇ.

بەدىئىي تەسەۋۋۇرغا باي بۇ مىسرالار بىزگە ئۇرۇشتىن ئاۋۋالقى خاتىرجەملىكنى ئەسلىتىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل قىياپىتىنى جانلاندۇرۇپ بېرىدۇ. داستاننىڭ باش قىسمىدا بەش مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىلىرى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ھازىر بۇ ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ مۇنقەرز بولۇش خەۋپىگە، خەلقنىڭ قۇل بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلىكى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زوراۋانلىقى ئىپادە قىلىنىپ، خەلق «ئالدىنقىلار يىقىلسا، كېيىنكىلەر ئىز بېسىپ كۈرەش قىلىش» قا چاقىرىلدى. داستاننىڭ ئېپىلوگ (خاتىمە) قىسمىدا كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ ساداسى ياڭرايدۇ.

چېلىش دەۋرىنىڭ گاڭ قانىتىغا
باغلاپ يېڭى دەۋر ئىقبالىنى،
كۆنلەرگە،
سېكۇنت - مىنۇتلارغا
بېغىشلاپ چېلىش تويلىرىنى،
چوغ ئىقبىلىق چېلىش دەرياسىدا
كېتىپ بارىمىز
يېڭى جۇڭگو شاد ئىستىقبالىغا!

شائىر بۇ داستاندا ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، ماجاز، ئىستىئارە قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن كەڭ پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

شائىر لۇتپۇللا مۇتەلىپنىڭ «مۇھەببەت ۋە نەپرەت» داستانىنىڭ سيۇژىتى مۇنداق: جاڭ بوۋاي دۈشمەن ھۇجۇمى ئاستىدا خارابىلىققا ئايلانغان يېزىسىنى تاشلاپ، پارتىزانلار بازىسىغا كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلىپ، كۆزلىرى مەيۇس، چىرايى ئۆڭگەن، مىلتىقىنىڭ ستۋولى يەرگە قارىغان، جانسىز قوللىرى پەسكە ساڭگىلىغان ھالدا ئوغلى كىرىپ كېلىدۇ. ئوغلىنىڭ ئەلپازىغا بىر قاراپلا ئەھۋالىنى چۈشەنگەن بوۋاي: «دۈشمەن خەلقىڭگە زۇلۇم قىلىۋاتسا، پارتىزانلار قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتسا، سەن نېمىشقا فرونتنى تاشلاپ قايتىپ كەلدىڭ؟» دەيدۇ. جەڭچى يىگىت نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ. كۆرەشتىن زېرىكىپ كەلدىم دېسۇنمۇ؟ سىلەرنى سېغىندىم، نىگارىم يولەننىڭ ئىشقى ئارام بەرمىدى دېسۇنمۇ؟ يىگىت ئاخىرى: «سىلەرنى سېغىنىپ كەلدىم، سىلەر بىلەن بىللە ئۆلەي دەپ كەلدىم» دەيدۇ. غەزەپلەنگەن بوۋاي: «كەچتىم سېنىڭدەك جەڭدىن قاچقان ئوغلۇمدىن!» دەپ، مومايىنى ئېلىپ تاغقا قاراپ ماڭىدۇ. يىگىت بىر مۇنچە ئىززەتلەردىن كېيىن سۆيگەن يارى يولەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. يىگىت قىز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ قول ئۇزىتىدۇ. بىراق قىز يىگىتنىڭ ئەلپازىغا قاراپ، ئارقىسىغا داجىپ: «سەن ئەسكەر ئىدىڭغۇ، نېمە ئۈچۈن ئۇشتۇمتۇت قايتىپ كەلدىڭ؟ قېنى سېنىڭ كۈرەشتە باتۇر بولغىنىڭ؟

قېنى سېنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدەڭ؟!» دەپ، ئۇمۇ پارتىزانلار بازىسىغا قاراپ كېتىدۇ. مۇنداق غەزەپ ۋە نەپرەتتىن چوڭقۇر ئويغا پاتقان يىگىت ئالدىنقى سەپتىن ۋاقىتسىز قايتىپ كەلگەن خاتالىقىنى تونۇپ قىسمىغا قايتىدۇ، ئۇ بەنجاڭ ئالدىدا ئۆزىنى تەكشۈرىدۇ. شۇ كۈنى باشلانغان جەڭدە يىگىت ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، كىرەلەشمە جەڭدە بىر قانچە دۈشمەننى يەر چىشلىتىدۇ. قاچقان دۈشمەننى قوغلاپ قاياققىدۇر كېتىپ قالىدۇ. قىز ئۇنىڭ جەڭدە كۆرسەتكەن باتۇرلۇقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە ئۇ قىسمىدا يوق ئىدى، قىز يىگىتنى ئىزدەپ تەرەپ-تەرەپكە چاپىدۇ، ئاخىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى دەريا بويىدا ئۇچرىتىدۇ، ئۇ، يىگىت ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، يامغۇردەك ياش تۆكىدۇ. ئۇنىڭ يۈزىگە قىزىل بايراقنى يېپىۋېتىپ: «ۋەتەن ۋە ئانا يۇرتۇڭ، قەدىردان ئاتا-ئاناڭ سەندىن رازى!» دەيدۇ. داستان مۇنۇ مىسرالار بىلەن ئاياغلىشىدۇ:

تاڭنىڭ شولىسى ئەنە يىراقتا،
كۆرەش بىلەن سەن چامدا شۇ ياققا!

شائىر قۇربان ئىمىننىڭ «قىرىلىش ۋە تىرىلىش» داستانىدا ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ جۇڭگو زېمىنىدا ئېلىپ بارغان دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقى مۇنداق پاش قىلىنىدۇ:

سانجىدىلەر نەيزىنى، يەنچىدىلەر تاش بىلەن،
ئايرىپ مۇشىپىق ئانىدىن نارەسىدە بالىنى.
چۆلدە قالدى جەسىتى، ھۇقۇشلارغا بولدى يەم،
كالىلاردىن ياسىدى قۇرۇق خۇنخور تاغىنى. . .
كۆزى ئويۇپ تاشلانغان، ئەۋرەتلىرى كېسىلگەن،
سۇ ئورنىغا ئىچتى ياۋ ئادىمىيەت قانىنى.
شاڭخەي، نەنجىڭ كوچىسى ئېغىللارغا ئايلانغان،
دارىلفۇنۇن نەدىمىش، قۇرغاچ زۇلۇم دامىنى،
كۆمدى تىرىك تۇرغۇزۇپ قولغا چۈشكەن ئادەمنى،
كىيگەن بولسا جۇڭخەنپۇ ياردى ئۇنىڭ قارنىنى.

بىز 1946-يىلىدىن ئىلگىرىكى گېزىت-ژۇرنال سەھىپىلىرىنى ئاختۇرۇپ كۆرسەك، يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان پېشقەدەملەرنىڭ جاھانگىرلىك ۋە فاشىزم ئۇرۇشىغا قارشى تېمىدا يازغان شېئىرلىرىنى ناھايىتى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بولۇپمۇ بۇ تېمىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يازغان شېئىرلىرى ھەممىدىن كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە «بىز شىنجاڭ ئوغۇل- قىزلىرى»، «جۇڭگو پارتىزانلىرى»، «كۆرەش»، «جۇڭگو»، «چوڭ كۆرەش قوينىدا»، «كۆرەش ئىلھامى»، «كۆرەش سېپىدىن شەپە»، «كۆرۈشىۋاتىمىز»، «كۆرەش دولقۇنلىرى»، «قىزىلگۈلگە پۈركەنگىچە يەر-جاھان»، «ئازادلىق تويى»، «باتۇرىيىللار»، «ماي ناخشىسى»، «چوڭ قەھرىمان ئويغاندى»، «يەنە ئويغان»، «ماي-كۆرەشچان ئاي»، «تۈن يېرىپ ئىزلار باسقاندا» قاتارلىق شېئىرلار ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. «تۈن يېرىپ ئىزلار باسقاندا» شېئىرىدىكى:

يەرگە سىڭمەس قانلىق ياشلار،
يەرگە سىڭمەس يالىلدار.
قانلىق ياشلار، قىزىل قانلار
خۇددى كۈندەك پالىلدار.

دېگەن مىسرا ۋە كۈپلېتلار مەزمۇن بىلەن بەدىئىيلىك زىچ بىرلىشىشتەك مۇكەممەللىكى بىلەن بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1942-يىلى سېنتەبىردە يازغان «دولقۇنلۇق هايات» ماۋزۇلۇق شېئىرىدا سوۋېت ئارمىيىسى ستالىنگراد ئۇرۇشىدا نېمىس قوشۇنلىرىنى چېكىندۇرۇپ، قايتارما هۇجۇمغا يۈزلەنگەنلىكىدىن سۆيۈنگەن هالدا دۆلىتىمىزدە ئازادلىق تېگى ئېتىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

پەرەنجە تاشلاپ تۈن قاچقاندا،
هەر باغ، هەر تاغدا تاڭ ئاتار.
قىزىرىپ ئاتقان تاڭ،
يەر يۈزىنى يورۇتار.

كلاسسىك شېئىرىيەتتىكى ئاروز ۋەزنى بىلەن يېڭى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بارماق ۋەزنىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى شەكىل يارىتىشتا داڭق چىقارغان ئارمىيە داموللا (نىمشېھىت) «بۇيۇك جوڭگو» ناملىق شېئىرىدا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ئويناقلىشىپ يايراپ يۈرگەن تاغلىرىدا كېيىكلىرىڭ،
سېنى كۈيلەپ سايراپ تۇرغان چىمەنلىكتە بۇلبۇللىرىڭ،
ئازاد-ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەن سۇدا ئالتۇن بېلىقلىرىڭ،
مىليون سىرلار يوشۇرۇنغان قاتلام-قاتلام جايلىرىڭ بار.

شائىر ئەنە شۇنداق گۈزەل ماكانىنىڭ ئالۋاستىلارنىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئاستىدا خانىۋەيران بولۇۋاتقانلىقىغا هەسرەت چېكىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولىدىكى كۈرەش ئىرادىسىنى مۇنۇ مىسرالارغا يىغىنچاقلايدۇ:

دەرهال كۈرەش باشلىدۇق بىز دۈشمىنىڭگە قارشى تۇرۇپ،
ئازادلىق دەپ پۈتۈن خەلقنى بىرنىيەتكە ئۇيۇشتۇرۇپ،
ئالدىنقى سەپ، ئارقا سەپتە گاڭ پولاتتىن قورغان قۇرۇپ،
دۈشمىنىڭنى گۇم قىلىشقا قەتئىي كۈرەش ۋەدىمىز بار.

شائىر ئەنۋەر ناسىرىنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن شېئىرلىرى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ 1938-يىلى يازغان «كونا چېقىش شاملى»، ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرگە يازغان «خەت» ناملىق شېئىرى ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ قىرىپ-چېپىپ، بۇلاپ-تالاشتەك ۋەھشىي قىلمىشلىرىنىڭ جانلىق پاكىتى هېسابلىنىدۇ. ئۇ جەڭچىلەرگە يازغان «خەت» ناملىق شېئىرىدا:

بىزدە ھازىرقى ئىش:
شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش،
دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش،
ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇش.
بارچە ئىشلار ئىككىنچى،
دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش بىرىنچى.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەزىپە ھېسابلايدۇ.

شائىر ئەمەت غوپۇرى (يادىكار) بىز بىلەن 23 يىللا بىللە ياشاپ، 1941-يىلدىن 1944-يىلغىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ 1941-1942-يىللىرى يازغان «يانمايمىز»، «كۈرەش سۈبھىسى»، «غەلىبە بەختىمىز» قاتارلىق شېئىرلىرى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋە فاشىزمغا قارشى تېمىدا يېزىلغان شېئىرلار ئىچىدە ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىك زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ئۈلگە سۈپىتىدە كىشىلەرنى فاشىزم جالالتلىرىغا قارشى كۈرەشكە چاقىرغان. ئۇ «يانمايمىز» شېئىرىدا تارىخ نامىدىن خىتاب قىلىپ:

قان ئىچەر، ئالجىغان فاشىزم ۋەھشىي
سەن ئۈچۈن مەزلۇم ئەل مەڭگۈ قۇل ئەمەس.
كېپەن تىك يوقسۇللار،
قىل ئۇنى باغشى،
كۆم لەنەت گۆرىگە، بەرمە بىر نەپەس!

دېسە، «كۈرەش سۈبھىسى» شېئىرىدا:

ئۆتۈلمىش يوللاردا تارىخىي كارۋان
چىللىدى مەزلۇمنى بۇ چوڭ چېلىشقا
بەردى كۆپ قۇربانلار،
ئاچتى كۆپ داۋان،
پەيت كەلدى مەھكۇملار ھۆرلۈك ئېلىشقا.

دەپ پرولېتارىيات ئىنقىلابىي بىلەن فاشىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ تەقدىرىنى بىر-بىرىگە باغلاپ، قەھرىمان جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشتە غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

ۋەتەنىنىڭ شەرىپى، نومۇسى ئۈچۈن،
تۆكۈلگەن قانلاردىن ئۈنۈپ گۈل- چېچەك؛
ھەم چېچىپ دۇنيانى قاپلىدى پۈتۈن،
قۇياشتىن يۇرۇقراق بىزنىڭ كېلەچەك.
بۈگۈن بىز فاشىزم تەختى-بەختىنى

گۈمران قىپ، كولىدۇق چوڭقۇر گۆرىنى.
قۇياشتىن نۇر ئېلىپ قىزاردى ئۇپۇق،
قۇچىمىز بەختىيار شۇ تاڭ نۇرىنى.

ئۇ «غەلىبە بەختىمىز» شېئىرىدا «يېڭىشتىن تۇغۇلار بەختىمىز بىزنىڭ، كۈرەشتۇر ئانتىمىز، قۇل بولۇش ئۇيات» دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ۋەتەن خەلقىنىڭ دۈشمەنگە قارشى ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن.

شائىر نۇر مۇھەممەد بوساقوۋمۇ «يات يوقىلىدۇ پات»، «بۇ نېمە دولقۇن؟»، «ئاتىلان كۈرەشكە»، «ئەسىرلەر قوينىدا تاۋلاندۇق»، «ئالغا باس» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى فاشىزمغا قارشى كۈرەشكە ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە چاقىرىدۇ:

ئادەمخور گىتلېر، قولىدا ئەنە،
گېبلىس «ئەللىيى»
جۆيلۈپ گوڭرايدۇ.
ھەقىقەتنى بوياپ ئۇنىڭ نىجىس تىلى،
خەلقنى ئالدايدۇ.
بار كۈچى بىلەن چىڭقىلىپ-كۆچەپ،
مەدەنىيەت چارقىنى ئارتقا بۇرايدۇ.
ھەتتا ئۇ پۈتۈن دۇنيانى
ئۆزىنىڭ قىلىشنى خالايدۇ.
ئۇنىڭ باسقان ئىزىدىن
يىرگىنىشلىك ئۆلۈم-مۇردا پۇرايدۇ.
. . . . . . . . .
فاشىزم ئۇرۇش،
ئىنسانىيەت تارىخىغا يات.
شۇڭلاشقا تىغ كۆتۈرگەن ئۇ مەلئۇنلار
بىزلەرگە يات! دۇنياغا يات!
زەربە بىلەن يوقىلىدۇ پات!
(«يات يوقىلىدۇ پات» شېئىرىدىن)

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش يىللىرىدا مەملىكەت بويىچە كەڭ تارقالغان بىر قىسىم ئىنقىلابىي ناخشىلار ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۆز مۇزىكىسى بويىچە ئومۇملاشقانىدى. بۇ جەھەتتە خېلىد ھەكىمى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «پارتىزانلار ناخشىسى» (ھازىرقى دۆلەت شېئىرى)، ئابدۇباقى ئاباسوۋ تەرجىمە قىلغان «تەيخاڭشەن ناخشىسى»، «ماي قىزىلگۈلى قاپلىدى چۆلنى» قاتارلىق ئىنقىلابىي ناخشىلار تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ياڭراپ، ھەممىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئومۇمىي خورغا ئايلانغانىدى.

ئۇندىن باشقا مىللىي ئاپتورلار يازغان ۋە كومپوزىتورلار ئاھاڭغا سالغان «ئازادلىق كۈرەش باشلىنىش بىلەن» ، «ئۆلۈم يا كۆرۈم دەپ» ، «ئالدىنقى سەپكە بارايلى» ، «بىز يېڭىمىز ھەم يېڭىۋاتىمىز» ، «ئۇلۇغ ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغدايلى» ، «ئالدىنقى سەپتىن ھال سوراڭ» قاتارلىق خور ۋە ناخشىلار ئاما ئىچىدە ئومۇمىيلاشقان ۋە كەڭ تارقالغانىدى. بۇ ناخشىلار ناخشا-ئۇسسۇل سەھنىلىرىدە، تۈرلۈك يىغىنلاردا، تەنتەربىيە مۇسابىقىسى مەيدانلىرىدا ۋە مەكتەپلەردە ئومۇمىي خور، مارش شەكلىدە ئوقۇلۇپ، كىشىلەر قەلبىدە ۋەتەنگە مۇھەببەت، دۈشمەنگە نەپرەت تۇيغۇسىنى ئويغاتقان.

* * *

30—40-يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا ژانىرى ئەمدىلا بىخ سۈرۈشكە باشلىغان يۇمران مايسا ئىدى. جۈملىدىن ئۇ چاغدىكى گېزىت-ژۇرنال سەھىپىلىرىدە ھېكايە، ئوچېرك، فېليەتون قاتارلىق نەسرىي ئەسەرلەر بەكمۇ كەم كۆرۈلەتتى. ئەمما مۇشۇ ئەسەرلەر ئىچىدىنمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا، فاشىزمغا قارشى تېمىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بەلگىلىك سالماقنى تەشكىل قىلاتتى. 1938-يىلدىن باشلاپ ئۆز ھېكايىلىرىنى ئېلان قىلىشقا باشلىغان پېشقەدەم يازغۇچىمىز سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەت مېۋىلىرى بولغان «شانلىق قۇربان» ، «18-ئاۋغۇست» ، «چاقىرىلمىغان مېھمان» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئەنە شۇ جەڭگىۋار تېمىدا يېزىلغانىدى. «شانلىق قۇربان» ھېكايىسى شۇ چاغدىكى نەسرىي ئەسەرلەر ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ھېكايىلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، كۆۋرۈكنى پارتلىتىپ، ياپون ئالۋاستىلىرىنى ئۆلۈمگە يوللىغان بىر باتۇر قىزنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. ھېكايىدىكى ئاساسىي ۋەقەلىك مۇنداق: دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى مەلۇم بىر رايوندا كۆۋرۈك ئاستىغا پارتلاتقۇچ دورا كۆمۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان پارتىزان قىز دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. دۈشمەن ئۇنى سوراققا تارتىپ ھېچنېمىگە ئىگە بولالمىغاندىن كېيىن «بىزنى پارتىزانلار تۇرغان جايغا باشلاپ بار» دەپ قىستايدۇ. قىز دۈشمەننىڭ ئەدىپىنى بېرىش ۋاقتى كېلىپ قالغانلىقىنى پەملەپ «ماقۇل» بولىدۇ. دۈشمەننى ئالداپ ئۇدۇل مىنا كۆمۈلگەن كۆۋرۈك ئۈستىگە باشلاپ كېلىدۇ-دە، ھەممە دۈشمەننىڭ كۆۋرۈك ئۈستىگە چىقىپ بولغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، پىلتىگە ئوت يېقىپ، ھەممە دۈشمەننى ھالاك قىلىدۇ. ھېكايىنىڭ ئاخىرى مۇنداق تۈگەيدۇ:

«ئۇ ئاخىرقى قېتىم ئارقىسىغا قارىغاندا، كۆۋرۈكنىڭ ئەسكەر بىلەن تولغانلىقىنى كۆردى-دە، ئىككى قەدەم ئالدىغا يۈرۈپ، ئارقىسىغا قارىدى ۋە بارلىق ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:

— مانا ساڭا يول، ۋەھشىيلەر! مەن قۇربان بولىمەن، لېكىن مەردلىك بىلەن ئارمانسىز كېتىمەن!»

بىز بۇ قۇرلارنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ھالاكىتىنى كۆرۈپ، مەردانىلارچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قىزنى كۆرگەندەك بولىمىز.

شۇ چاغدا يېزىلغان نەسرىي ئەسەرلەر ئىچىدە شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «ئۇنىڭ

كەلگۈسى زور ھەم پارلاق»، «پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىراىدۇ»، «ئەجەل ھۇدۇقۇشىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرى ھەم قىسقا، ھەم كۈچلۈك ھەجۋىيلىككە ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىلەر قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغانىدى. «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» ناملىق فىلىيەتوندا فاشىستلار باشلىقى گىتلېر بىلەن مۇسسولىنىنىڭ ئۆز ئارا سۆھبىتى ئارقىلىق ھالاكەتلىك تەقدىرى ئېچىپ بېرىلگەن. مۇنۇ ئابزاسنى كۆرۈپ باقايلى:

« - ھۆكۈمرانلىق ھارۋىمىز پاتقاققا پاتتى، بىر چاقى شەرققە، يەنە بىر چاقى غەربكە ... - دېدى گىتلېر.

- پېتىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئوقىمۇ سۇندى...

- ئوقى سۇندى؟!

ئىككىسىنىڭ كۆزى ئالاق-جالاق بولۇپ كەتتى...»

بۇ دېئالوگلار قىسقا، ئاددىي بولسىمۇ، ئۇنىڭدا پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولۇش خىيالىدا كۆرەڭلەپ يۈرگەن گىتلېر بىلەن مۇسسولىنىنىڭ ھالاكىتى ئالدىن مۆلچەرلىنىپ، ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئېچىپ بېرىلگەن.

*  *  *

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پاكىتلار بىزگە 30-40-يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ توپ مەنپەئىتىگە، ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان جاھانگىرلىككە، فاشىزمغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، دۇنياغا تىنچلىق ئورنىتىشتەك ئالەمشۇمۇل ئىشلارنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى شۇ يىللاردا بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ۋە دۇنيا خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئۈچۈن كۆرەش قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ يىللاردىكى يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھەققانىيەت مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىلغار دۇنياۋى ئېقىمنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بولالىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. شۇڭا 30-40-يىللار ئەدەبىياتى جوڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسمى، دۇنيا خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسمى بولۇشقا مۇناسىپ. شۇنىڭدەك بۇ دەۋردە يېزىلغان ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنتېرناتسىئونالىزم ۋە دېموكراتىك خاھىشنىڭ ۋەكىللى سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە قىممەتلىك بايلىق سۈپىتىدە ساقلىنىشقا تېگىشلىك.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئىمىنجان ئەخمىدى

# ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋەكىللىرى توغرىسىدا

ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان تارىخىي مۇساپىسىغا قارىتىلغان. مەزكۇر تارىخىي مۇساپە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كلاسسىك ئەدەبىيات ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى دەۋر ئېقىمى، تەلىپى ۋە تەقەززاسىغا ماس هالدا مەيلى مەزمۇن، تېما، خاهىش، مەيلى ژانىر، شەكىل، ئۇسلۇب جەهەتتىن بولسۇن، مۇئەييەن بېيىش، يېڭىلىنىشقا، دەۋر يۇكسەكلىكىگە ئىگە قىلىپ، يېڭى بىر تارىخىي دەۋرنى ئاچقانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنىڭ دەۋر خاسلىقى ۋە بىر قاتار ئالاهىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىلا ئەمەس، ئۇيغۇر جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخى، پەلسەپە - ئىدىيە تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ مۇهىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشى 1980 - يىللاردىن باشلاپ رەسمىي قولغا ئېلىندى. بۇ ئەهمىيەتلىك ئىشتا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى هەم ئۇنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «بۇلاق» ژۇرنىلى، «تارىم» ژۇرنىلى، «ئىلى دەرياسى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «يېڭى قاشتېشى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «تەڭرىتاغ»، «تورپان»، «قومۇل ئەدەبىياتى»، «بوستان» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللار، «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللار مۇهىم رول ئوينىدى. نۇرمۇهەممەت زامان، تۇرسۇن زېرىدىن، هاجى ئەهمەد، ئەلقەم ئەختەم، قادىر ئەكبەر، خېۋىر تۆمۈر، توختاخۇن ناسىرى، ئابدۇللا تالىپ، مۆمىن سەپىرى، ئەرشىدىن تاتلىق، جاببار ئەمەت، ئابدۇرەهىم سابىت، پەتتارجان مۇهەممىدى، رەجەپ يۇسۇپ، ئېلى ئېزىز، مىرئەهمەد سېيىت، ئېزىز ساۋۇت، شېرىپ خۇشتار، ئابدۇرەقىپ تۆمۈر، مۇهەممەت چاۋار، مەهمۇت زەيىدى، مەهمۇت ئەكبەر، ئىسمائىل تۆمۈرى، هېلىمنىياز قادىرى، مەتقاسىم ئەكرەم، مەهەممەت ئىمىن تۇردى، ئەرشىدىن راشىدىن، مەهەممەت توختى ئابدۇۋاقى، ئابدۇكېرىم مەخسۇت، مەهەممەت شانىياز قاتارلىق

تۆھپىكار ئىزلەنگۈچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بىر قىسىم ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتى ۋە ئەسەرلىرى خەلققە تونۇشتۇرۇلدى، بولۇپمۇ بۇنىڭدا نۇرمۇھەممەت زامان، تۇرسۇن زىرىدىن قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئوينىغان رولى ئالاھىدە زور بولدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلاش، يېڭى مەدەنىيەت ـ ئاقارتىش روھىدىكى دېموكراتىك پىكىر ئېقىمى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ بارلىققا كەلدى. ئۆزىنى ۋە مىللەتنى، ئۆزىنىڭ دەۋر ۋە مىللەت ئالدىدىكى بۇرچىنى تونۇپ يەتكەن بىر قىسىم ئەدىبلەر دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئون نەچچە ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىي دەۋرىدىن يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە ـ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى دەۋرىگە ئېلىپ كىرىش يولىدا ئاجايىپ زور غەيرەت ۋە شىجائەت بىلەن مەيدانغا چىقىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا شانلىق ئىز قالدۇرۇپ كەتتى.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ سەھىپىسىنى ئاچقان ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش (دەسلەپكى) باسقۇچىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئەدىبلەردىن ھازىرچە نامى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى مەلۇم بولغانلىرىدىن ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى (ئابدۇقادىر داموللا)، قۇتلۇق شەۋقى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، نەزەر خوجا (ئۇيغۇر بالىسى)، موللا نازىم موللانىيازى، نەۋرۇز يۈسۈفى، مۇسا خوتەنى، ئىززەت ئەل قەشقەرى، ھەمرا بارات (كاتىپى)، ئىسمائىل ھاجى، ئارۇپ قاسىمى، ھاپىز ھاجى، ناسۇھا ئىمىن، نەمەت خەلپەت، ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى، ئەھمەدى، مۇھەممەت روزى، دانىش ھەنىفى، ئابدۇللا سادىق، سالىھ داموللا ھاجى، قادىرخان خوجا، داۋۇد قاتارلىقلارنى ئاتاپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

يۇقىرىدا نامى ئاتالغان ئەدىبلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئىجادىيىتىدە پۈتۈنلەي كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ئىزىدىن ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ قىسىم ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ھازىرقى زامان بەدىئىي ئۇسلۇبى، دېموكراتىك خاھىش، ئۆتكۈنچى دەۋر روھى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەندى. ۋارىسلىق ۋە ئىجادچانلىق بۇ باسقۇچتىكى ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي روھى، ئويغىنىش ئۇنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولدى.

1933 ـ يىلدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىنجاڭدا يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدى. يېڭى مەدەنىيەت ـ ئاقارتىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بۇ ھەرىكەت داۋامىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمۇ زور دەرىجىدە يۈكسەلدى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ جۇشقۇن ۋە جەڭگىۋار ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. 1937 ـ يىلدىن باشلاپ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ھەر خىل بەدناملار بىلەن ياستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان، بىر قىسىم ئەدىبلىرىمىز نابۇت بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، ئۆرلىدى، يۈكسەلدى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ 1930 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1940 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان جەڭگىۋار مۇساپىسىدە كۆپلىگەن شائىر، يازغۇچى، دراماتورگلار يېتىشىپ چىقتى. ھازىرقى زامان شېئىرىيىتى

ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ، شېئىرىيەت ساھەسىدە ئۇلۇغ بۇرۇلۇش بارلىققا كەلدى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دراماتورگىيىسى ۋە پروزا ئىجادىيىتى بىخ ئۇرۇپ كۆكلىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇ ئىنقىلاب داۋامىدا مەمتىلى توختاجى (تەۋپىق)، نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، زۇنۇن قادىرى، سەيپىدىن ئەزىزى، خېلىل ساتتارى، ئايۇپ مەنسۇرى، مەرۇپ سەئىدى، ئابدۇللا ھاپىز، ئىبراھىم نورۇز، ھەمىد ھەكىمى، قاسىمجان قەمبىرى، بىلال ئەزىزى، دانىش ھەنىفى، ئابدۇراخمان شائىر، مۇھەممەت تۇردى قاسىم(ھەزىنى)، ئېزىز نىيازى، مۇھەممەت قاسىم تۇردى، ئەمەت فوپۇرى قاتارلىق كۆپلىگەن ئەدىبلەر مەيدانغا چىقىپ، مۇھىم رول ئوينىدى.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى ۋە 1930 - يىللاردىكى مۇساپىسىدە مەيدانغا چىققان ئەدىبلەرنىڭ بىر قىسمى پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا تونۇلۇپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزى تۇرغان ۋىلايەت، ناھىيە تەۋەسىدە تونۇلغان ۋە مەلۇم تەسىرگە ئىگە بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن ياكى ناھايىتى ئاز يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ بۇ مەسىلىگە ئوبيېكتىپ قارىشىمىزغا، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولىغا ئادىل مۇئامىلە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

1944 - يىلى ئىلىدا پارتلىغان خەلق قوراللىق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى نەتىجىسىدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىندى. ئىنقىلاب مەركىزى ئىلىدا قۇرۇلغان خەلقچىل ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلاب ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش داۋامىدا مەدەنىيەت مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى يولغا قويۇلۇپ، ئەدىبلەر كەڭ پائالىيەت سەھنىسىگە ئىگە قىلىندى ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە نەشر قىلىنغان گېزىت - ژۇرناللارنىڭ سەھىپىلىرىدە زۇنۇن قادىرى، نۇرمۇھەممەت بوساقوۋ، نىمشېھىت، ھۆسەيىن ھەسەن، مۇھەممەت سىدىق نورۇزوۋ، كېۋىر نىياز، داۋۇت تۇرەخمەتوۋ، ناسىر ھەسەن، ئەلقەم ئەختەم، ئابدۇقادىر زۇنۇنى، ئابلىز نازىرى، نەمەت خەلپەت، تۇرسۇن قاھارى، تۇرسۇن ۋاھىدى، تېيىپزات خەلپەت، تىيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇرېھىم ئەيسا، قاسىمجان قەمبىرى، ياسىن خۇدابەردى، ئابلىز شېرىپى، تاجىدىن قادىرى، قاسىم قىسمىتى، ئابدۇرېھىم يۈسۈپ، خۇدابەردى تالىپ، ئىبراھىم بارات، ھاكىم جاپپار، خېلىل ھەمرايېۋ، تۇردى سامساق، ئەرشىدىن تاتلىق، ئابدۇرېشىت ئىمىنوۋ، ھۆسەيىن تالىپ، ھامىد مەھمۇدى، ئەيسا يۈسۈپ، مەھەممەت رېھىم، مىرسۇلتان، خەمىت تۆھپى، خەمىت سەئىدى، ئالىمجان سالىھجان، ئابدۇرېھىم سابىرى قاتارلىق شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ھەر خىل تۈر - ژانىر، تېمىدىكى ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسى نامايان قىلىندى.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ يەتتە ۋىلايەت دېيىلىدۇ) ئۇيغۇر

ئەدىبلىرى مۇرەككەپ، ئوخشىمىغان مۇھىت، جاپالىق شارائىت ۋە بېسىم ئاستىدا ئېلىپ بارغان مول ئىجادىي پائالىيىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا شانلىق سەھىپە قالدۇردى. تەڭلىك - ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، خەلقچىللىقنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي تېمىسى قىلغان يەتتە ۋىلايەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىر - بىرى بىلەن زىچ باغلانغان، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ئۇ 1930- يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ گۈللىنىش مەزگىلىگە قەدەم قويغان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ 1940 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى تەرەققىياتى بولۇشى ھەمدە ئەنە شۇ تارىخىي مەزگىلنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە روشەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

1945 - يىلدىن ئازادلىققىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە يەتتە ۋىلايەتتە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن ئەھمەد زىيائى، ئىبراھىم تۇردى، قۇربان ئىمىن، ئابدۇرېھىم تىلەشۇپ ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن، رەھمىتۇللا جارى، ئىمىر ھۈسەيىن قازى، مۇھەممەت پەيزى، خېۋىر تۆمۈر، مەتىمىن توختىنىياز (سوزۇك)، ئابدۇللا تالىپ، مەتىمىن توختايېۋ، موللا مۇھەممەت ئوغۇز ھەمرا قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى تەرەققىياتى ۋە يېڭى دەۋر يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈشىنىڭ مەھسۇلى. 1930 -، 1940 - يىللاردا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان كۆپلىگەن ئەدىبلىرىمىز 1950 - يىللاردىن باشلاپ يېڭى دەۋر خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشقا باشلىغان بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا كۆرۈنەرلىك رول ئويناپ، ئەدىبلەر قاتارىنىڭ ئالدىدا ماڭدى. شۇڭا ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، مۇقەررەر ھالدا ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتتە زور تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن مەزكۇر ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا مەيدانغا چىققان بىر قىسىم ئەدىبلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى تېخى تولۇق تەكشۈرۈلۈپ، تەتقىق قىلىنمىدى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تېگىشلىك ئورنى تېخى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىدى. بۇ ئەھۋال بىزنى دەۋر ۋە مىللەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە چاقىرماقتا.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئەخمەتجان قۇربان

# پروزىچىلىقىمىزدا ساقلىنىۋاتقان بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

ئۇيغۇر پروزىچىلىقى 70 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. بۇ دەۋردە بەدىئىيلىكى بىر قەدەر يۇقىرى بىر تۈركۈم ھېكايە، پوۋېستلار بارلىققا كەلدى. ھازىر رومانلارمۇ خېلىلا كۆپىيىپ قالدى. دېمەك، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىغا سان جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى سۈپەت جەھەتتىنمۇ تەلەپ قويىدىغان چاغ يېتىپ كەلدى. بىز ھازىر پوۋېست توپلاملىرى ۋە رومانلارغا كۆز يۈگۈرتىدىغان بولساق، بۇ ئەسەرلەردە تۈزەتمىسە بولمايدىغان بىر مۇنچە مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەن بۇ ماقالەمدە پروزىچىلىقىمىزدا ساقلىنىۋاتقان ئاشۇ مەسىلىلەرنىڭ گەۋدىلىكلىرىدىن پەقەت بىر نەچچىنىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم.

يېقىنقى يىللاردا ئېلان قىلىنغان پروزا ئەسەرلىرىمىزدە تېما جەھەتتىكى تەكرارلىق تۈزەتمىسە بولمايدىغان مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ گەۋدىلەندى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 80- يىللارنىڭ باشلىرىدا پروزىچىلىمىز «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئۈستىدىن دەرد ئېيتىدىغان شىكايەتنامىگە ئايلىنىپ قالدى. پروزا بىلەن شۇغۇللىنىشنى مەقسەت قىلىپ قولىغا قەلەم ئالغان ئاپتورلىرىمىز مۇشۇ تېمىدىن چەتنەپ كېتەلمىدى. بۇ چاغدىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى بىرى بىرىنىڭ ۋارىيانتى ۋە تولۇقلىمىسىدەك توختىماي ئېلان قىلىنىۋەردى. ھەر بىر قەلەم ئىگىسى مۇشۇ تېمىدا بىرەر ئەسەر ئېلان قىلمىسا، ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلالمايدىغاندەك بىر خىل كەيپىيات شەكىللىنىپ قالدى، ھەتتا شۇ چاغلاردا بىرلا ئەسەرنى ئوقۇپ، باشقا ئەسەرلەردە نېمە سۆزلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدىغان بولدى.

كۆپ ئۆتمەي دېھقانلار تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن پروزا ئەسەرلىرىنى يېزىشمۇ بىر خىل مودىغا ئايلاندى. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى سىياسەتنىڭ ياخشىلانغانلىقى تۈپەيلىدىن دېھقانلار تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلانغانلىقى، بۇرۇنقى ھورۇن دېھقانلارمۇ ئەمدى ئۆزگىرىپ،

ئىشچان بولۇپ كەتكەنلىكىنى چۈرىدەشتىن نېرى كېتەلمىدى. بۇ پوتونلەي سىياسىي تەلەپنىڭ ئېھتىياجىدىن تۇرەلگەن ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا دېھقانلارنىڭ ھەقىقىي ئوبرازى، ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېرى ھەمدە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە پسىخىكىسىدىكى يوشۇرۇن سىرلار ئېچىپ بېرىلمىدى. مۇشۇ تېمىدا يېزىلغان بەزى ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكى شۇنچىلىك تۆۋەنكى، ئۇنى بىرەر مۇخبىرنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن يازغان تەپسىلىي خەۋىرى ياكى زىيارەت خاتىرىسىگە ئوخشىتىش مۇمكىن.

ئەلۋەتتە، دېھقانلار تۇرمۇشى بۈگۈنكى ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي سالمىقىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا كۆمۈلۈپ ياتقان، ھەقىقىي يېزىشقا تېگىشلىك تېمىلار كۆپ ئىدى. لېكىن ئاشۇ تېمىلار خۇددى چېقىلىشقا بولمايدىغان سېھىرلىك قورغاندەك ئۇنىڭغا ھېچكىم قول تەگكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە ئەسەر يېزىش قىزغىنلىقىمۇ تېما جەھەتتىكى تەكرارلىقنىڭ يەنە بىر ئالامىتى بولۇپ قالدى. بۇ چاغلاردىكى ھېكايە، پوۋېستلىرىمىزنىڭ ھەر قانداقىدا مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ باش قەھرىمانى بولغان بىر جۈپ قىز - يىگىت ۋە ئۇلارنىڭ ئەركىن مۇھەببىتىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان سەلبىي پېرسوناژ اكى سەلبىي ھادىسە يېزىلماي قالمىدى. بۇ چاغلاردىكى مۇھەببەت ھېكايىلىرى بىر - بىرىگە ۇنداق ئوخشايدۇكى، ئۇلار خۇددى بىر زاۋۇتتىن چىققان بىر خىل مەھسۇلاتقىلا ئوخشاپ الدى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى پروزا ئەسەرلىرىمىزنىڭ تېمىسى ئاز - تولا رەڭدارلاشقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا جەمئىيەتتىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىش، بەزى تارىخىي تېمىلارنى ئاددىي ھالدا شەرھىلەپ بېرىش قاتارلىق تېمىلارغا مەركەزلىشىپ قېلىپ، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى ھەقىقىي جانلىنىشنى بارلىققا كەلتۈرەلمىدى. بەزى يازغۇچى، ئاپتورلىرىمىز ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ تېما تەكرارلىقىنى بۇزۇپ تاشلايدىغان ئىزلەنمە ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ يېرىم يولدا توختاپ، ئاشۇ چوڭ مۇقامغا قېتىلىپ كەتتى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھازىر ئەدەبىياتىمىز ئىسلاھاتنىڭ ۋە بازار رىقابىتىنىڭ ئېغىر سىنىقىغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ يازغۇچىلىرىمىز تېما جەھەتتىكى تەكرارلىق ۋە قاتماللىقنى تۈگىتەلمەي يەنىلا كونا مۇقامغا توۋلايدىكەن، دەۋرنىڭ سىنىقىدىن ھەرگىزمۇ ئۆتەلمەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بۇنى ئېتىراپ قىلىش ھەم بۇ ھەقتە ئىزلىنىش ھەر بىر ۋىجدانلىق قەلەم ئىگىسىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى.

بىز ئەدەبىياتىمىزنى خەلقىنىڭ قەلبىگە، دۇنياغا يۈزلەندۈرىمىز دەيدىكەنمىز، تېما جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىشىمىز، بىرلا تېمىغا ئېسىلىۋېلىپ ئومۇمىيخور ئېيتىدىغان قاتمال ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىشىمىز لازىم. ھەر بىر يازغۇچى چوقۇم ئۆزىنىڭ ۋىجدانى ۋە ئىرادىسى ئېتىراپ قىلىدىغان، ئۆزىگىلا خاس يېڭى بىر تېما ئۈستىدە ئىزلىنىپ بېقىشى كېرەك.

بىزنىڭ بىر قەدەر يېرىك ئەسەرلەرنى يازغان پىشقان يازغۇچىلىرىمىزمۇ نېمە ئۈچۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان دۇنياۋى تېمىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ ياكى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ خەلقنىڭ تەقدىرى، خەلقنىڭ مەنپەئەتى، ئىنسانىيەتنىڭ چىقىش يولى ھەققىدىكى دۇنياۋى تېمىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنى يېزىشقا سالاھىيىتى توشمامدىكەن؟ گەپ بۇ يەردە ئەمەس، گەپ مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ بىر ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىشتا. بىز ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز جۈرئەتلا قىلىدىكەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرەلەيدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مانا مۇشۇنداق يۇقىرى تەلەپ قويۇشقا ھەقلىقمىز، بەلكى بىزنىڭ بۇ گېپىمىز بەزى كىشىلەر ئۈچۈن كۈلكىلىك تۇيۇلار، بىزچە، بۇ دېگىلى بولمايۋاتقان، دېيىشكە تېگىشلىك ھەققانىي گەپ!

ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپتورلار قوشۇنى خېلىلا زورايدى. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، پروزا ھېكايە، پوۋېست، روماندىن ئىبارەت ئۈچ تۈردىن تەركىب تاپقان. يېقىنقى يىللاردىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ ئەمەلىيىتىگە نەزەر سالساق، شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، پروزىنىڭ بۇ ئۈچ تۈرىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەخسۇسلاشقان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بارلىققا كېلىشى پروزىچىلىقىمىزنى ھەقىقىي تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئىكەن.

ھازىر پروزا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋە شۇغۇللانماقچى بولغان يازغۇچى، ھەۋەسكارلىرىمىزدا مۇنداق بىر خاتا كۆز قاراش شەكىللىنىپ قالغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، يازغۇچىلار ئالدى بىلەن قىسقا ھېكايىلارنى يېزىشى، كېيىنرەك چوڭراق ھېكايىلارنى يېزىشى، ئاندىن كېيىن پوۋېست، رومانلارنى يېزىشقا ئۆتۈشى كېرەك ئىكەن. قارىماققا بۇ بىر يازغۇچى ئۈچۈن تەبىئىي بىر جەرياندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىر يازغۇچىنىڭ بۇ جەريانلارنى زورمۇزور بېسىپ ئۆتۈشىنىڭ زۆرۈرىيەتسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

بىر قەدەر كۆزگە كۆرۈنگەن، خەلق ئېتىراپ قىلغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر - بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا، ئۇلارنىڭ ھېكايە، پوۋېست، روماندىن ئىبارەت ئۈچ تۈرنىڭ قايسىسىدا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تالانتىنى نامايان قىلالىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايە، پوۋېستلىرى بىلەن يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ ھېكايە، پوۋېستلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا، بۇ مەسىلىگە توغرا جاۋاب تاپالايمىز. بۇ ئىككى يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىققان ھەر بىر كىتابخان ئۇلارنىڭ قايسىنىڭ مەخسۇس ھېكايە يېزىش بىلەن، قايسىنىڭ مەخسۇس پوۋېست يېزىش بىلەن شۇغۇللانسا بولىدىغانلىقىغا توغرا باھا بېرەلەيدۇ. ئەلۋەتتە، بىز بۇنداق دېيىش ئارقىلىق يازغۇچىلارغا رامكا بەلگىلەپ بەرمەكچى ئەمەس. مەقسىتىمىز بىر يازغۇچى باشتا ھېكايە، كېيىن پوۋېست، بىر ئاز نامى چىقىپ قالغاندىن كېيىن بىرەر رومان يازمىسا ھەقىقىي يازغۇچى بولالمايدۇ دەيدىغان قاتمال قاراشنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەر بىر يازغۇچى پروزىنىڭ قايسى

تۆردە ئۆزىنىڭ ماھارىتىبولسا شۇ تۈر بىلەن شۇغۇللانسا تېخىمۇ ياخشى بولارمىكىن دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. ياخشى يېزىلغان بىر ھېكايىدىن زورلاپ يېزىلغان بىر رومانىنىڭ بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولۇشى ناتايىن.

دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىغا نەزەر سالساقمۇ پروزىنىڭ تۈرلىرى بويىچە مەخسۇسلىشىشنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان پاكىتلار ناھايىتى كۆپ. شۇڭا بىز تولستوي بىلەن بالزاكنى رومانلىرى بىلەن، چېخوۋ بىلەن مۇپاسساننى ھېكايىلىرى بىلەن، ياپونىيە يازغۇچىسى شىڭ شىنيىنى قىسقا ھېكايىلىرى بىلەن تونۇيمىز. شۇڭا ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا پروزىنىڭ تۈرلىرى بويىچە مەخسۇسلاشقان يازغۇچىلارنىڭ ھەقىقىي تۈردە بارلىققا كېلىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارايمىز.

ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا يەنە ئەسەرنى زورمۇزور سوزۇپ تارتىش، ئورۇنسىز تەپسىلاتلارنى قىستاپ كىرگۈزۈش، بىر قىسقا ھېكايىدە ئىپادىلەپ بېرىشكە بولىدىغان مەزمۇننىمۇ پوۋېست قىلىپ يېزىش ۋە تەقلىدچىلىككە ئوخشاش بىر مۇنچە مەسىلىلەر بار، بۇ مەسىلىلەرنى تۈگەتمەيدىكەنمىز، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ ئەسىردىن ھالقىيدىغان تەرەققىياتىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

مېنىڭ يۇقىرىقى پىكىرلىرىم تولىمۇ يۈزەكى بولۇپ قالدى. ئۇستازلارنىڭ ۋە كەسپداشلارنىڭ مۇشۇ مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

---

(بېشى 142- بەتتە)

«سوۋېت ئۆزبېكىستانى»، «ئۆزبېكىستان ئەدەبىيات- سەنئىتى» گېزىتلىرى ۋە «نەفاسەت» ژۇرنىلى قاتارلىقلاردا ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ «قاراپ تۇرساڭ»، «گۈل كېلۇر»، «قىزىل ئالما»، «يەللە ئەيتەي»، «ئېيتسام بولارمۇ»، «دەردىڭگە دەرمان كېلۇر» قاتارلىق ناخشىلىرى ئۆزبېكىستان رادىئو- تېلېۋىزىيىلىرىدە 1989 - يىلدىن ھازىرغىچە ئاڭلىتىلىپ كەلمەكتە.

تەلئەت ناسىرى ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تەكلىپ قىلىنغان تەتقىقات خادىمى، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۆزبېك مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

بىز ئۆزبېك شائىرى تەلئەت ناسىرىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىجادىي پائالىيىتىگە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

يۇلتۇز تېيىپجان تەييارلىغان

ئابابەكرى توختى

# ئەخلاق مونوپولىيىسى ۋە سەرسان مۇھەببەت

ئەسەر، ئاپتور، كىتابخان ئوتتۇرىسىدا ئۈچ بۇرجەكلىك مۇناسىۋەت گەۋدىلەنگەن بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىنى شەرت ۋە تەقەززار قىلىدۇ.

ئەسەر دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ كىتابخاننىڭ مۈلكىگە ئايلىنىدۇ، شۇڭا ئۇنى كىتابخاننىڭ قارشى ئېلىش - ئالماسلىقى ئۆزىنىڭ بەدىئىي تاللىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھادىسە. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «بىر ئەسەردىن بەدىئىي زوق ئالىمەن دېسەڭ، بەدىئىي تەربىيە كۆرگەن بولۇشۇڭ كېرەك.» يازغۇچى ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ «ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار» ناملىق پوۋېستى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ پوۋېستتىكى ئەخلاق مەسىلىسى ھەر بىر كىتابخاننىڭ دىققەت مەركىزىدىكى كۆپ چېكىتلىك سوئالغا ئايلاندى، جۈملىدىن بەزى ئوبزورچىلار پوۋېست ھەققىدە گۇخشىمىغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆز پىكرىنى دەلىللەشكە تىرىشتى. «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى» نىڭ 1992 - يىللىق 14 - سىناق سانىدا يولداش كېرىمجان ئابدۇرېھىم پوۋېستتىن خۇلاسە چىقىرىپ، «ئەنئەنىگە يات، ئەخلاقسىزلىق مەدھىيىسى» دەپ باھا بەردى. باھا مۇشۇ پوۋېست ھەققىدە ئېلىپ بېرىلىسىلا بولاتتى، بىراق ئوبزورچى ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ پۈتكۈل ئەسەرلىرىنى بىراقلا يوققا چىقىرىپ، ئىجادىيەت سېپىدە مول نەتىجە يارىتىۋاتقان بىر تالانتلىق يازغۇچىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇندى، يەنى ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ پۈتكۈل ئەسەرلىرى مانا مۇشۇنداق ئېتىقسىزلىق بىلەن توشقان، كىتابخانلارنى مۇشۇنداق بۇشلۇققا كۆندۈرۈۋەتكەن... دەپ ھەممىنى ئىنكار قىلىش خاھىشىنى روشەن ئىپادىلىدى. پوۋېستتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەخلاق مەسىلىسى راستىنلا ئەنئەنىگە يات بوپقالغانمۇ ياكى بىزنىڭ بەدىئىي تەربىيىلىنىشىمىز قىيامىغا يەتمىگەن بەدىئىي تەربىيىلىنىشمۇ؟ سىرلىق ۋە مۇرەككەپ ئىنسان روھىنى سۈرەتلەش، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تراگېدىيىلىك ئېڭىنى قېزىش نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۈزلىنىشى بوپقالدى. ھازىر ھېچكىم قورۇق ۋەقەلىكلەر تىزمىسى ئىچىدىن ئۆز شولىسىنى ئىزدەشكە قىزىقمايدۇ، ئىنساندىن ئىبارەت ئەبەدىي مۇرەككەپلىككە تاشلانغۇچىنىڭ روھىي دۇنياسى شۇ قەدەر نازۇكلىشىپ كەتتىكى، ئۇ بەدىئىي ئەسەرلەردىكى ھەر بىر تەپسىلات، ھەر بىر ھادىسىدىن، ھەتتا ھەر

بىر دىئالوگدىن، مونولوگدىن مەنە ئىزدەيدىغان بوپكەتتى. بۇ خىل بىشارەتلىك ئەدەبىيات چەت ئەل سىمۋولىزم ئەدەبىياتىدا ئاللىقاچان يېرىلىپ شاما بوپكەتكەن بولسىمۇ، بىزنىڭ گۈدەك پروزىمىزدا ئەمدىلا بىخ سۈرۈپ شاخلىنىشقا باشلىدى. شۇڭا كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى كىتابخانلىرىمىزنى بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا يازغۇچىلار ئۆزلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئۆز - ئۆزىنى بارغانسېرى تاكامۇللاشتۇرۇشى، كىتابخاننى ئەسنەك باسىدىغان ناباپ ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا چىقىپ قېلىشىدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشى لازىم.

ئوبزورچى ئېيتقاندەك ئابدۇللا ساۋۇت نۇرغۇن ئەسەر يېزىپ كەتتى. «ئەپسۇس، ئوبزورچىلارنىڭ تالاش - تارتىش قىلىشىغا، مۇلاھىزىسىگە مۇشەررەپ بولالمىدى»، «كىتابخاننى مۇشۇنداق يوقلۇققا كۆندۈرۈۋەتتى.» بۇمۇ ئوبزورچىنىڭ مۇستەقىل كۆز قارىشىدۇر. مېنىڭچە، ئابدۇللا ساۋۇتنىكى تالانتنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. ئۇنىڭ «چاقماق» رومانى، «يېتىمنىڭ سەرگۈزەشتىسى»، «قانلىق قىرغاق» قاتارلىق پوۋېستلىرىمۇ كىتابخاننى چىداپ تۇرۇپ ئوقۇشقا مەجبۇرلايدىغان ناباپ ئەسەرلەرمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. بۇ ئەسەرلەر ئېلان قىلىنغان چاغدا كەڭ كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا نائىل بولغان. ئابدۇللا ساۋۇت شېئىرمۇ يازىدۇ. مەن تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ غەزەللىرىدەك نەپىس غەزەللەرنى ناھايىتى ئاز ئۇچراتتىم. بۇلارنىمۇ كۆز يۇمۇۋېلىپلا يوققا چىقىرىۋەتسەك، ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلىنغان كۆرمىگىلىغان ئەسەرلەر ئەخلەت ساندۇقىغا بەنت بوپكېتىدۇ. چۈنكى بىزدە بىر ھېكايىگە ئەرزىمەيدىغان پوۋېست، رومانلار، بىر شېئىرغا تەڭ قىلمايدىغان داستان، باللادىلارمۇ بار.

يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ئۇلارنى بىزگە سوۋغا قىلغان ئىكەن، ئۆزىمىز خالىغان ئەسەرلەردىن ئېستېتىك زوق ئېلىپ يۈرۈۋېرەيلى. چەت ئەللىكلەرنىڭ ئەسىرى ھەر قانچە كاتتا بولسىمۇ، بىزگە بېرىۋەتمەيدۇ. بىزگە شۇنداق بىر يامان كېسەل تەگدىكى، ھە دېسىلا خەقنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆزىمىزنى كەمسىتىپ كەلدۇق. ھەممە ئەسەرلىرىمىزنى ئىنكار قىلىپ، «پروزىمىز تۈگەشتى» دەپ جار سالدۇق. بىز ئەمەلىيەتنى كۆرۈشىمىز، بارغانسېرى گۈللەپ - ياشناۋاتقان پروزىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا ئۈمىدۋار نەزەر بىلەن قارىشىمىز لازىم ئىدى، بىراق بۇنداق بولمىدى. ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ خىل ھادىسىنى نېمە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟ بەزى ئوبزورچىلار قەستەن مايمۇن ئويۇنى ئويناۋاتامدۇ - قانداق؟

ئىجادىيەت مەسىلىسى پەن مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ قىلچىمۇ ساختىپەزلىكنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ھەر كىم ئۆزى بىلگەنچە بىلجىرلاۋەرسە، ھەر كىم يازغۇچىغا بۇنداق يازسەن، مۇنداق يازسەن دەپ رامكا سىزىپ بەرگىلى تۇرسا، بۇنداق ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىپ قالىدۇ، خالاس. ئەسەرنى ئادىل باھالاپ، توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىش — ئوبزورچىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. مېنىڭچە، ھازىر بۇنداق ئادىل ئوبزورچىلار بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئوبزورچىلىق ساھەسى كىمنىڭدۇر يەنە بىرىدىن قىساس ئالىدىغان، قورساق كۆپكىنى

چىقىرىپ جاڭجال تېرىيدىغان سورۇنغا ئايلىنىپ قالدى.

«ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار» ئوبزورچى ئېيتقاندەك «نەشىر قىلىنىپ قالغىنىغا قاتتىق ئەپسۇسلىنىدىغان» پوۋېستتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەخلاق مەسىلىسى «ئىجازەت بەرگىلى بولمايدىغان» رېتورىك خىتاب بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بەدىئىي ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، ئەسەردىكى «مەن»نى چاكىنىلارچە «يا ئاپتور، يا ئاپتورنىڭ ئاغىنىسى، تونۇش - بىلىشى بولۇشى مۇمكىن، بولمىسا ئاپتور ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىمىگەن بولاتتى» دەپ قارىغۇلارچە يەكۈن چىقىرىشقا ئالدىرىماسلىقىمىز كېرەك ئىدى. ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى — ئىجتىمائىي تۇرمۇش. يازغۇچى ئاشۇ تۇرمۇشتىكى بەلگىلىك بەدىئىي قىممەتكە ئىگە دېتاللاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئەسىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەش، مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىش پرىنسىپى بويىچە قايتا - قايتا ئىشلەپ، مۇكەممەل بەدىئىي ئەسەر قىلىپ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىدۇ.

پوۋېستتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «مەن» بىلەن گۈلنارنىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسى كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئاجايىپ زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ. «مەن» ئەڭ دەسلەپتە گۈلنارنى ياخشى كۆرىدۇ، بىراق رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا ئىمكان بەرمەيدۇ. تەقدىرنىڭ چاقچىقى بىلەن «مەن» گۈلنارنىڭ ئاچىسى مۇھەببەت بىلەن توي قىلىدۇ، ئوبزورچى بۇ نۇقتىغا كەلگەندە ھالقىلىق زىددىيەت توقۇنۇشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ: «ئۇ مۇھەببەت بىلەن ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن توي قىلغان، پەرزەنتلىك بولغان، كېيىن گۈلنار كىيىمىنى يۇيۇپ ئازىراق كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇۋېدى، ئۇ يەنە گۈلنارنى تېپىۋالدى» دەيدۇ.

«مەن»نىڭ مۇھەببەت بىلەن توي قىلىشى ھەرگىزمۇ ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن بولغان ئەمەس، «مەن» ئۇنى قىلچە ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇ مۇھەببەتنىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىغىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ، بىراق يېرىم كېچىدە ئۇنىڭ بىلەن غەرق مەست ھالەتتە ئۇتتۇلۇپ قېلىپ (بۇنى مۇھەببەت قەستەن ئورۇنلاشتۇرغان)، توي قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «مەن» بىلەن مۇھەببەتنىڭ ئاتا- ئانىسى ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر قېرىنداشلارچە مۇھەببەت مەۋجۇت، بۇنداق رەسۋاچىلىق ئىچىدە، «مەن»گە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشتىن باشقا چىقىش يولى قالمايدۇ. گۈلنار بۇنى كۆرگەندىن كېيىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، ئوبزورچى بۇ يەردە گۈلناردەك ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولغان ئوقۇتقۇچىنىڭ تاپتىن چىقىپ كېتىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس دەيدۇ. گۈلنار ئادەم ئەمەسمىكەن؟ ئەجەبا ئوقۇتقۇچى بولغان كىشىدە مۇشۇنداق چىركىن روھ، تەقدىرچىلىك خاھىشى ۋە غەيرىي بىنورمال قارشىلىق كۆرسىتىش روھى يوقمىكەن؟ ئوقۇتقۇچىلارمۇ كەم - كۈتىسىز ئەۋلىيا ئەمەس، ئۇلاردىمۇ بارلىق ئىنسانغا ئورتاق بولغان ھاۋايى- ھەۋەس، ئارزۇ - ئارمان بار.

«مەن»نىڭ تۇرمۇشى بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە گويا دۆنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالغاندەك ئازابلىق ھالەتتە داۋام قىلىدۇ. ئۇ تاغلىق كەنتكە ساياھەتكە چىقىپ گۈلنار بىلەن قايتا كۆرۈشىدۇ، شۇنداقلا گۈلنارنىڭ ئۆزىنى ھازىرمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ياخشى

كۆرىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ مۇھەببەت بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن گۈلنار ئۆيگە كېلىپ، ئەسەرلىرىنى ئاقتا كۆچۈرۈپ بېرىپ يۈرگەندىمۇ ئۇنىڭغا ئوچۇق چىراي ئاچمىغان، بۇ يەرگە كېلىپ گۈلنار بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغان ئىدى. بىراق بىر نەچچە ئايلىق قايناق تۇرمۇش، نادامەت، چاقناپ تۇرغان مۇھەببەتلىك نىگاھلار، كۆز ياشلار ئۇنى گاڭگىرىتىدۇ. ئاخىرى بىر قېتىملىق سۇغا چۆمۈلۈشتە گۈلنار سۇغا غەرق بوپكېتىپ، «مەن» قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ يېرىم يالىڭاچ بەدىنىنى قۇچاقلاپ تۇرغىنىدا ئۆز جىسمىدا قوزغىلىۋاتقان دەسلەپكى مۇھەببەتنىڭ قايتا ئويغانغانلىقىنى تەن ئالىدۇ. بىر ئادەم قاتتىق بۇرۇختۇم تۇرمۇش ئىچىدە ياشاپ ھاياتنىڭ ئۆزگىچە تېگىل راھەتلىرىدىن بەھرىمەن بولالمىغاندا بەرھەقكى، ئۇ تۇنجى سۆيگەن كىشىسىنى، شوخ، مەسۇم، غەم - ئەندىشىسىز چاغلىرىنى يادىغا ئالماي قالمايدۇ. «مەن» نىڭ گۈلنارنى قۇچاقلاپ سۆيۈشى ئۇنىڭ تولىمۇ پەسكەش، رەزىل ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. بۇ پەقەت ئىنسان روھىنىڭ ئاشكارىلىنىشى، ئىنسان تەبىئىيتىنىڭ ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈلىشىدۇر.

«مەن» مۇھەببەت بىلەن ئاخىرىشىپ گۈلنار بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشىدۇ، بىراق نەچچە مىڭ يىللىق ئەخلاق مونوپولىيىسى ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويمايتتى. شۇڭا «مەن» ئەسەبىيلىك بىلەن «ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار، گۈلنار بىلەن توي قىلىمەن» دەپ توۋلايدۇ. پوۋېستىنىڭ جان ھالقىسى دەل مۇشۇ يەردە، بۇ سادا ھەر بىر كىتابخاننىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلارنى «مەن» زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ گۈلنار بىلەن توي قىلىش كېرەكمۇ؟ ئەگەر توي قىلسا قانداق ھادىسە كېلىپ چىقىدۇ؟ ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان كىشىلىك جەمئىيەت، ئەنئەنە، ئەخلاق بۇنىڭغا يول قويامدۇ؟ «مەن» نىڭ بۇ مۇراجىئەتى چېكىدىن ئېشىپ كەتتىمۇ - قانداق؟ دېگەندەك سوئاللار قويىنىغا غەرق قىلىدۇ.

«مەن» گە ئىجازەت بەرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئىجازەت بېرىلسە، ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتى تۆكىيدۇ. ئەگەر بۇ تېما چەت ئەل ئەدەبىياتىدا مەيدانغا چىققان بولسا، ئۇ شەك- شۈبھىسىز ئىجازەت ئالالايتتى، بىزنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتىمىزدە، مىللىي پسىخىكىمىزدا بۇنداق قىلىش دەيۈزلۈك قىلغانلىق ھېسابلىنىپ، خەلقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىشى تەبىئىي ئەھۋال، بىزنىڭ مەدەنىيەت مېخانىزمىمىزنى، ئېتنوگراپىيىمىزنى ھېچكىم بۇزۇپ تاشلىيالمايدۇ. شۇڭلاشقا «مەن» بىر تەرەپتىن، سۆيگۈ دېڭىزىغا غەرق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، چەكسىز مۇڭ دېڭىزىغا غەرق بولۇپ، يەلكەنسىز كېمىدەك لەيلەپ يۈرۈيدۇ.

يازغۇچى ئەسەردە «مەن» نى ئۇلۇغلاپ، بۇنداق «چاكىنا» مۇھەببەتنى مەدھىيلەپ، كەتكەن ئەمەس. ئۇ باشتىن - ئاخىر ئۆز قەھرىمانىغا، ئىنسان روھىغا، ئىنسان تەبىئىيتىگە سادىق بولغان. شۇڭا بۇ پوۋېستنى «ئەخلاقسىزلىق تەرغىپ قىلىنغان، ئەنئەنىگە يات» ئەسەر دېيىشكە بولمايدۇ. بىز دەل مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ئۇنۇمگە ئىگە، كىتابخانغا ئويلىنىش پۇرسىتى بېرەلەيدىغان ھەقىقىي رېئالىزملىق ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ ئېلان قىلىنىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك تەلىپىمۇ شۇ!

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئابلىكىم ئابلىمىت

# ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ «ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار» ناملىق پوۋېستى توغرىسىدا

تەقدىرىمىزنى ئەخلاقىمىز بەلگىلەپ بېرىدۇ.
— كارنىلىي نىپات

سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى شەخسنىڭ بەدىئىي تاللىشى، بەدىئىي تەپەككۇرى ۋە بەدىئىي يازمىسىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، ئەمما ئەسەر كىتابخانلار بىلەن دىدارلاشقاندىن كېيىن، نوقۇل ھالدا شەخسكە تەئەللۇق مۈلۈك بولماستىن، بەلكى ئومۇمىي جەمئىيەت ئەزالىرىغا (كىتابخانلارغا) مەنسۇپ مەنىۋى بايلىققا ئايلىنىدۇ. ئاپتورنىڭ ئەسەرگە سىڭدۈرگەن ئىدىيىۋى خاھىشى شەخس دائىرىسىدىن ھالقىپ، ئەسەردىن بەدىئىي لەززەت ئالغۇچى ھەر بىر كىتابخاننىڭ كۆز قارىشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ-دە، ئەسەر ئىدىيىۋىلىك جەھەتتىن ئومۇمىي خاراكتېر ئالىدۇ. ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى خاھىش كىتابخانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدىكەن، ئەسەرنىڭ ھاياتىي كۈچىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئاپتور ئۆز ئەسىرىنى تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىنىش ئويىبىكتىغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارزۇسى ۋە ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش يولىنى تۇتماي، ئېگىزگە چىقىپ يىراقنى كۆرۈشى، يەنى خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۆز ئېڭىنى قۇربان قىلىشى كېرەك. شۇندىلا ئەسەر كىتابخان قەلبىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا قېلىشى، «ساراڭ»[1] نىڭ تىلدىن - تىلغا كۆچۈپ يۈرۈشى، شېكسپىر درامىلىرىنىڭ مىللەت دائىرىسىدىن ھالقىپ، دۇنياۋى شۆھرەتكە سازاۋەر بولۇشى ئاپتورنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك ئاممىنى نەزەردە تۇتۇپ، شەخسىي خاھىشنى ئومۇمىيلىققا بويسۇندۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئەپسۇسكى، ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ «ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار» ناملىق پوۋېستى بۇ ھەقىقەتتىن كۆپ يىراق.

«ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار» زامانىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ نىكاھ، مۇھەببەت، ئائىلە

[1] مەتىمىن ھوشۇرنىڭ «ساراڭ» ھېكايىسى

مۇناسىۋىتىنى بىر تۈركۈم خىيالىي تەپسىلاتلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، «بەخت» ئىزدەش يولىدا «ئەركىن نىكاھ»، «ئەركىن مۇھەببەت»، «يېڭى ئائىلە»، «يېڭى مەدەنىيەت» تەلەپ قىلىدىغان بىر «ئىلغار» قەھرىماننى مەيدانغا چىقىرىپ، بىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمىزدىن، ئەخلاقىمىزدىن، قانۇنىمىزدىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا ئىجازەت سورىغان ئەسەردۇر. بۇ ئەسەردە ئوتتۇرىغا چىققان «ئىلغار» شەخسلەر تەلئەت بىلەن گۈلنار ئۆزلىرىنىڭ «بەخت»نى ئىزدەش يولىدا «توسالغۇ» بولۇۋاتقان كونا، خۇراپىي ئادەتلەردىن تېزرەك قۇتۇلۇپ، يېڭىچە ئادەت، يېڭىچە ئەخلاق، ئائىلە تۇرغۇزۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئادەم ئۆز بەختىنى ئۆزى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھەر قانداق زامان، ماكاندا يوللۇق. لېكىن گەپ بەخت ئىزلىگۈچىلەرنىڭ قايسى يول بىلەن قانداق مېڭىشىدا. گۈلنار بىلەن تەلئەت تۇرمۇش دولقۇنلىرى تەرىپىدىن ئۇرۇلۇپ، تۇرمۇشى بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە ئازابلىق داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈن، قۇشلاردەك ئەركىن ھاياتقا ئېرىشىش يولىدا ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەخت ئىزدىشى ھەقلىق. بىراق ھەرقانداق ئىش ئىجتىمائىي، تەبىئىي شارائىتقا قاراپ لايىقىدا ئېلىپ بېرىلسا، ئاندىن ئەتراپقا كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ ئىجابىي تۈس ئالىدۇ. ئەسەردىكى قەھرىمانلارنىڭ ھەرىكىتى بۇنۇقتىدىن كۆپ يىراقتا تۇرىدۇ.

ئەسەردىكى تەلئەت بىلەن گۈلنارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ۋە گەپ-سۆزلىرى بىلەن ماسلاشمايدۇ. ئۇلار ئەقلى - ھوشى جايىدا، ئاق - قارىنى پەرق ئېتىش مىقتىدارىغا ئىگە ئادەملەر. تەلئەت يازغۇچى، گۈلنار ئوقۇتقۇچى. ھەر ئىككىسى «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى.» ئۇلار بىلىشى كېرەك ئىدىكى، بىر مىللەت ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە ئەخلاق نىزامى جەھەتتە ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ كۆز يۇمۇشقا بولمايدىغان پاكىت. بۇ ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە ئەخلاق نىزامى مىللەتنىڭ تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن ئورتاق تۇرمۇش ئادىتىدىن كېلىدۇ. بىر ئەرگە بىر خوتۇن بولۇش، بىر - بىرىگە ۋاپادار بولۇش، ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ بىردەملىك ھېسسىيات ئۈستىگە ئەمەس بەلكى چوڭقۇر سىناق ئۈستىگە قۇرۇلۇش لازىملىقى، جورا تاللاشتا چىراي گۈزەللىكىگىلا ئېتىبار بەرمەي، مۇھىمى روھىي گۈزەللىككە قاراش كېرەكلىكى؛ ئاتا - ئانىسىنى ياخشى كۈتۈش، بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەپ جەمئىيەتكە ياراملىق ئادەم قىلىپ چىقىش؛ شەخسىيەتچىلىكتىن، مەنپەئەتپەرەسلىكتىن ھەزەر ئەيلەش قاتارلىقلار مىللىتىمىزنىڭ ئىلغار ئەخلاق قاراشلىرى ھېسابلىنىدۇ. تەلئەت بىلەن گۈلنارنىڭ ئويلىغىنىدەك، بۇ ئەخلاقىي جەۋھەرلەر مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى بايلىقى بولۇشتىن قالغىنى، دەۋرنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، زامانىۋىلىشىش ۋە تەرەققىياتنىڭ توسالغۇسىغا ئايلىنىپ قالغىنى يوق. بۇلار ھەر خىل ئىجتىمائىي بوران - چاپقۇنلاردا ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىمىزنى، مىللىي ۋىجدان، مىللىي ئەخلاق، مىللىي ئۆرپ - ئادىتىمىزنى، مىللىي روھ، مىللىي كەيپىيات، مىللىي قائىدە-يوسۇنلىرىمىزنى ئىجادىي ساقلاپ قېلىشىمىزدا تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. بۇ گۈزەل ئەنئەنىلەر مەڭگۈ نۇر چاچىدۇ. تەلئەت بىلەن گۈلنارنىڭ ئۆز مەدەنىيەت سەۋىيىسى، دەۋر، جەمئىيەت، تۇرمۇش ئالدىدىكى مەجبۇرىيەت، مەسئۇلىيىتىگە ماس كەلمىگەن ھالدا بۇ ئەخلاق ئەنئەنىمىزنى فېئوداللىق شاكال، خۇراپىي ئادەتلەردىن پەرقلەندۈرمەي، ئۇلارنىڭ

ماھىيەتلىك پەرقىنى ئاجرىتالماي، ئۆزلىرىنىڭ «ئەركىن مۇھەببىتى»نى پەش قىلىپ، بۇلارنى خالىغانچە ئىنكار قىلىشى، چۆرۈپ تاشلىشى، ئەنئەنىدىن ئايرىلغان «تەرەققىيات» كۆز قارىشىنى ۋە چېكىدىن ئاشقان ھەرىكىتىنى بازارغا سېلىشى ئوقۇتقۇچى، يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش.

چىڭگىز ئايتماتوۋ «يازغۇچى دەۋرىنىڭ ۋىجدانى» دەپ جاكارلايدۇ. ئۇ يەنە: «يازغۇچى ھەر بىر شەخسنىڭ ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم، ئەخلاقنىڭ ساپلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، يازغۇچى روھىي چۈشكۈنلۈككە، ئېھتىمالچىلىققا، ماددىي مەنپەئەتپەرەسلىككە ۋە باشقا ناچار ھادىسىلەرگە قارشى كۆرەش قىلىشى لازىم» دەيدۇ. شۇنداق، يازغۇچى خەلقىنىڭ، مىللەتنىڭ ۋىجدانى. مىللىي ئەخلاقنىڭ، مىللىي غۇرۇرنىڭ خالىس قوغدىغۇچىسىدۇر. يازغۇچى مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر شەجەرلىرىنى تەشۋىق قىلغۇچى بولۇشى كېرەك. خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى روھىي بايلىقلىرىنى بەدىئىي ۋاسىتە بىلەن قېزىپ، ئىلغار تارىخىي تەجرىبىلىرىنى ۋە خەلق توپلىغان ئەخلاق بايلىقلىرىنى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا ئېلىپ كىرىپ، ئىلغار ئەخلاقىي ئامىللارنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشى ۋە رولىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىشى شەرت. يازغۇچى ئادەتتىكى ئاممىدىن بىلىم سەۋىيىسى، تۇرمۇش تەجرىبىسى ھەم دۇنيا قاراش جەھەتتە ئىلغارلىقتا ئۈستۈن تۇرۇشى، ئەدەب - ئەخلاق جەھەتتە باشقىلارغا ئىجابىي ئۈلگە بولۇشى، ھەر بىر تۇرمۇش ھادىسىسى، كۆز ئالدىدىكى ھەر بىر يېڭىلىققا خەلقىنىڭ كۆزى بىلەن قاراپ، ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئومۇمىي خەلقىنىڭ دۇنيا قارىشىغا ماسلاشتۇرۇشى كېرەك. ئەسەردىكى تەلئەت يازغۇچى، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە قولىغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇش مەسىلىلىرىگە بولغان قارىشى، مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىغا ئەگىشىپ ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ ئالىيجاناب، پاك ساداقەتمەن شەخس ئەمەس، ئەكسىچە ئەخلاقسىز، چاكىنا، مىشچان ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭ ھاياتىدا ئالىيجانابلىق يوق دېيەرلىك. ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىيىتى، راھەت - پاراغىتى، ھاۋايى - ھەۋىسى، كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن ھەر قانداق ئادالەتسىزلىك، ۋىجدانسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق، ئەقىلسىزلىك قىلىشتىن باش تارتمايدۇ.

بىزدە «پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگىگە» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار، تەلئەت ئايالى مۇھەببەتنى «ۋىجدانى، ئەقلى يوق، كالۋا، قارا كۆڭۈل» دەپ ئەيىبلەپ، «ئەقىلسىز، ئەخمەق خوتۇن مۇھەببىتىمنى دەپسەندە قىلدى، قەلبىمنى زەھەرلىدى، ھاياتتىن كۆڭلۈمنى سوۋۇتتى، ماڭا خۇش پۇراق غۇنچىلىرىنى پۇرىتىشىنىڭ ئورنىغا، مىڭلارچە تىكەنلىرىنى كۆرسەتتى، ۋىجدانىم خورلاندى، غۇرۇرۇم سۇندى، ئەخلاقىم بۇزۇلدى» دەپ جار سالىدۇ. بىراق تەلئەتتە بار «غۇرۇر، ۋىجدان» ئايالدا (مۇھەببەتتە) يوقمىدۇ؟ ئۇ بۇنى ئويلاپ قويمايدۇ، تەلئەتتە بار «ۋىجدان، غۇرۇر» ئايالدىمۇ بار ئىدى، ئۇمۇ ئىللىق ئائىلىگە مۇھتاج ئىدى، تەلئەت ئۇنىڭغا قانچىلىك مېھر - مۇھەببەت، سەمىمىي سادىقلىق، ئائىلىۋى ئىللىقلىق ئاتا قىلالىدى؟ تەلئەت ئايالىنىڭ كۆز ئالدىدىلا گۈلنار بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا ئارىلاشتى. رەيھانگۈلنىڭ «قەلب چۈشەندۈرۈشلىرى» ئالدىدا «تەسىرلىنىپ»، رەيھانگۈل بىلەن «ۋاقىت بەلگىلەپ» ئۇچراشتى. كېيىن ئۇنىڭدىن كۆڭلى

سۇۋۇدى، گۈلنار مۇھەببەتنىڭ كۆزىچىلا تەلئەتنى سۆيگەندە، تەلئەتنىڭ قانۇنلۇق، ھالال ئايالى، بالىلىرىنىڭ ئانىسى بولغان مۇھەببەت سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشى كېرەكمىدى؟! تەلئەت نېمە ئۈچۈن گۈلنارنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، مۇھەببەتكە ئاچچىق گەپ قىلىدۇ؟ بۇلار تەلئەتنىڭ ئەخلاقسىزلىقى، ساداقەتسىزلىكى، چاكىنىلىقى ئەمەسمۇ؟!

تەلئەت ئەقلىنى تېپىپ نەزەرىنى رېئاللىققا ئاغدۇرماي، ھېسسىيات ئالۋۇنىغا ئەگىشىپ يول ئالدى. «گۈلنارنىڭ ئايدەك جامالى نۇرلىنىپ، ئوقتەك تىكىلگەن كۆزلىرىنىڭ سېھىرلەشلىرى. . . ئۇنىڭ نېپىز، قىزىل سۇ ئۈزۈش كىيىمىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان تولۇق كۆكسى. . .» ئۇنىڭ ئەقلىنى ئوغرىلىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ دادا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇدى. ئاپتور بۇنى «قايتا قوزغالغان مۇھەببەت» دەپ تەرىپلىدى. تەلئەتنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى «مۇھەببەت» دېگەن بۈيۈك تۇيغۇنى چاكىنىلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى «مۇھەببەت» دېگەندىن كۆرە، ھايۋانىي شەھۋەتپەرەسلىك دېگەن تۈزۈك. مۇھەببەت ئەخلاقنى ئۆلچەم قىلىدۇ، ئادەملەرنى ئەڭ گۈزەل، يۈكسەك ھېسسىياتقا ئېرىشتۈرىدىغان مۇھەببەت ئەخلاق تەرەققىياتى ئاساسىدا قۇرۇلىدۇ. ئەگەر تەلئەت گۈلنارنىڭ ناز-كەرەشمىلىرى ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئائىلىۋى ئەخلاقنى، ئايالىنى، بالىلىرىنى نەزەرگە ئالغان بولسا، ئۇنىڭ مۇھەببىتى گۈزەل، بۈيۈك مۇھەببەت بولغان بولاتتى، «ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت، پۈتكۈل كائىنات پەرياد چەكمەيتتى، تاغلار نەرە تارتمايتتى، شارقىراتما نالە قىلمايتتى، يايلاق، چىمەنلىك، دەرەخلەر. . . ھەممىسى ھەسرەت چەكمەيتتى».

ئۇلار (تەلئەت بىلەن گۈلنار) «مۇھەببەتتە، نىكاھتا ئەركىنلىككە ئىنتىلگۈچىلەر... ھەقىقىي ئەركىن مۇھەببەت، سۆيگۈنىڭ لەززىتىنى تېتىپ ياشاشنى خالايدۇ»، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە «بىزنىڭ تۈرلۈك-تۈمەن ئەھكام، نىزاملىرىمىز دوزاخ ئوتىدەك كۈچلۈك، ھارارەتلىك، ئازابلىق بولۇپ، بۇلار ئۇلارنىڭ مۇھەببەت يولىدىكى توسالغۇ.» بۇلارنىڭ ھەممىسى تۆھمەت. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ ھەقىقىي ئەھكام، نىزاملىرىمىز ئەركىن مۇھەببەتنىڭ توسالغۇسى ئەمەس، بەلكى چاكىنىلىقنىڭ، ئەخلاقسىزلىقنىڭ دۈشمىنى؛ ھەمگە ئايانكى، بىز رابىيە بىلەن سەئىدىنىڭ، غۇنچەم بىلەن نۇرۇمنىڭ ئەركىن مۇھەببەت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ئەخلاق دائىرىسىدە ئەيىبلىمەيمىز. ئۇلارنىڭ فېئوداللىق ئەخلاق، نىكاھ تۈزۈمى ئۈستىدىن كۆتۈرگەن ئىسيانلىرىنى قوللايمىز: ئۇلار ئەخلاق ئەنئەنىلىرىمىزنى ئىجادىي ھالدا گۈزەللەشتۈرۈشكە تىرىشقان. ئۇلار تەلەپ قىلغان ئەركىن نىكاھ، ئەركىن مۇھەببەت ئومۇمىي خەلقنىڭ ئارزۇسىغا، تارىخنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن بولۇپ، مىللىتىمىزنىڭ ئىلغار ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئىنكار قىلمىغان.

ئەسەردىكى گۈلنار ئۆزىنى ئەركىن مۇھەببەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان پىداكار جەڭچى ھېسابلايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ پىداكارلىقى پەقەت ياسالمىلىقتىن ئىبارەت. شۇنداق ئۇلۇغۋار غايىنى كۆڭلىگە پۈككەن كىشى نېمە ئۈچۈن ھېچبىر قارشىلىقسىزلا مۇدىرنىڭ ئوغلى بىلەن توي قىلىدۇ؟ نېمىشقا تەلئەتكە بولغان ساداقىتىنى، ئۆزىنىڭ ئەركىن مۇھەببەتنى قوغداش روھىنى نامايان قىلىپ ھەرىكەت قىلمايدۇ، ئەگەر ئۇ مۇدىرنىڭ ئوغلىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، باتۇرلۇق قىلىپ، «ئەركىن مۇھەببەت» دەپ توۋلاپ، تەلئەتنىڭ يېنىغا بېرىۋالغان بولسا، ئەنە شۇ چاغدا ئۇ ھەقىقىي «مۇھەببەت ئىلاھى» بولالايتتى. گۈلنارنىڭ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ كېيىن تەلئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرىگە،

ئايالى، بالىسى بار بىر ئەرنى ئازدۇرۇپ، چاپلىشىۋېلىشىغا قاراپ، ئۇنى «رەزىللىكتىن خالىي، يۈكسەك پەزىلەتكە ئىگە، ئالىيجاناب، ساداقەت گۈلزارىدىكى غۇنچە»، «قالاق ئۆرپ-ئادەتكە، كونا ئەخلاق، جامائەت پىكرىگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان قىز» دېگىلى بولمايدۇ. ئۇمۇ تەلئەتكە ئوخشاشلا تاپتىن چىققان ئەخلاقسىز، ئۆز ھېسسىياتىنى كونترول قىلالمايدىغان ئەسەبىي شەخس. ئۇ ئەسەردە تەرىپلەنگەندەك ھەقىقىي ئالىيجاناب، پەزىلەتلىك ئايال بولسا، تەلئەتنىڭ يوق گۇناھى ئۈچۈن (تەلئەت دەسلەپتە گۇناھسىز ئىدى) ئۆچ ئالىمەن دەپ «بىر ئوغۇل بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۈرمىگەن»، «بىر بالا بىلەن تۇتۇلۇپ قالمىغان»، «كىنودىن قايتقاندا، بىر نەچچە لۈكچەك ئالدىنى توسىغاندا قارشىلىق كۆرسەتكەن»، «ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆيىنى بۇزمىغان» بولاتتى. بۇ ئەخلاقسىز قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆچمەس پاكىت. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يەنە يېڭىچە ئەخلاق، ئەركىن مۇھەببەت دېگەنلەرنى بازارغا سالدى. ئۇنىڭ مەقسىتى مىللىتىمىزنىڭ خوتۇن-قىزلىرىغا پارىژنىڭ ئەيش-ئىشرەت كوچىسىدىكى ئاياللارنىڭ ئەخلاقىنى تېڭىشمۇ؟!

گۈلنار ئۆزىچە «يېڭىلىقنى، مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشتا ھېچكىمنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋېتىشنى خالىمايدىغان قىز»، «تەرەققىيپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ھۈنەر-سەنئەت ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى ئاكتىۋال پىكىرلىرى ئاجايىپ ئوچۇق، ھاياتىي كۈچكە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، كىشىلەرقانچىكى ئاڭلىق، ئىقتىدارلىق بولسا، شۇنچە ياخشى. شۇڭا ئۇ كونا، مۇتەئەسسىپلەرچە قاراشلارغا ئۆچ. ھەممىنى (يامان بولىدۇ) دەيدىغان ئەنئەنىۋى ئادەتلەرگە قارشى تۇرىدۇ.» ئۇنىڭ بۇ روھىغا ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدۇ. جەمئىيەتنى مەدەنىيەتلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ھەر بىر كىشىدە مۇشۇنداق ئىلغار پىكىرنىڭ، ئاكتىپ دۇنيا قاراشنىڭ بولۇشى شەرت. بىراق تەرەققىي تېپىش، مەدەنىيەتلىك بولۇش دېگەندە، ئەسەبىيلەرچە مودا قوغلىشىش، يۈزىگە ئالىي سۈپەتلىك يۈز مېيى سۈرۈش، كىرپىكىگە سۈرمە سۈرۈش، چاچلىرىغا شاخەي ئەترىنى چېچىشلا كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. ئەسەردىكى گۈلنار بىلەن تەلئەت بۇلارنى ئالاھىدە «مەدەنىيەت، تەرەققىيات» دەپ تەرىپلەشتى. دېمەك، ئېغىزدىكى شوئار بىلەن ئەمەلىي ھەرىكەت بىردەك بولمىدى. تېخىمۇ يامان بولغىنى گۈلنارنىڭ مەدەنىيەت، تەرەققىيات دەپ سۈمبۇل چېچىنى كېسىۋەتكىنى، تەلئەتنىڭ بۇنى قوللىغىنى. ئۇزۇن چاچ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ سىياقىغا يات ئەمەس. ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ چېچى ھەم ئۇزۇن، توم بولغاچقا، «شەرق گۈزىلى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ھازىرقى زاماندا ئۇزۇن چاچ ھېچكىمگە، ھېچنېمىگە پۇتلاشمايدۇ، بەلكى قىزلىرىمىزنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، مىللىي ئالاھىدىلىك، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە تەرىپلىنىدۇ.

قىسقىسى، بۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ قىلچە ئېستېتىك قىممىتى يوق. ئاپتور تۇرمۇشتىكى چاكىنىلىقلارغا مەدھىيە ئوقۇپ، يېڭىچە گۈزەللىك ياراتماقچى بولغان. بىزنىڭچە ئەسەردە تەلەپ قىلىنغان ئىجتىمائىي ئەخلاقنى چەتكە قاققان «ئەركىن مۇھەببەت»، «ئەركىن نىكاھ»قا ئىجازەت بەرگىلى بولمايدۇ. بىزلا ئەمەس، ھەرقانداق ماكاندىكى ئەقىللىق، مەدەنىيەتلىك، چىن مۇھەببەتنى ئۇلۇغلىغۇچى، گۈزەللىكنى مەدھىيىلىگۈچى ئىنسانلار ئىجازەت بەرمەيدۇ. ھېچكىم ئەخلاقسىزلىققا قەسىدە ئوقۇمايدۇ!

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

# ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋەكىللىرى

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** ژۇرنىلىمىز ئۆزىنىڭ 1987 - يىل 10 - سانىدىن 1988 - يىل 6 - سانىغىچە مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىدىن ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى (ئابدۇقادىر داموللا)، ئىسمائىل ھاجى، ھاپىز ھاجى، قۇتلۇق شەۋقى، مەمتىلى توختاجى (تەۋپىق)، ناسۇھائىمىن، ئابدۇللا ھاپىز، ئىبراھىم نورۇز، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، نەممەت خەلپەت، قاسىمجان قەمبىرى، نۇر مۇھەممەت بوساقوۋ، ئابدۇللا روزى، ئەنۋەر ناسىرى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزى، ئەمەت غوپۇرى، ئەھمەدى قاتارلىق 18 ئەدىبنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى تونۇشتۇرغان ئىدى. ژۇرنىلىمىز مۇشۇ ساندىن باشلاپ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىنى يەنە داۋاملىق تونۇشتۇرىدۇ.

## ئارۇپ قاسىمى

شائىر ئارۇپ قاسىمى 1873 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ چولۇقاي يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بالىلىق چاغلىرىنى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكۈزگەن، كېيىن ئائىلىسى بىلەن ياركەنتكە كۆچۈپ بېرىپ، مەدرىس ۋە پەننىي مەكتەپلەردە بىلىم ئالغان. ئوقۇش داۋامىدا ئەرەب - پارس ۋە رۇس تىللىرىنى ئىگىلىگەن. تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي، ھۈنەر ئۆگەنگەن. كېيىن غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، تىككۈچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە جامائەت، ئاقارتىش ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ئارقىلىق تونۇلغان. ئارۇپ قاسىمى 1936 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

ئارۇپ قاسىمىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى 1900 - يىللىرى باشلانغان. ئۇ ھاياتىدا كۆپلىگەن شېئىر، مەسەل ۋە داستانلارنى يازغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن. بىر قىسىم شېئىرلىرى ۋە بىر كىچىك داستانىلا كىچىك ئوغلى ھۈسەيىننىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان. شائىرنىڭ ساقلىنىپ قالغان 12 پارچە شېئىرى ۋە بىر پارچە مەسىلى ھۈسەيىن ئارۇپ، تۇرسۇن زىرىدىنلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىندى.

شائىرنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەدەبىي مىراسلىرى تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى؛ يۇقىرى بەدىئىيلىكى بىلەن كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى بىلەن ھازىرقى زامان شېئىرىيىتى ئامىللىرى مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، بۇ شائىر ئىجادىنىڭ ئورگىناللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، يەنە 1920 _، 1930 - يىللاردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ روشەن

ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

مەرىپەتپەرۋەر شائىر «كۇقۇنۇك» ناملىق شېئىرىدا:

ئەي ئەزىزە، خوش لەتاپەت، ماھى تابانلار كۇقۇنۇك،
ئۆشبۇ مەكتەپ گۈلشەنىدە، بويى رەيھانلار كۇقۇنۇك.
دىل چىراغى، يول باراڭى، بۇ كۇقۇنۇشتۇر بىلىڭىز،
يەن كۇقۇنۇڭلار ھەم بىلىڭلار، قۇربى راۋانلار كۇقۇنۇك.

دېگەن مىسرالارنى تىزىپ ياش - ئۆسمۈرلەرنى مەكتەپكە كىرىپ، ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە چاقىرغان بولسا، «چولۇقاي» ناملىق شېئىرىدا:

تاغ ياقىدۇر، تالى ئۆسكەن، ياپيېشىل يايلاقلىرى،
غوللىرىدا ئۆستى ئۆرۈك، ئالما، ئارچا، قارىغاي.
. . . . . .
بۇغا - مارال، بۆرە، تۈلكە ھەم ئېيىق، يولۋاسلىرى،
قوي - كالالار، ئۆچكە، تۆگە، ئاندا يۈرگەن يىلقا - تاي.
. . . . . .
سەكرەپ يافسا يېغىن، گۈللەرگە چۈشسە تامچىسى،
كۆن ئاچىلسا، زەررە قالماس ئاندا يامغۇر بىرلا لاي.

دېگەندەك ئېسىل سۆز ئۈنچىلىرىنى تىزىش ئارقىلىق يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. شائىر ئۆزىنىڭ «تۈلكە بىلەن قارغا» ناملىق مەسىلىدە كىشىلەر ئاغزىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان شۇ ناملىق ئۇيغۇر خەلق مەسىلىنى شېئىرىي تىل ۋاستىسى ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇپ چىققان.

شائىر ئارۇپ قاسىمنىڭ ئەدەبىي مىسرالىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى (شەكىللىنىش) باسقۇچىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى ئۆگىنىشتە بەلگىلىك قىممەتكە ئىگىدۇر.

ئىمنجان ئەخمىدى تەييارلىغان

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم



# ھەمرا بارات

شائىر ھەمرا بارات (تەخەللۇسى كاتىپى) 1873 - يىلى يەركەنتنىڭ پەنجىم يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1918 - يىلى ئىلىغا ئۆتۈپ، ئانا يۇرتى - غۇلجا ناھىيىسىنىڭ تۇرپانيۈزى يېزىسىغا ئورۇنلاشقان. 1947 - يىل 74 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.①

ھەمرانىڭ ئاتىسى بارات ئوغلىنىڭ تەربىيىسىگە كىچىكىدىن كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇنى پەنجىمدە ئوقۇتۇپ ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، بۇخارادا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمىگەچكە، ھەمرا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي قايتىپ كەلگەن ھەمدە قالغان بىلىملەرنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ تولۇقلىغان. تۇرپانيۈزىگە كەلگەندىن كېيىن دەسلەپ شۇ يېزىدىكى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، يېزا ياشلىرىنى بىلىم، ئەخلاق ئۆگىنىپ، خوراپاتلىق ۋە نادانلىقنى تۈگىتىشكە يېتەكلىگەن، ياشانغان مەزگىلىدە تۇرپانيۈزى يېزىسىدا ئىماملىق قىلغان.

شائىر ھەمرا بارات شېئىرلىرىدىكى بىشارەتتىن قارىغاندا، ئۇ ياشانغان چېغىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆپلىگەن شېئىر ۋە «خۇشتىرىخان» ناملىق داستان يازغان. شائىرنىڭ 1940 - يىللارنىڭ باشلىرىدا رەتلەپ تۈزگەن بىر دىۋانى ھازىر غۇلجا شەھىرىدىكى سىدىق تۇرسۇننىڭ قولىدا ساقلانغان بولۇپ، دىۋان دىنىي، ئەخلاقىي ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەزمۇنلاردا يېزىلغان 247 پارچە شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمى غەزەل شەكلىدە، قالغان قىسمى مۇخەممەس ۋە باشقا شېئىرىي شەكىللەردە يېزىلغان. سۇلتان ئۆۋەيس يېزىسىدىكى مەرھۇم ھېزىم ئاكا ھەمرا كاتىپىنىڭ 94 پارچە شېئىرىنى ساقلاپ كەلگەن. تۇرسۇن زەيدىن ئەنە شۇ شېئىرلاردىن بىر قىسمىنى تاللاپ نەشرگە تەييارلاپ، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان.

تۆۋەندە شائىر ھەمرا بارات (كاتىپى) نىڭ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىدىن بىر پارچىنى كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە سۇنىمىز:

① شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىغا دائىر مەلۇماتلار يولداش تۇرسۇن زەيدىن تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىل 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «كاتىپى شېئىرلىرى»نىڭ نەشرگە تەييارلىغۇچى سۆزىدىن ئېلىنىدى.

ئاتىمىش ياشتا ئەبيات يازدىم، كۆزۈم نادان،
ئەقلىم ھەيران، كۆڭلۈم ۋەيران، يۈرەكىم قان،
كۆزۈم گەريان، باشىم سەرسان، تېنىم لەرزان،
نېچۈك لەرزان بولغانىمنى بىلىڭ دوستلار.

نەزىم قىلماق كېچە - كۈندۈز بولدى ئىشىم،
بۇ ئىش بىلەن ئادا بولدى يازۇ - قىشىم،
قايغۇ بىلەن غەمگە تولدى ئىچى - تېشىم،
نەسەۋەبتىن تولدى ئىچىم بىلىڭ دوستلار.

ھەيراندۇرمەن ئۇشبۇ ئىشقا قىلدىم ھەۋەس،
ئەمدى بىلسەم ئۆتكەن كۈنۈم ياخشى ئەمەس،
بولۇپ قالدىم مانا بۈگۈن ئەبياتپەرەس،
ئەبياتپەرەس بولغانىمنى بىلىڭ دوستلار.

ئەبيات يېزىپ ئەمەل قىلماي يولدا قالدىم،
يولدىن قالسام نە ياخشىدۇر كۆلدە قالدىم،
كۆلدە قالدىم خوش سائادەت چۆلدە قالدىم،
نەسەۋەبتىن چۆلدە قالدىم بىلىڭ دوستلار.

نادان كاتىپ جاندىن كەچمەك ئاسان ئەمەس،
جاندىن كەچمەك نادانلارغا نەسىپ ئەمەس،
نادانلىقتا ئۆتكەن ئۆمۈر پايدا بەرمەس،
ئۆمرۈم نېچۈك ئۆتكەننى بىلىڭ دوستلار.

ھەمرا باراتنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن مول ۋە قىممەتلىك شېئرىي مىراسلىرى ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىلگەن شائىرى ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ.

ئىمىنجان ئەخمىدى تەييارلىغان

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# شائىر تەلئەت ناسىرى



تەلئەت ناسىرى 1940 ـ يىلى غۇلجا شەھىرى ئۆزبېك مەھەللىسىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1957ـ يىلى ھەربىي سەپكە قاتناشقانغا قەدەر غۇلجا شەھەرلىك ئۆزبېك مەكتەپ ۋە ئۈرۈمچى كىنو ئارتىسلىرى يېتىشتۈرۈش تېخنىكومىدا ئوقۇغان. 1957 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكىدە مۇزىكانت، ئىجادىيەتچى، 1963 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلىغىچە ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈم قارىمىقىدىكى «خەلق ئارمىيىسى» گېزىتىدە مۇھەررىر، 1983 ـ يىلدىن 1993ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ۋە لەنجۇ ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈم قارىمىقىدىكى ئىجادىيەت بۆلۈمىدە كەسپىي يازغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1958 ـ يىلى باشلانغان. ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىر، ھېكايە، دراما، تېلېۋىزىيە سىنارىيىسى ۋە ئەدەبىياتقا ئائىت تەتقىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. نۇرغۇن ناخشا ـ مۇزىكىلىرى رادىئو ـ تېلېۋىزىيىلەردە ئاڭلىتىلغان.

شائىرنىڭ «جەڭچى ناخشىسى»، «بۇ ئاي، بۇ كۈنلەر»، «لالىلەر» قاتارلىق شېئىر ۋە ھېكايىلەر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. «لالىلەر»، «ئىككى شېئىر»، «گۈل كېلۇر»، «گۈل ئۈزمەيمەن»، «جازا» قاتارلىق شېئىر، ناخشا، ھېكايىلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك، «ئايدىڭ كېچە»، «ئارمىيە قىز» ناملىق شېئىر، داستانلىرى مەملىكەت دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. «ئۆزبېك ئوغلىمەن»، «كۈنزار ۋە گۈلدار»، «ئارمىيە قىز» ناملىق ئەسەرلىرى ۋە ئۆزبېك ئەدەبىياتىغا ئائىت تەتقىقات ماقالىلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

شائىر «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخى»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى تارىخى»، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان مەشھۇر سەنئەتكارلىرى» قاتارلىق كىتابلاردا تونۇشتۇرۇلغان.

تەلئەت ناسىرى مۇزىكا ئىجادىيىتىدىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتقان. ئۇنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرى 1960 ـ يىلدىن ھازىرغىچە ئورۇندىلىنىپ كەلمەكتە.

(ئاخىرى 128 ـ بەتتە)

# ياش يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەت



ماخمۇت مۇھەممەت 1952 - يىلى 3 - ئىيۇندا غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەرەمباغ مەھەللىسىدە (بۇرۇنقى ئابدۇللا توقاي كوچىسىدا) ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1958 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1970 - يىلدىن 1974- يىلغىچە نىلقا ناھىيىسىنىڭ ھەسەلچىلىك فېرمىسىدا ۋە بايكۆل كەنتىدە «قايتا تەربىيە» ئالغان. ئۇ 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى، مەدەنىيەت ئىدارىسى ۋە غۇلجا شەھەرلىك رادىئو ئۇزېلىدا ئىشلىدى.

ئۇ ھازىر ئىلى ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ماخمۇت مۇھەممەت 1964 - يىلى 12 - ئايدا «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىگە بېسىلغان «خاتىرە كۈنلىرىدە» ناملىق خەۋىرى بىلەن ئاخبارات سېپىگە، 1965 - يىلى 10- ئايدا «ئىلى گېزىتى» گە بېسىلغان «غۇنچە بىز» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويدى. 1971 - يىلى يازدا «ئىلى گېزىتى» گە ئۇنىڭ «تاڭ قۇياشى نۇرىغا چۆمگەن لەيلىزار» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى بېسىلدى. بۇ ھېكايە ئۇنىڭ پروزا ئىجادىيىتىگە زور ئىشەنچ بىلەن قەدەم تاشلىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ «ئاتا ئىزىدىن»، «سالچى»، «ھەرە ياققۇچىنىڭ خۇشاللىقى»، «سەيدىنخولادا باھار» قاتارلىق ھېكايىلىرى كىتابخانلار بىلەن ئارقا - ئارقىدىن يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىڭ ئاتاقلىق خەنزۇ يازغۇچىسى ۋاڭ مېڭ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «سالچى» ناملىق ھېكايىسى 1974 - يىلى خەنزۇ تىلىدا چىقىدىغان «شىنجاڭ ئەدەبىيات -سەنئىتى» ژۇرنىلىغا بېسىلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ياش ئەدىبنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئۇرغۇپ تاشتى. بۇ يىللاردا ئۇنىڭ ئىككى كۇبلېتلىق شېئىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 400 نەچچە شېئىرى، 20 دىن ئارتۇق ھېكايىسى ۋە «ھەر شېئىردا بىر پىكىر»، «ھېسام چاقچاقلىرىدىكى ھازىر جاۋابلىق»، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ھەجۋىي» قاتارلىق ئون نەچچە ئوبزور ھەم ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى. 1985 - يىلدىن 1990 -يىلغىچە بولغان ۋاقىتنى ماخمۇت مۇھەممەت ئىجادىيىتىنىڭ تېز يۈكسەلگەن، گۈللەنگەن دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يىللاردا ئۇ «ئالتە بوۋاينىڭ ھېكايىسى»، «گۈلەمخان»، «بۇلبۇلنىڭ قەبرىسى»، «گۈل باللادىسى»، «نەمەتجان تۇتقان گۈلچاي» قاتارلىق 11 داستان- باللادا، «ھاسان قايماقنىڭ ئىشلىرى»، «ئۆچمەس گۈلخان» قاتارلىق يەتتە پوۋېست، «دات»، «ئارتىس تاللاش»، «ئايالىمنىڭ دوستى» قاتارلىق 100 گە يېقىن ھېكايە يازدى،

ئۇ 1990 ـ يىلى كۈزدە ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ۋالىي مەھكىمىسىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ھاۋالىسى بىلەن «ئىلى ۋادىسىدا مەشرەپ» ناملىق تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلىمىنى يېزىپ چىقتى. ئىلى ۋىلايىتى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە سۈرەتكە ئالغان بۇ فىلىم 1992ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر بەدىئىي تېلېۋىزىيە فىلىملىرى «ئالتۇن تۇلپار» مۇسابىقىسىدە 1ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ 1989 ـ يىلدىن 1991ـ يىلغىچە «شۇنداق كۈنلەرمۇ ئۆتكەن» ناملىق رومانىنى يازدى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ «قوڭغۇراق»، «ئالتۇن مۇنار»، «چەشمىلەر» قاتارلىق ئۈچ شېئىرلار توپلىمى، «سالچىنىڭ ئوغلى»، «ئاھ، يانتۇ سۈرەت»، «سومكىدىكى جېدەل» «كۆزلەر سۆزلەيدۇ» قاتارلىق تۆت ھېكايىلار توپلىمى، «ئاخىرقى كۆلكە» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى ۋە «ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق تۆت كىتابى نەشر قىلىندى. 15 ھېكايىسى، بىر قىسىم شېئىرلىرى ۋە «ھېسام چاقچاقلىرى» نىڭ بىر توپلىمى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. بىر قىسىم شېئىرلىرى ۋە «ھېسام چاقچاقلىرى» نىڭ بىر بۆلىكى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان مەتبۇئاتلىرىدا بېسىلدى.

ماخمۇت مۇھەممەت ناخشا ئىجادىيىتى ساھەسىدىمۇ زور ئىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇ ھازىرغىچە 200 دىن ئارتۇق ناخشا تېكىستى يازدى. ئۇ يازغان «باغقا بارايلى»، «ئايزۆھرە»، «ئىنتىزارلىق»، «جانجان ئانا» قاتارلىق تېكىستلار بىر قەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

ئۇ ھازىرغىچە 23 قېتىم ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن تۆتى بار. ئۇنىڭ «باغقا بارايلى» ناملىق تېكىستى 1986ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1ـ دەرىجىلىك، مەملىكەت بويىچە 3ـ دەرىجىلىك ناخشا تېكىستى مۇكاپاتىغا؛ «قەغەز قېيىق» ناملىق تېكىستى 1988 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە 3ـ دەرىجىلىك ناخشا تېكىستى مۇكاپاتىغا؛ «تاشتى مېھرىم دولقۇنى» ناملىق تېكىستى 1990ـ يىلى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق تۆت ئورۇن بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن 3ـ قېتىملىق شىنجاڭ مۇكاپاتلىق ناخشا مۇسابىقىسىدە 1ـ دەرىجىلىك ناخشا تېكىستى مۇكاپاتىغا؛ «ھېسام چاقچاقلىرى» نىڭ 1 ـ كىتابى 1984ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «كېۋەر مىق» ناملىق ھېكايىسى 1985 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيۇشتۇرغان يېزا ئىگىلىك تېمىسىدىكى ئەسەرلەر مۇسابىقىسىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «ئاسلاننىڭ ھۈنەر ئۆگىنىشى» ناملىق مەسەلى 1987 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بالىلار ئەدەبىياتى مۇسابىقىسىدە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

خەلق ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ جاپالىق ئىجادىي ئەمگىكىگە مۇناسىپ باھا ۋە ئىنئام بەردى، ئۇ 1989ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتى بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن پەن ـ تېخنىكا خادىمى بولۇپ باھالاندى. 1992 ـ يىلى ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپى بويىچە مۇئاۋىن تەتقىقاتچى ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ماخمۇت مۇھەممەت ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ئىلى ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى؛ ئىلى ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھەم باش كاتىپى.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم تەييارلىغان**

# سېھىرلىك گىلەم پەرۋاز قىلماقتا

44 يېشىدا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن لاتىن ئامېرىكىسى يازغۇچىسى گابرىيېل گارسىيا ماركوس شەرەپ قۇچقاندىن كېيىنمۇ ئىجادىيىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. نۇرغۇن جايلاردا ساياھەتتە بولغان ۋە تۇرغان بۇ يازغۇچىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئىنتايىن مول. ئۇ كارايىپ دېڭىزى خەلقلىرىنىڭ چۆچەك خۇمارلىق ئادىتى ۋە ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ بېجىرىم قەلىمى ئارقىلىق ئاخبارات، كىنو، ئەدەبىيات قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشلا كارامىتىنى كۆرسەتمەكتە.

ماركوس كولۇمبىيىدە بىر نامرات پوچتالىيون ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باللارنىڭ چوڭى بولۇپ، ئۇنىڭ 11 ئىنىسى ھەم سىڭلىسى بار. ماركوس كىچىك ۋاقتىدا ئاركاداكا دەپ ئاتىلىدىغان چەت بىر يېزىدا بوۋىسى ھەم مومىسى بىلەن بىرگە تۇراتتى. ئۇنىڭ بوۋىسى 1899 - 1903 - يىللاردىكى كولۇمبىيە ئىچكى ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، ئاجايىپ زور شان - شەرەپكە ئېرىشكەن. بىراق كېيىنكى كۈنلەردىكى بۇرۇختۇم تۇرمۇش ئۇنىڭغا چىدىغۇسىز ھەسرەت ئېلىپ كەلگەن. ماركوسنىڭ باللىق چاغلىرىدىكى خاتىرىلىرى ۋە بوۋىسى بىلەن مومىسىدىن ئاڭلىغان چۆچەكلەر كېيىنكى مەزگىلدە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن جاي - «ماكوندو» ئۇ ياشىغان ئاركاداكا يېزىسىنىڭ تەسىرىدە يارىتىلغان. ئۇ بوۋىسىنى ئۆز ھاياتىغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن كىشى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق» رومانى ۋە باشقا كۆپلىگەن پوۋېست، ھېكايىلىرىدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان پولكوۋنىكقا بوۋىسى پروتوتىپ قىلىنغان.

ماركوس 19 ياش چېغىدا بوگوتا ئۇنىۋېرسىتېتىغا قانۇن ئۆگەنگىلى كىرگەن ۋە تۇنجى ھېكايىسىنى ئېلان قىلغان، ئىككىنچى يىلى ئىچكى ئۇرۇش پارتلاپ مەكتەپ ئامالسىز تاقىلىپ قالغانلىقتىن، ئۇ كارتاخېنا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئالماشقان. 21 يېشىدىن باشلاپ «ئاۋانگارت گېزىتى» دە مەخسۇس سەھىپە يازغۇچىسى بولغان. 26 يېشىدا بوگوتاغا قايتىپ كېلىپ «كۆزىتىش گېزىتى» دە مۇخبىر، تەقرىزچى بولغان ھەم بوش ۋاقىتلىرىدا ئىزچىل ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇنىڭ تۇنجى ھېكايىلەر توپلىمى -

«كۆزدىكى ياپراق» 1955 - يىلى نەشىر قىلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئەسەر سول ئېقىمغا مايىل ئىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىمۇ سول ئېقىمغا ھېسداشلىق قىلاتتى ھەم دائىم ماقالە يېزىپ، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەر قايسى ئوڭ قانات ئىستىبدات ھاكىمىيەت كۈچلىرىنى سۆكەتتى. ھەتتا كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ چىلىنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانى - پىنوچېت تەختتىن چۈشمىسە ھېكايە يازمايمەن دەپ جار سالغان. ئاخىرىدا ئۇ ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن سىياسىيغا بولغان مايىللىقى يەنىلا يوقالمىغان. شۇ يىلى ئۇ ئالاھىدە مۇخبىر سۈپىتىدە ياۋروپاغا ئەۋەتىلگەن ۋە «رىم تەجرىبە كىنو مەركىزى» دە دەرس ئۆتكەن. يىل ئاخىرىدا پارىژغا قايتىپ كېلىپ، «كۆزىتىش گېزىتى» نىڭ پېچەتلەنگەنلىكىنى ئۇققان، ئىشسىز قالغاندىن كېيىن پارىژدا بىر نەچچە يىل جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، «كۆز تەگكەندە»، «پولكوۋنىكقا ھېچكىم خەت يازمايدۇ» ناملىق ئىككى پوۋېست يازغان ھەم بۇ جەرياندا ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى كېزىپ چىققان.

1958 - يىلى دۆلىتىگە قايتىپ كېلىپ مىشىدىس باچا بىلەن توي قىلغان، ئىككىنچى يىلى چوڭ ئوغلى رودېرىدان تۇغۇلغان. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىنچى ئوغلى گونسالىس تۇغۇلغان. بۇ ئاكا - ئۇكا ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، يەنى «يۈز يىل غېرىبلىق» نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن ماركوس ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ ياۋروپاغا كۆچۈپ بارغان. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدە يازغان ئەسەرلىرىدە دائىم دېگۈدەك ئون ياش ئەتراپىدىكى بىر جۈپ ئاكا - ئۇكا تەسۋىرلىنىدۇ. كىشىلەر بۇلارنى ئۇنىڭ ئاشۇ ئىككى ئوغلى دەپ ئوچۇقلا تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ.

50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ماركوس ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ۋېنسۇئېلا، كۇبا، مېكسىكا قاتارلىق ئەللەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان ۋە خىزمەت قىلغان. ئاخبارات ماقالىلىرى، كىنو سېنارىيىسى ۋە ھېكايە يازغان، كاستىرو قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، «لاتىن ئامېرىكىسى گېزىتى» نى چىقارغان. ئۇنىڭ كاستىرو بىلەن بولغان يېقىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خېلى بىر مەزگىلگىچە ئۇنىڭغا ۋىزا بېرىشنى رەت قىلغان. بۇ چاغدا ماركوسنىڭ كىتابخانلىرى پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئىسپانىيىنى قاپلىغان ئىدى. ئۇ لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ مىگلىي قەھرىمانى بولىۋارنىڭ چوڭ ئامېرىكىچىلىق ئىدىيىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن قوللايتتى. ئۇ «سىرلىق قەلئەدىكى گېنېرال» دا دەل بولىۋارنى يازغان ئىدى.

ئۇ «يۈز يىل غېرىبلىق» رومانى ئۈچۈن 20 يىلغا يېقىن ماتېرىيال توپلاپ، ئۇنى 1965 - يىلى مېكسىكىدا يېزىشقا كىرىشىپ 18 ئايدا تاماملىغان. بۇ ئەسەر پارىژدا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەر قايسى ئەللەردە ئارقا - ئارقىدىن بېسىلغان. 1967- يىلى بۇئېنس - ئايرىستا نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن پۈتۈن دۇنيادا زىلزىلە قوزغىدى.

بۇ ئەسەردە «ماكوندو كەنتىنى بەرپا قىلغان بۇئېندىيە جەمەتىدىكى ئالتە ئەۋلادنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا

يۈزلىنىشى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنى كولۇمبىيە، ھەتتا پۈتۈن لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى دېيىشكە بولىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدىكى ماكوندو ئاۋات بىر قەبىلە بولۇپ، سېھىرگەرنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئاستا-ئاستا مەدەنىيەتكە قەدەم قويىدۇ. كېيىنكى بىر ئەۋلاد ئىنقىلاب ۋە ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئامېرىكا مېۋە-چېۋە شىركىتى بۇ جاينى ئېچىش ئۈچۈن كېلىدۇ ھەم كىشىنى ئەنسىزلىككە سالىدىغان مەخپىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارىدۇ. ماكوندو ئاستا-ئاستا زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ. قەبىلىنىڭ ئايال باشلىقى ئۇرسولا ئۆز جەمەتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، 130 يىل كۈرەش قىلىپ ئاخىر ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ماكوندو تويۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ. بۇئېندىيە جەمەتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئەۋلادى قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئاتا-بوۋىسىنىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ، قۇيرۇقلۇق پەرزەنت كۆرىدۇ. كېيىن ئۇنى چۈمۈلىلەر يەپ كېتىدۇ. سىگان مىرگادىسنىڭ ئالدىن بېشارەت بەرگىنى بويىچە جەمەتىنىڭ تارىخى پۈتۈنلەي تاماملىنىدۇ. پاكلىقتىن رەزىللىككىچە، گۈللىنىشتىن خارابلىققىچە بولغان بۇ جەريان كىشىگە ئىنجىلدىكى مەسەللەرنى ئەسلىتىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، «يۈز يىل غېرىبلىق» تارىخىي پاكىت بىلەن ئەپسانە، مەسەللەرنىڭ ۋە كارايىپ دېڭىزى خەلقىنىڭ راست-يالغان ئارىلىشىپ كەتكەن مەدداھلىق ئەنئەنىسىنىڭ بىر-بىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت.

بۇ كىتاب نەشر قىلىنىشى بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئەسلىدىكى سېھرىي (خىيالىي) رېئالىزملىق ئۇسلۇبدا تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەش بولدى. دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدىن دېگۈدەك بۇ خىل ئۇسلۇبنىڭ ۋارىسلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى.

كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا ماركوسنىڭ «ئىستىبداتنىڭ ھالاكىتى»، «ئۆلۈمدىن بېشارەت»، «پاك ئىرەندىلا» قاتارلىق توپلاملىرى ئارقا-ئارقىدىن نەشر قىلىندى، 1981-يىلى نەشر قىلىنغان «ئۆلۈمدىن بېشارەت» ناملىق كىتابى مىليون تىراژدا بېسىلىپ، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بازىرى ئىتتىك كىتاب بولۇپ قالدى.

1982-يىلى ماركوس نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. باھالاش ھەيئىتى ئۇنىڭ «خىيال بىلەن رېئاللىقنى يۇغۇرۇپ، پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ تەقدىرى ۋە زىددىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن» لىكىنى مەدھىيىلىدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مېنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىشىم ئاشۇ زېمىننىڭ ئۆزىگە خاس رېئاللىقىنىڭ ھەمدە ئاشۇ رېئاللىقتىن ھاسىل بولغان ئىجادىيەت مەنبەسىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى بولدى، دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا بولغان ھېسسىياتىدا مۇھەببەت ھەم نەپرەت گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ زېمىندا نەچچە ئەسىردىن بۇيان ھۆكۈم سۈرگەن ئىچكى ئۇرۇش، سىياسىي ئۆزگىرىش، قىرغىنچىلىق، ئىستىبداتلارنىڭ غالجىرانە ھەرىكەتلىرى، خەلق ئاممىسىنىڭ زۇلۇم دەستىدىن ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتقانلىقىدەك رېئاللىق ئۇنىڭ قەلبىگە چىدىغۇسىز ئازاب

ئېلىپ كەلگەن. بىراق، ئۇ خەلقىنىڭ قاتمۇ قات ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد يوقالماي ياشاپ كېلىۋاتقان چەكسىز ھاياتىي كۈچىگە، ئۇلارنىڭ بىھېساب ئەپسانە- رىۋايەت بايلىقىغا، مول ئىجادىيەت ماتېرىيالى مەنبەسىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان. ئۇ ياۋروپالىقلارنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىنى چۈشەنمىگەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ ھەمدە ياۋروپالىقلاردىن ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئاشۇ زېمىندىكى خەلقنى چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە تۈرتكە بولغان كۈچلەرنىڭ بىرى.

مۇكاپاتقا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇنى كىنو ئىشلەشكە تەكلىپ قىلغۇچىلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. ئۇ كىنوچىلىق ساھەسى بىلەن خېلى چوڭقۇر باغلىنىشقا ئىگە. بىراق، بەزىلەر ئۇنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق» رومانىنى كىنو قىلىپ ئىشلىمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇ بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇنداق چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەرنى سېنارىيە قىلىپ ئۆزگەرتىش قىيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەسەرنىڭ ئەسلى قىممىتىنى ۋە قىياپىتىنى يوقىتىپ قويۇپ، كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ھېسسىياتىغا سوغۇق سۇ سېپىشى تۇرغان گەپ. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى كىنو قىلىپ ئىشلىمەكچى بولغان كىشى نىيىتىدىن يانغىنى تۈزۈك.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ يېڭى - يېڭى ئەسەرلەرنى ئۈزلۈكسىز ئېلان قىلدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «چىلى مەخپىي ھەرىكەتتە»، «ئەنسىز يىللاردىكى مۇھەببەت»، «سىرلىق قەلئەدىكى گېنېرال»، «ياقا يۇرتلۇق مېھمان» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى. بۇنىڭ كۆپ قىسمى كىنو ۋە تېلېۋىزىيە فىلمى قىلىپ ئىشلەندى. 1994 - يىلى نەشر قىلىنغان «مۇھەببەت ۋە ئالۋاستى» ناملىق ئەسىرى تەن ئۆلمەيدۇ، دېگەن قاراش بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، بازارغا سېلىنىشى بىلەنلا زىلزىلە پەيدا قىلدى.

ماركوس يېقىندا كارتاخېناغا كۆچۈپ كېلىپ، ئاۋۋالقىدەكلا تاڭ سەھەردىن تارتىپ چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ - تۆتلەرگىچە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇ يەنە ھەرقايسى گېزىتلەرنىڭ تەكلىپى بويىچە ۋاقىت چىقىرىپ مەخسۇس سەھىپە ماقالىسى يېزىپ بېرىۋاتىدۇ.

(«چەت ئەل گېزىت - ژۇرناللىرىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 1- سانىدىن)

غېنى مۇھەممەت تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# ھېمىڭۋاينىڭ مەشھۇر ئەسىرى بىر بېلىقچىنىڭ ياردىمىدە تاماملانغان

گرىگورىئو مول تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسىگە ئىگە بېلىقچى بولۇپ، ھېمىڭۋاينىڭ مەشھۇر ئەسىرى - «بوۋاي ۋە دېڭىز» ئۇنىڭ ئىلھامى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن.

ئىلگىرى ھاۋانادا مىجەزى غەلىتە، پۇشقىقى قىسقىراپ تىزىغا چىقىپ قالغان ئىشتانىنى كىيىۋېلىپ كۈنبويى يالىڭاياغ يۈرىدىغان، ۋىسكى ئىچىشكە ئامراق، قىزلارنى ھەم دېڭىزنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان، خاتىرە دەپتىرىنى ھەر ۋاقىت يېنىدىن ئايرىمايدىغان بىر بوۋاي ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ بېلىقچىلىق قىلىپ تۇرمۇش قامدايدىغان گرىگورىئودىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. بۇ بوۋاي دۇنياغا مەشھۇر ئەدىب ھېمىڭۋاي ئىدى.

بۇ يىل 96 ياشقا كىرگەن گرىگورىئو ھېمىڭۋاي بىلەن بولغان نەچچە ئون يىللىق دوستلۇقىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن 1928 - يىلى دىرېيتوتكا ئارىلىدا ھېمىڭۋاي بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ چاغدا مەن 29 ياش، ئۇ 30 ياشتا ئىدى. ئۇ ماڭا: ‹ساڭا ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى، ھەر ئايدا 400 پېسو ئىش ھەققى ئال، يەنە بىر قۇر كىيىممۇ بېرەي. ئىككىمىز دېڭىزغا بىرلىكتە بارايلى› دېدى.» شۇنداق قىلىپ گرىگورىئو بىلەن ھېمىڭۋاي كۇبا تاشقى دېڭىزىدا 22 يىل بېلىقچىلىق قىلىپ مول تەجرىبىگە ئىگە بولغان.

گرىگورىئو ھېمىڭۋاينىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيدىغان، ئۇنى دادا دەپ چاقىرىدىغان قىزلارنى ھېلىھەم ئېنىق ئەسلىيەلەيدىكەن. بۇ يازغۇچىنىڭ ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىۋېلىپ مەست يۈرىدىغان ھالىتى ئۇنىڭ ئېسىگە چوڭقۇر ئورناپ قالغان.

ھېمىڭۋاي كېيىنكى ۋاقتىدا بىر خىل غەلىتە ئويۇننى ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ گرىگورىئوغا «كېمىگە چىققاندا سەن ھېمىڭۋاي، مەن بولسام بېلىقچى، ھەممىدە سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايمەن، قىرغاققا چىققاندا مەن يازغۇچىغا ئۆزگىرىمەن، سەن بولساڭ ئاۋۋالقىدەك خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكرى قىلىپ ياشايدىغان بېلىقچى بولىسەن» دەيتتى.

گرىگورىئو گەرچە ئېلىپبەنىڭ سۇنۇقىدىن خەۋەرسىز قارا ساۋات ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ھېمىڭۋاينىڭ تۇرمۇشى بىلەن بەش قولدەك تونۇش بولۇپ، «بوۋاي ۋە دېڭىز» ھەققىدە گەپ بولسا، يېقىملىق ھەم تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ كېتىدۇ.

گرىگورىئو مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى كەچتە ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ تىلىنى چاينىغىنىچە ‹ساڭا دەيدىغان بىر ئىش بار› دېدى. ئۇ ھەر قېتىم بىرەر مەسىلىگە يولۇققاندا، گېپىنى شۇنداق باشلايتتى. ئۇ ماڭا ھېلىلا بىر پارچە ئەسىرىنى يېزىپ پۈتتۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ، مېنىڭ كىتابىنىڭ نامىنى يېزىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. ئۇ كىتابتا سۆزلەنگىنى بوۋاي ۋە دېڭىزنىڭ ھېكايىسى ئىدى.»

گرىگورىئو مۇنداق دەيدۇ: «‹بوۋاي ۋە دېڭىز›، ھېمىڭۋاي ئىككىمىزنىڭ ئورتاق ئىجادىيىتى، بىر كۈنى كايوباھاسو دېگەن جايدا بىر بوۋاي بىلەن بىر بالىنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. مەن ھېمىڭۋايغا ئۇلار ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم ۋە ئۇنى نۇرغۇن جايلارغا ئېلىپ باردىم. ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇچۇر - بۇجۇرىغىچە ئېيتىپ بەردىم. ھېمىڭۋاي ئىشتىياق بىلەن ئاڭلاپ تېز - تېز خاتىرىلەپ ماڭاتتى.

گرىگورىئو ھېمىڭۋايغا كىتابنىڭ نامىنى «بالا، بوۋاي ۋە دېڭىز» دەپ قويۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ. ھېمىڭۋاي سوغۇققىنا: «بۇنداق دېسەكمۇ بولغۇدەك، لېكىن سەل ئۇزۇن بولۇپ كەتكەندەك قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. گرىگورىئو يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھېمىڭۋاي ئاشۇ كۈنى كەچتە قولىدىكى ھاراقنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى ھەم شۇنىڭدىن كېيىن ئۈن - تىنسىز يوقاپ كەتتى.»

(«چەت ئەل گېزىت - ژۇرناللىرىدىن تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 2 - سانىدىن)

غېنى مۇھەممەت تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## ئات ئوغرىسىدىن مەشھۇر يازغۇچىلىققىچە

جۇڭگونىڭ مەشھۇر دراماتورگى جياڭ خاۋ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ شارقىراتما نىئاگارا شارقىراتمىسىدا چۈشۈۋاتقان سۇغا قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسە خۇددى چۈشكىلا ئوخشايتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگو مەدەنىيەت ئەلچىسى سۈپىتىدە ۋەتەنىدىن تولىمۇ يىراقتىكى كاناداغا كېلىپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا يايلاقتا ئاچ قېلىپ، نەچچە قېتىملاپ جان تالاشقان، تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن كىچىك باندىت ۋە مەھبۇس بولغان جياڭ خاۋ بۇنى قانداقمۇ خىيالىغا كەلتۈرەلىسۇن؟

جياڭ خاۋ 11 ياش چاغدا ئاتا - ئانىسى نىكاھتىن ئاجرىشىپ كەتكەن. بېكىنمە، قالاق ھالەتتىكى يايلاقتا بۇ ناھايىتى سەت ئىش سانىلاتتى. ئۇ جىمى ئاچلىق ۋە ئازابقا بەرداشلىق بېرەلەيتتى، ئەمما كىشىلەرنىڭ زاڭلىق - مەسخىرە قىلىشىغا چىداپ تۇرالمايتتى. ئاتا - ئانىسىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتىشى ئۇنىڭ يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانىدى.

گۇدەك جياڭ خاۋ ئات ئوغرىلىرىنىڭ شېرىكى بولۇپ قالغان. ئۇ چاققان، زېرەك بولغاچقا، ھەمىشە «ئولجا» ئېلىپ كېلەتتى. ئات ئوغرىلىرى «كۆپ خىل ئىگىلىك» نى ئۆگىنىۋېلىپ، كېيىن ئوغرىلاشقا باشلىغان. ئۇلار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قەبرىسىدىن ئاخىرەتلىك بۇيۇملارنى ئوغرىلاپ، كېرەكسىز بۇيۇملارنى سېتىۋېلىش پونكىتىغا ئاپىرىپ ئەسكى مىس ئورنىدا ساتاتتى. بۇ «ئەسكى مىس» لارنىڭ بەك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى سېتىۋېلىش پونكىتىدىكىلەر بىلەتتى. بۇ ئىشتىن ناھايىتى تېزلا ج خ ئورۇنلىرى خەۋەر تاپتى. نەتىجىدە كېيىن ئوغرىلىرى بىر - بىرلەپ

تورغا چۈشتى. جياڭ خاۋ بىر يېرىم يىللىق كېسەللىدى. شۇ يىلى ئۇ ئەمدىلا 14 ياشتا ئىدى.

ئۇسمۈر جىيايەتچىلىك ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان جياڭ خاۋ خورچىن يايلىقىدىكى بىر مەھەللىگە ئاپىرىۋېتىلدى. بۇ يەردە بېيجىڭلىق نۇرغۇن زىيالىي ياشلار بار ئىدى. ئۇلاردىن «شىنخۇا لۇغىتى» نى ئارىيەتكە ئېلىپ، «تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى» نى سېتىۋېلىپ ئۆگەندى.

ئۇ يەنە شۇ چاغدا «قارا كىتاب» سانىلىدىغان گيوگونىڭ «خارلانغانلار» رومانىنى ئوقۇدى، كىتابتىكى باش قەھرىماننىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرى ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ئۇ ئۆز كەچۈرمىش-لىرىدىن بىر كىتاب يازسىمۇ خېلى قىزىقارلىق چىققۇدەك، دەپ ئويلىدى - دە، بىر تال قېرىنداش تېپىپ، «ئات ئوغرىسى ھەققىدە ھېكايە» نى يازدى. بۇ كېيىنچىرەك 2 مىليون خەتتىن ئارتۇق ئەسەر ئېلان قىلغان مەشھۇر يازغۇچىنىڭ تۇنجى ئەسىرى ئىدى. گەرچە بۇ ئىككى مىڭ نەچچە يۈز خەتلىك ئەسەردە 300 كاتاكچە بوش قالغان ۋە 200 دىن ئارتۇق خەت خاتا يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇ تىنىماي يازدى، تىنىماي ئوقۇدى. 1973 - يىلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ، ئويلىمىغان يەردىن ۋىلايەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشتى. ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىش رەسمىي ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئىچكى موڭغۇل سىفەن داشۆسىنىڭ ئاسپىرانتلىق سىنىپىغا كىردى. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىچكى موڭغۇل كىنو ستۇدىيىسىگە كىرىپ سېنارىست بولدى. شۇنىڭ بىلەن يازغۇچى يىلىغا بىر سېنارىيە ۋە بىر رومان يېزىش سۈرئىتى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىدە ئۇچقاندەك چېپىشقا باشلىدى.

جياڭ خاۋ يازغان فىلىملەرنىڭ خېلى بىر قىسمىدا بۇزۇق كىشىلەر يېزىلغان (كىچىكىدىن تارتىپلا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئات ئوغرىلىرى ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان). «ئات ئوغرىسى»، «غەربكە ماڭغان مەھبۇس ماشىنىسى»، «شىماللىق مەھبۇس»، «قەدىمكى قەبرىدىكى ئەرۋاھ» دېگەنلەرنى ئاڭلىساقلا ئۇنىڭ قانداق ئادەملەرنى يازىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

ئالدىنقى يىلى ئۇ يايلاقتا بېرىپ، كۆپىنچىسى يامان يولدىن قايتىپ توغرا يولغا ماڭغان ئات ئوغرىسى ئاكىلارنى يوقلىدى. بۇرۇنقى ئات ئوغرىلىرى مۇنداق ياراملىق ئىنساننىڭ ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەلگەنلىكە-دىن ھوشىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى، جياڭ خاۋ بولسا يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرنىڭ قىپيالىڭاچ بەدىنىمگە يوتقىنىڭلارنى يېپىپ قويغىنىڭلارنى، يەڭگىلىرىمنىڭ يېرىك قوللىرى بىلەن ئىشتان - كۆڭلىكىمدە لۆمشۈپ يۈرگەن پىتلارنى تېرىۋەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايمەن...»

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

# «پاۋېل» نىڭ ۋەسىيىتى

«پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىنى ئوقۇغان، ھەتتا ئوقۇمىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ كىتابتا مۇنداق بىر سۆزنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ: «كىشى ئۆز ھاياتىنى شۇنداق ئۆتكۈزۈشى كېرەككى، ئۆتكەن ھاياتىنى ئەسلىگىنىدە، يىللار مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىپتۇ، دەپ ئېچىنمايدىغان، تۇرمۇشتا پاكىنا ئىشلارنى قىلىپ قويۇپتىمەن، دەپ يۈرىكى ئۆرتەنمەيدىغان بولسۇن: ئۆلۈش ئالدىدا «مەن پۈتكۈل ھاياتىمنى ۋە كۈچ قۇدرىتىمنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار ئىشقا - پۈتكۈل ئىنسانىيەت- نىڭ ئازادلىقى يولىدىكى كۈرەشكە بېغىشلىدىم، دېيەلىسۇن.» .

ئەسلى ئورىگىنالدا بۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى جۈملىسى «كوممۇنىزم غايىسىگە بېغىشلىدىم» بولۇپ، رومان ئېلان قىلىنىدىغان چاغدا «پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقى يولىدىكى كۈرەشكە بېغىشلىدىم» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. نەتىجىدە بۇ مەشھۇر سۆزنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بولغان قىممىتى تېخىمۇ ئاشقان.

1936 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئاپتور ئوستروۋسكىنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان. ئۇ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئايالىنى يېنىغا چاقىرىپ مۇنداق دېگەن: «ھازىر ساڭا دېمەكچى بولغانلىرىم مېنىڭ تولۇق دېيەلەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى سۆزۈم بولۇشى مۇمكىن. . . مېنىڭ ھاياتىم يامان ئەمەس ئۆتتى. . . ھەممىنى ئۆزۈم قولغا كەلتۈردۈم، قانداقلا نەرسە بولمىسۇن ئاسان قولغا كەلمىدى. مەن ئۆمۈربويى كۈرەش قىلدىم، سەنمۇ بىلىسەن، مەن ئەزەلدىنلا قىيىنچىلىقتا باش ئەگكەن ئەمەس. . . ئوقۇشۇڭنى تاشلاپ قويما، مەلۇماتىڭ بولمىسا ئۆسۈپ يېتىلەلمەيسەن، ئانىلىرىمىزغا ئوبدان قارا. ئىككى موماي ئۆمۈر بويى غېمىمىزنى يېدى. . . بىز ئۇلارغا ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى كۆپ قەرزدار... ئۇلارنىڭ قەرزىنى ئاقلاشقا ئۈلگۈرەلمىدۇق. ئاپاڭغا ئوبدان قارىغىن. . »

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ ھوشىدىن كەتكەن. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن مۇنداق دېگەن:

-مەن ئېگىرىدىممۇ؟

- ياق. . .

- قارا، ئەزرائىل ماڭا يېقىنلاشتى، ئەمما مەن ئۇنىڭغا تىز پۈكمىدىم.

ئۇ يەنە بىر قېتىم ھوشىدىن كېتىپ قايتا ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن يەنە سورىدى.

-مەن ئېگىرىدىممۇ؟

- ياق.

-ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، بۇ ئەزرائىلنىڭ مېنى ھېچنېمە قىلالمىغىنىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇ يەنە ھوشىدىن كېتىپ، قايتا ھوشىغا كېلەلمىگەن.

1936 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئەمدىلا 32 ياشقا كىرگەن ئوستروۋسكى موسكۋادىكى ئۆيىدە ۋاپات بولغان. «پاۋېل» ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى ۋە ساپ مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ، يۇقىرىقى ۋەسىيەتنى قالدۇرغان.

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

# كۆرسانتلار ئەسەرلىرىدىن

توختاشگۈل ئۆمەر

## «مېھرىبان» ئايال

(ھېكايە)

بەدىنۇر ئېغىر سومكىسىنى ئاران كۆتۈرۈپ، ئىككى بالىسىنى ئالدىغا سالغىنىچە ئاپتوبۇسقا چىقتى - دە، ئادەملەر ۋە ئېغىر سومكىلار ئىگىلىگەن ئورۇندۇقلار ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، ئاپتوبۇسنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن تاپتى. ئۇ ئىككى بالىسىنى تىزىغا يۆلىگىنىچە تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن چېكە چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇردى.

-يىراق جايغا بارىدىغان ئوخشىمامسىز؟

ئۇ تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئالدىغا قارىدى. ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان يارىشىملىق كىيىنگەن، خۇشپىچىم ئايال ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋاتاتتى.

- ھەئە، يۇرتقا تۇغقان يوقلاپ ماڭغان،- بەدىنۇر سەپەر مەقسىتىنى ئايالغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

-ۋاي، بەك ياخشى بولدى، يولىمىز بىر ئىكەن، - ئۇنىڭ گېپى تۈگىمىگە ئايال ئۇنىڭ قوللىرىنى سىقتى، - ئەمدى يولبويى زېرىكمەيدىغان بولدۇق، ئەكېلىڭ بىر بالىنى مەن ئالاي، ئىسسىقتا تەرلەپ كېتىپسىز.

ئايال بەدىنۇرنىڭ كىچىك ئوغلىنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ يەلپۈگەچ، سومكىسىدىن تاتلىق - تۈرۈملەرنى ئېلىپ بالىلارغا بەردى. ناتونۇش ئايالنىڭ بۇ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن بەدىنۇرنىڭ دىلى سۆيۈنۈپ، كۆڭلىدىكى سەپەر جەريانىدا جاپا تارتىم قالارمەنمۇ، دېگەن غەم - ئەندىشە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇلار بىردەمدىلا يېقىن تۇغقانلاردەك چىقىشىپ كەتتى. ئاپتوبۇس ھەر قېتىم توختىغاندا ئايال بالىلارغا ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بېرىپ تۇردى.

-ئاچا، ھېلىمۇ كۆپ ئاۋارە بولدىڭىز، بولدى ئەمدى، - خىجالەت بولغان بەدىنۇر بالىلارغا گازلىق سۇ ئېلىۋاتقان ئايالنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

- مېنى تېخىچىلا يات كۆرۈۋاتامسىز؟ بۇنداق گەپلەرنى قىلسىڭىز رەنجىپ قالىمەن جۇمۇ، - ئايال بەدىنۇرنىڭ قوللىرىنى ئىتتەردى.

سەپەر ئۈستىدىكى بۇنداق مېھرىبانلىق ھەر قانداق ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدۇ، ئەلۋەتتە. بەدىنۇرنىڭ ئۇ ئايالغا بولغان ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئېشىشقا باشلىدى. «ئەجەپ ئوبدان ئايالكەن، ئۇ بولغاچقا يولدا ھېچقانچە جاپا تارتمىدىم، خۇدا بۇيرىسا يۇرتقا بارغاندا ئۆيدە ئوبدان مېھمان قىلىپ رازى قىلاي» ئۇ كېتىۋېتىپ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

كەچ كىردى. ئۇلار ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ھېلىقى ئايالنىڭ باشلىشى بىلەن شەھەر سىرتىغىراق جايلاشقان ئاددىي بىر ئۆتەڭگە كەلدى، كۈنبويى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغاچقا ھەممىسىلا چارچىغان ئىدى، شۇڭا قورساقلىرىنى ئاز - تولا ئەستەرلىۋېلىپلا كارىۋاتقا قىڭغايدى.

- ئالتۇن - زىبۇ - زىننەتلىرىڭىزنى ياستۇقىڭىزنىڭ ئاستىغا بېسىۋېلىڭ، بۇ جايلاردا ئوغرى - يالغان كۆپ، - ئايال شۇنداق دېگەچ ئۆزىنىڭ ھالقا، ئۈزۈكلىرىنى چىقىرىپ ياستۇق ئاستىغا ئاۋايلاپ بېسىپ قويدى.

«راست ئېيتىدۇ، - دەپ ئويلىدى بەدىنۇر، - ھەر ھالدا پەخەس بولغان ياخشى». ئۇ ھالقا، ئۈزۈكلىرىنى قولياغلىققا ئوراپ، ياستۇقنىڭ ئاستىغا باستۇردى.

بەدىنۇر ئويغانغاندا، ھېلىقى ئايال كارىۋىتىدا يوق تۇراتتى. «ساھەر ئويغىنىپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان بەدىنۇر كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىپ بولۇپ باللىرىنى تۇرغۇزۇپ خېلى ئۇزاق ساقلىغان بولسىمۇ ھەمراھى قايتىپ كىرمىدى، ئاپلا، ئاپتوبۇسقا كېچىكىپ قالمىسا بولاتتى، دەپ ئويلايتتى بەدىنۇر جىددىيلىشىپ. شۇ چاغدىلا ئۇ ئايالنىڭ چامادانىنىڭ قويغان جايدا يوق ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى چاقىرمايلا چىقىپ كەتكىنىگە ھەيران بولۇپ، تېزرەك مېڭىش ئۈچۈن ياستۇق ئاستىغا قول ئۇزاتتى. زىننەت بۇيۇملىرى ئورالغان قولياغلىق قولىغا ئۇرۇلمىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى بىر ئىشنى سەزگەندەك بولدى - دە، ئورۇن - كۆرپىلەرنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ باشقىدىن ئاختۇردى. قولياغلىقنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

- ئالدامچى ئوغرى، ساختىپەز! - بەدىنۇر نېمە قىلارىنى بىلمەي ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەلەملىك ئۇھ تارتقىنىچە تۇرۇپلا قالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئايىمنسا مەتسالى

## ھايات مەنتىقىسى

(نەسىر)

ئاھ ھايات، قىسمەتلىرىڭ نېمانچە سىرلىق، ھايات كەچمىشلىرىمنى ئويلىسام بەزىدە كۈلگۈم كېلىدۇ، بەزىدە بۇقۇلداپ يىغلىغۇم كېلىدۇ. يەنە بەزى ۋاقىتلاردا جاھاندىكى ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلماي، ئۇن - تىنسىز يۈرگۈم كېلىدۇ. ئېھ ھايات، سەن

نەقەدەر چۈشىنىكسىز-ھە؟! ئىنساننى بەزىدە كۈلدۈرۈپ، بەزىدە يىغلىتىش بەلكىم سېنىڭ مەنتىقەڭدۇر. مېنى بەختىنىڭ ئىللىق قۇچىقىدا ئەللەيلىتىپ، شېرىن، «چۈش» لەر بىلەن كۈلدۈرۈپ، خۇشاللىق دەريالىرىدا يايرىتىپ، خۇشپۇراق گۈللەردەك ياشناتقان چاغلىرىڭدا سەندىن ئاجايىپ رازى بولىمەن، سۆيۈنىمەن. ھايات نېمىدېگەن گۈزەل، كىشىلىك دۇنيا، تۇرمۇش نېمىدېگەن گۈزەل! - دەپ بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىغۇم كېلىدۇ. تۇرۇپلا مېنى ھەسرەت - نادامەتنىڭ چوڭقۇر پاتقاقلىرىغا پاتقۇزۇپ، ئازاب - ئوقۇبەت دېڭىزىغا تاشلايسەن، بۇنداق چاغلاردا سەندىن زارلىنىمەن، ھايات نەقەدەر قورقۇنچلۇق، دەپ ئۈمىدسىزلىنىمەن.

مۇشۇ تەرىقىدە خېلى كۆپ يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئەمدىلەتىن ئەقلىمنى تېپىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىغىنىمدا، بۇ قاراشلىرىم پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ چىقتى. ئەسلىدە ھايات قورقۇنچلۇق ئەمەس، ھاياتتىكى كىشىلەر قورقۇنچلۇق ئىكەن. ئىنسان ھەر قانداق شەيئىگە ئەقىل كۆزى بىلەن قاراپ، ئادىل مۇئامىلە قىلىشى، بەختكە ئېرىشكەندە ئارتۇقچە مەست بولۇپ ھاياجانلىنىپ كەتمەي، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئۆزىنى يوقىتىپ تەلۋىلەرچە ۋايساپ يۈرمەي، ھەر قانداق چاغدا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن ياشاشنى ئۆگىنىشى لازىمكەن. شۇنداق قىلغاندىلا، ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى تونۇپ يەتكىلى بولىدىكەن.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ھېكماخۇن مەمەت

## ئالتۇندەك باغرىڭدا ياتىمەن خۇشال

ئۇلۇغ سەن ئەي ئانا، مېھرىڭ بىر دېڭىز،
ئوغلۇڭمەن، ئالەمدە گۈل ئاچتى ھايات.
يىلتىزىم سېنىڭدىن ئەمگەكچە قۇياش،
تورىنى يايالماس ئالدىمدا مامات.

مايساڭمەن، نوتاڭمەن، مەڭگۈ ياش-يۇمران،
كۆتۈرگەن مۇز تاجلىق چوققىلاردا باش.
سەن بەرگەن سۆيگۈ بار تومۇرلىرىمدا،
تەگسە ئۇ سۇ بولار تاغلاردىكى تاش.

كۆيلىرىم باشلىنار بەختىڭدىن ھامان،
ياشاشقا رىغبەتلەر ئالدىم سېنىڭدىن.
ئوقۇمسەن، دەۋرى قىپ تۇرىمەن سېنى،
ئۈزۈلگەن تامچىمەن ئەزىز تېنىڭدىن.

ئۇلۇغسەن، بۈيۈكسەن ئەي ئانا تۇپراق،
ئۆستۈردۈڭ ئەزىزلەپ، سۆيۈپ، پەپىلەپ.
كۆز يۇمسام باغرىڭدا ياتىمەن خۇشال،
شوخلۇق قىپ، ئەزۋەيلەپ،
قۇۋناپ، ئەركىلەپ.

سالامەت توختى

## ئادرېس

رەنجىمىگىن، سورىمىدىڭ دەپ،
ئادرېسىمنى بىرەربۇ قېتىم.
چۈنكى ئۇنى ئېيتقانتى ماڭا
تىۋشىغىدىن تۆرەلگەن رىتىم.

دىلشات مۇھەممەتنىياز

## رۇبائىيلار

بىلىمدىن قىممەتلىك ئەمەستۇر بايلىق،
باشقىنىڭ ھەممىسى يىللىق يا ئايلىق.
گىدەيمە، بايمەن دەپ مۇشتلاپ مەيدەڭگە.
بىلىپ قال، يامىنى روھىي گادايلىق.

بەزىلەر ئارمانلىق، دەرمانسىز بىراق،
مېڭىشنى تەس بىلىپ، دەيدۇ يول يىراق.
دېمەكى بولمىسا ئۇلاردا سۇبات،
كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتمەكچى قانداق! ؟

خەلچىگۈل ئەھەد

## قايتۇر يىللار باللىقىمنى

مەن كېپىنەك قوغلىغان دالا
چېچەكلەرنى تۆرار يېيىتىپ.
كۆز ئۆزمەستىن تۇرىمەن قاراپ،
قويغىنىمچە يېنىك خورسىنىپ.

قاچانلاردا پەيدا بولغانكىن
قەلبىمدىكى شۇ جۇشقۇن ناخشا.
مەن ئۆتمۈشكە قايتقان ئاشۇ دەم
كېتىپ قالدى يىراققا ئاستا.

كېلەلمىدى تەشۋىشلەر يېقىن
چىقارغاندەك مېنى يادىدىن.
گۆدەك كەبى كۈلدۈم ژىلىقلاپ،
كېپىنەكلەر قوغلاپ قايتىدىن.

نېمە بەردىڭ ماڭا ئەي يىللار
تارتىۋېلىپ سەبىي شوخلۇقنى.
كۆمۈپ قويۇپ شۇنچىلىك ئۇماق
چېپىپ يۈرگەن يولى قۇتلۇقنى.

يەنە ھەسرەت چەكمىسۇن دىلىم،
قايتۇر ماڭا باللىقىمنى.
يا ئالغاچ كەت رەھىمسىز يىللار
ۋۇجۇدتىكى چاللىقىمنى.

**مەمتىمىن ئابلىز**

## رۇبائىي ۋە پارچە

مۇنت كەبى پاك بولسۇن ھەر دىل، ھەر يۈرەك،
نە كېرەك، ئارمانسىز ئىنسان بوپ يۈرمەك.
بۇ گۈزەل مۇقەددەس ئانا تۇپراقتا،
مەرد ئوغلان، ئاتەشتەك كۆيگەنلەر كېرەك.

مېھنىتىم ئۈچسىمۇ بوراندا گاھى،
تۇغۇلغان يېرىمگە سىڭدى كۈمۈش تەر.
زېمىنىمنىڭ تەكتىدىن كېلەر بىر سادا:
ياپرىقىمنىڭ دىلرەبا،
يىلتىزىمنىڭ گۆھەر.

**ھېيت رەھىم**

## تۇن

1

قارا پەرەنجە
تاشلىناتتى زېمىن ئۈستىگە.
سۈكۈناتتا
بىردەم بۇ ھايات
ئۇخلىماقتا ھارغىنلىق سېزىپ.

2

ھۇجرىدىكى
مامۇق ياستۇقتا
دېرىزىدىن كىرەر ئاي نۇرى
سېغىنىشنى ئېلىپ بىر قولتۇق...

3

تال-تال كىرپىكلەر
چېچىلاتتى يۇلتۇزلار ئارا.
كېلەتتى ئاستا
ئۇيقۇسىرىغان بۇلاق كۆزلەرنىڭ
چوڭقۇرلۇقىغا يىقىلىپ ئاسمان.
جۇپلەشمەس تاكى تاڭغىچە
نەملەشكەن كىرپىكلەر تال-تال...

**ئايگۈل تۇرسۇن**

## «تارىم» بەرگەن ئىلھاملار

ئوقۇسام «تارىم»نى زوقۇم كېلىدۇ،
ئىجادتىن خۇش پۇراق تارالاتتانلارغا.
«تارىم»نىڭ ھەر قۇرى مەن ئۈچۈن گۆھەر،
تىڭشىدىم گۈزەللىك يارىتالانلارغا.

گۈزەللىك كۈيچىسى بۇلبۇلدەك شائىر
قويىدۇ يۈرەككە ئىشتىياق، ئىلھام.
بىتاقەت بۇدىللار تاپىدۇ تەسكىن،
تەڭداشسىز سەتىرلەر ئۇزاتقاندا جام.

«تارىم»نى ئۆلغايتقان، دەۋرەتكەن پۈتۈن
پىداكار جانلارغا ئىھتىرامىم زور.
مەن كۈلسەم ھېكمەتتىن مىنىڭ بۇ كۈلكەم
تۆيۈلار ئۇلارغا چەكسىز بىر ھۆزۈر.

قاي كۆچەت پەرۋىشسىز بەرگەنتى مېۋە،
قايسى قۇر ئۆتمىگەن ئۇلار قولىدىن.
قاي گۆھەر چىقمىغان قاپقارا تاشتىن،
نۇر ئاقار ئۇلارنىڭ يۈرگەن يولىدىن.

ئىبە «تارىم»، ھېممىتىڭ چەكسىز بىر ئىقىن،
تېخىمۇ دولقۇنلاپ، كۆۋەجەپ ئاققىن.
سەن ھېكمەت چاقنىغان يۇلتۇزلۇق ئاسمان.
چاڭقىغان دىللارغا تېخىمۇ ياققىن.

سابىرجان سېيىت

## ئالەمدە ياشايمىز قوۋناق ۋە خۇشال

ئىزغىرىن شامالالار مۆكتى نەگىدۇر،
ئىچىلدى كۆكتە كۈن ياقۇتتەك سۈزۈك.
كەل نىگار سۆرەيلى ھايات پەيزىنى،
ناخشىلار تۇۋلىشىپ قانغۇدەك تۈزۈك.

يۈرەكتىن ئۇخچىغان جۇشقۇن سادالار
ياڭراسۇن تاغلارنى، باغلارنى كېزىپ،
دىلكەشلىك شەرىپى قوشسۇن يۇلتۇزغا،
بىز قويغان ئۇنىڭغا سۆيگۈنى كېزىپ.

ئالەمدە ياشايمىز قوۋناق ۋە خۇشال،
دىللارغا ئۇيۇقتەك دىللارنى يىقىپ.
ياشايمىز ھىجران ۋە ۋىسال ئىچىدە،
شۇ ھالال ئەجرىمىز قەتتىنى چېقىپ.

ئۆمەرجان ئاقۇپ

## يامغۇرغىمۇ ئايلاندىم شۇ تاپ

بولسا مەندە يامغۇرچە خىسلەت،
بۇلۇتلارنىڭ قېتىغا كىرسەم.
چاقسا چېقىن ئەرشتە دەھشەت،
گۈل-چېچەكنىڭ بەرگىگە چۈشسەم.

گاھى باقساڭ ساماغا ئاستا،
كۆزلىرىڭنىڭ سەتھىگە چۈشسەم.
تويغۇلىرىم شېرىندۇر ئەجەب،
كۈندىن-كۈنگە ئاشتى ھەسسىلەپ.

تۇيغۇلارنى تۇيغاندەك بۇلۇت،
كەلدى ماڭا تېخىمۇ پەسلەپ.
يامغۇرغىمۇ ئايلاندىم شۇتاپ
گۈل لېۋىگە چۈشۈشنى ئەسلەپ.

ماخمۇت سەلەي

## سادا

قايدىن كېلەرمەن-قايدىن كېلەرمەن،
تومۇز قايىنىغان سايدىن كېلەرمەن.
ئۈستىمدە ئاسمان، ئاستىمدا زېمىن،
ئوتتۇرىسى پىنھان جايدىن كېلەرمەن.
ئېپكەتتە گۈگۈم غەرب تامانغا
يەنە شەرقتىن قايتىپ كېلەرمەن.
جىلغۇ، قىلغان نۇر، بوستانلار ئارا،
بۇلاق ئىچىدىن -ئايدىن كېلەرمەن.

نۇرمەھەممەت ياسىن ئۆركىشى

## سېنتەبرگە خەت

لەيلەپ يۈرگەن چۈشلىرىم ئوماق،
چىشلەپ كېلەر يېشىل يوپۇرماق.
دېرىزەمدە ئۆتكۈنچى دۇنيا،
پىچىرلايدۇ ئۇزاق بەك ئۇزاق.

كەچ كۈزدىكى مۇلايىم سۆيگۈ
چۈشەنمەيدۇ ئېيتقان ناخشامنى.
يىراقلارغا سوزۇلغان كۈيدەك،
پەرلەپ قويار غوۋا بىر شامنى.

كەچ كۈزدىكى ئۇياتچان كېچە
ئوقۇمايدۇ بۈگۈن خېتىمنى.
يىراقلارغا بېقىپ جىمجىتلا
قەيەردىدۇر كۈتەر بىر كىمنى.

كۆرۈنمەيدۇ بۇ يەردە ھېچكىم،
سۇر تارتار ئادەمسىز بېكەت.
كىرىپ كېلەر ئاستا مەلىگە.
سېنتەبرگە يازغان سالام خەت.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت

## قىسقا ئۇچۇرلار

△ 1995 - يىلى مەملىكىتىمىزدە ئەسەر ھوقۇقىنى تىزىملاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. مەملىكەت
بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئەسەر ھوقۇقىنى ئىختىيارىي تىزىملىتىش مۇراسىمى بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلدى. ياش
يازغۇچى ۋۇ خېيىمىننىڭ «دېڭىز قاراقچىلىرىنى سوراق قىلىش» ناملىق بىئوگرافىيلىك رومانىنىڭ نەشىر
ھوقۇقى ئىلتىماسى بېيجىڭ شەھەرلىك ئەسەر ھوقۇقى ئىدارىسى تەرىپىدىن بىرىنچى بولۇپ تىزىمغا
ئېلىندى.

△ بۇ يىل «ھېكايىلەر ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ تىراژى كۆرۈنەرلىك ئاشقان، يەنى 1994- يىل بىلەن
سېلىشتۇرغاندا 30% ئاشقان.

△ كارخانىلار ئىتتىپاقى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. يېقىندا
شەندۇڭ نىڭيالڭ دېھقانچىلىق دورا زاۋۇتى بىلەن «يازغۇچىلار گېزىتى» رەسمىي توختام تۈزدى. شەندۇڭ
ئۆلكىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەۋەلىكىدىكى بەش ئەدەبىي گېزىت- ژۇرنال كارخانىلارنىڭ ياردىمىگە
ئېرىشتى. كەسىپ ئەھلىلىرى بۇ قېتىم شەندۇڭ نىڭيالڭ دېھقانچىلىق دورا زاۋۇتى بىلەن «يازغۇچىلار
گېزىتى» نىڭ ھەمكارلىشىپ گېزىت چىقىرىش توختامنامىسى تۈزگەنلىكى شەندۇڭ كارخانىچىلىرىنىڭ
مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۈسۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قاراشتى.

△ ئامېرىكا ئاخبارات باش مەھكىمىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن جۇڭگولۇق ئايال يازغۇچى جوۋجې
ۋاشىنگتون، نيۇ يورك قاتارلىق شەھەرلەردە بىر ئايدىن ئارتۇق زىيارەتتە بولدى.

△ تالڭ داچىڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو يازغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى تەكلىپ بىلەن بۇ يىل 1 - ئايدا
ھىندىستاندا دوستانە زىيارەتتە بولدى.

△ سىرىلانكا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە خەلق يازغۇچىسى چېن شەننىڭ تەكلىپى بىلەن ۋۇ تەيچىڭ
باشچىلىقىدىكى جۇڭگو يازغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ يىل 2 - ئايدا سىرىلانكىدا دوستانە زىيارەتتە بولدى.


△ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى گۇاڭدۇڭ رومانچىلىقىدا مۇكاپاتلاشنى يولغا
قويغانلىقىنى جاكارلىدى. يالڭ گەنخۇا، ليۇ سىفېن، يۇسۇڭېن قاتارلىقلار مۇكاپاتلاندى. مۇكاپاتلاش
دائىرىسىگە 1990 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە گۇاڭدۇڭ يازغۇچىلىرى ئىجاد قىلغان رومانلار كىرىدۇ.

△ خېيلۇڭجىياڭ ئۆلكىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى داچىڭ نېفىت باشقۇرۇش
ئىدارىسى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن داچىڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇدۇق بۇرغىلاش
2 - شىركىتى ھۆددىگە ئالغان خېيلۇڭجىياڭ ئۆلكىلىك كارخانىچىلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى قەلەمكەشلەر
يىغىنى تۆمۈر ئادەمنىڭ يۇرتى داچىڭ بەيشاڭدا تەنتەنە بىلەن ئېچىلدى.

△ ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى خەنزۇ قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى يالڭ خۇاشا خانىم
باشچىلىقىدىكى يەتتە كىشىلىك ئۆمەك گەنسۇدا زىيارەتتە بولدى.

△ شەندۇڭ ئۆلكە زاۋ جۇاڭ شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى زاۋ جۇاڭ شەھىرىنىڭ ئىجادىيەت
ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، يازغۇچىلارنى ئەدەبىيات ئۇچۇرلىرىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىش، ئۇلارنىڭ
نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، يېقىندا شەھەرلىك يازغۇچىلار
جەمئىيىتى ئەزالىرىنىڭ «يازغۇچىلار گېزىتى» گە يېزىلىشىغا مەبلەغ ئاجراتتى.

يۇلتۇز تېيىپجان تەرجىمىسى



دېهقان هويلىسىدا




ئىلىدىكى كۆكۈللۈك سەيلە



نېفىتلىكتىكى ھەۋەسكار-
لار بىلەن

س. سايىم، ت، مەتنىياز، ئا. ئىسمايىللار فوتوسى




تارىم

《塔里木》文学月刊（维吾尔文） TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：《新疆日报》社印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅零售：各地邮局所

1995 ـ يىل 7 ـ سان (413 ـ سان)، 45 ـ يىل نەشرى
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4816214)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا
بېسىلدى، ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国际标准刊号：ISSN 1002 — 9044
国内同一刊号：CN 65 — 1010／I
国外代号：M 4461
邮发代号：58－66 定价：2.40元
邮政编码：830000

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1002 — 9044
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى: CN 65 — 1010／I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66 ـ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 2.40 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830000



广告许可证：新工商广字01005419号